# يىپەك يولىدىكى 99 سىر

ئاپتورى: چيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ھوشۇر
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئىبلى

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 553 40 92
Zeytinburnu – İstanbul

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1986 - يىل، ئۈرۈمچى

بۇ كىتاب تيەنجىن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، تيەنجىن 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据天津人民出版社一九八一年七月第一版第一次印刷本翻译出版。

**يىپەك يولىدىكى 99 سىر**

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورو)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 10
1986 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-0040-3/K-8
كىتاب نومۇرى: M11124·18
سانى: 8151—12200
باھاسى: 0·90 يۈەن

# شەرق — غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يورۇتۇپ تۇرغان مۇھىم ئەسەر

ئۆتتەك قىسىپ تۇرغان تەكلىماكان قۇملۇقى، خەتەرلىك پامىر ئېگىزلىكى، كوئېنلۇن تېغى، ھىمالايا تېغى، قاتارلىق چوڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك شارائىتىدا ۋە ھاۋا كىلىماتىدا بۇرۇندىن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يىپەك يولى بىنا بولغاندىن ئېتىبارەن، قانچىلىگەن ئادەمزات بۇ يولنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە جەبىر - جاپا ئىچىدە زار - زار قاقشاپ ھاياتىدىن ئايرىلغان؟

ئۇچار بۇلۇتقا مىنىپ ئاسماننىڭ قەرىدە يىپەك يولىنى كېزىپ چىققان سۇن ۋۇكۇڭ ھامان قەدىمىي كىشىلەرنىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرى. بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسىيا يولىنىڭ پىلانلىنىشى ۋە چوڭ تىپتىكى رېئاكتىۋ ئايروپىلاننىڭ قاتنىشى قەدىمىي كىشىلەرنىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆچمە قۇملۇق تېگىدە غەپلەتتە ياتقان ئەڭ قەدىمىي مەخپىيەتلىكلەرمۇ بارا - بارا تېپىلىۋاتىدۇ.

بۇ كىتاب شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

1. يىپەك يولىنىڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشى — شەرق — غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ نەق مەيدانىغا زىيارەت ........ 6

1. يىپەك يولى دېگەن نېمە، داغدۇغىلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىسپاتى ........ 6

2. بوستانلىق ۋادىلاردا نېمە ئۈچۈن شەھەرلەر بەرپا بولىدۇ ........ 9

3. قۇملۇقتىكى كارۋانلار يىپەك يولىنى قانداق كېزىپ چىققان ........ 12

4. كەڭ يايلاقتىكى ئالتۇن يول دېگەن نېمە ... 15

5. جۇڭگونىڭ غەربتىكى بېيىش — كوئېنلۇننىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 17

6. غەربىي رايوننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى كىم ........ 20

7. كۆچمەنچى تۇرمۇش قانداق پەيدا بولغان ... 23

8. ئاتقا مىنىشنىڭ كەشپ قىلىنىشى نېمىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقتى ........ 26

9. جۇڭگونىڭ رەڭلىك ساپاللىرى ئۇربىنتتىن① كەلگەنمۇ ...... 29
10. سىلىك① ئىشلەپچىقارغۇچى «سىرسىلار» قەيەردە ...... 32
11. جۇڭگولۇقنىڭ كىلىپ چىقىش مەنبەسى ئور- ئىنت دىگەن تەلىماتنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ھەققىدە ئىزدىنىش ...... 35

**2. زور بوشلۇق —— كۆچمە قۇملۇق ئىچكىرىسىدە تارىخ ئىزدەش** ...... 39

12. يىقىنقى زاماندا ئويغانغان يىپەك يولى ... 39
13. ئىكسپىدىتور پرووۋارسكىنىڭ ئۆلۈمى ...... 42
14. خىيالى كۆلى — لوپنۇر مۇنازىرىسىنىڭ باشلىنىشى ...... 45
15. كۆچمە كۆل — لوپنۇر مۇنازىرىسىنىڭ تاسا- دىپىي نەتىجىسى ...... 48
16. رورەن پادىشاھلىقىنىڭ تېپىلىشى ...... 50
17. مىراندىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى قانات- لىق پەرى نىمە ...... 53
18. پىلىچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىش ھىكايىسى— ستىيىننىڭ پائالىيتى (1) ...... 55
19. نىيە ۋە دۇڭخۇاڭنى ئىچىش — ستىيىننىڭ پائالىيتى (2) ...... 58
20. دۇڭخۇاڭشۇناسلىقنىڭ ماكانى ۋە دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرى ...... 61

21. مىڭ ئۆينىڭ سىرى ........................ 64
22. دۇڭخۇاڭ پۇتۇكلىرىنى ساتقان راھىبنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 66
23. داگۇ ئەترىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئېكىسپېدىتسىيىسى ........................ 69
24. بوستانلىقلاردىكى خەلق قانداق ياشىغان؟ ئۇلار قانداق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ...... 72
25. مېرۋ (مەرۋى) شەھىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتى (1) ........................ 75
26. مېرۋ (مەرۋى) شەھىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتى (2) ........................ 79

3. ساياھەتچىلەرنىڭ ئويۇنى — ئۇلار نېمە ئۈچۈن يىپەك يولىنى كېزىپ چىقتى ........................ 84

27. ئادەم سۆڭەكلىرى يىپەك يولىنىڭ بەلگىسى... 84
28. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانى ھەممىدىن بۇرۇن ساياھەت قىلغۇچى كىم ........................ 87
29. تۇلپار تايچىقى جۇڭگوغا قانداق كەلگەن... 90
30. «جاڭ چيەننىڭ يول ئېچىشى» دېگەن نېمە؟ ........................ 93
31. سەركەردە بەن چاۋنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىغا ئېرىشكىلى بولماس» ........................ 94
32. «تۇرنا ناخشىسى» — سىياسىي غەزەللىك

تويى پاجىئەسىگە قىلىنغان شىكايەت ...... 98

33. ۋېنتسىيە سودىگىرىنىڭ ئاجايىپ ساياھىتى ...... 101

34. ماركوپولو يىپەك يولىنى كېزىپ چىقتى ...... 104

35. ماركوپولونىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ...... 107

36. «شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلار خاتىرىسى»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ...... 109

37. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە خرىستىيانىست پادىشاھ جون ئۆتكەنمۇ ...... 112

38. ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ساياھەتچىسى ئىبىن باتتۇتانىڭ سەرگۈزەشتىسى ...... 115

4. ئېتىقاد ۋە گۈزەللىكنىڭ تارقىلىشى — راست ئادەم ۋە راست ئىشلار بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە گاندارا بۇددىزم سەنئىتىدىن بامىيان چوڭ بۇتخانىچە ...... 117

39. بۇددىزم جۇڭگوغا قاچان ۋە قانداق تارقالغان ...... 117

40. راھىب فاشيەن ھىندىستانغا قانداق بارغان ...... 120

41. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 1 (مۇددىئا) ...... 123

42. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 2 (قېچىپ قۇتۇلۇش) ...... 126

43. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 3 (سىرلىق كەچۈرمىش) ...... 129
44. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 4 (قايتىش) ...... 132
45. گاندارا بۇددىزم سەنئىتى قانداق پەيدا بولغان ...... 134
46. گرېك سىماسىدىكى بۇددا ھەيكەللىرى قانداق يارىتىلغان ...... 137
47. ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋىنۇسنىڭ ھەيكىلى قانداق تېپىلدى ...... 138
48. بامىئان چوڭ بۇتىنىڭ يۇرتىدا ...... 141
49. قەدىمىي يادىكارلىق تاشلارغا زىيارەت ...... 143

**5. قەدىمىي جۇڭگودا ئېچىلغان پارس مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى ...... 145**

50. خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەن توغرىسىدا تولۇق ئىزدىنىش ...... 145
51. غەربىي رايون ئۆرپ - ئادەتلىرىنى «يۆتكىگۈچى» سوغدىلار قانداق ئادەملەر ...... 148
52. يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ...... 150
53. جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن زورو ئاستىر دىنى ...... 152
54. جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن خرىستىئان دىنى ...... 155

55. جوزى تەلماتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھالى
دىنى ........................................ 158

56. ئىران مەدەنىيىتى تاك سۇلالىسىنىڭ كىيىم ـ
كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ ئىمارەتلىـ
رىگە قانداق ئومۇملاشقان ........................ 161

57. ئىران ئۇسلۇبىدىكى نەقىش دېگەن نېمە؟... 163

58. سىركچىلىك ۋە توپ ئويىناش نەدىن كېلىپ
چىققان ........................................ 165

59. قەغەز ياساش غەربكە قانداق تارقالغان...... 166

60. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەب
نېمە ........................................ 168

61. ياپونىيىگىچە سوزۇلغان «يىپەك يولى» ئۈسـ
تىدە ئىزدىنىش ........................................ 171

62. نەيلىياڭ چوڭ بۇتى بىلەن جېڭساڭ ئىبادەتـ
خانىسىڭ يىپەك يولى بىلەن قانداق مۇناسـ
ۋىتى بار؟ ........................................ 175

6. يايلاق، بوستانلىق ۋە مۇنبەت داللاردىكى
بەزمە ـــ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقـ
ىدىكى ھەرقايسى ئىمپېرىيەلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە
مۇنقەرز بولۇشى ھەققىدە ئىزدىنىش ............ 178

63. ئارىيانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى نېمە
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ........................ 178

64. ئاتلىق مىللەت سىكىسايلار كىملەر؟ .......... 180
65. ئاتلىق كۆچمەنچىلەر بىلەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار قانداق باشلانغان .............................. 183
66. تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر ئاسىنا قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى تۈركلەر قانداق مىللەت ...... 186
67. گرېكلەشكەن مەدەنىيەت مەركىزى — ئالېكساندرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى .................................... 189
68. يىپەك يولىنى توسۇپ ياتقان غەربىي شىيا دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............................ 192

## 7. ئەرەبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى

7. ئەرەبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى .................... 197
69. ئىسلام دۆلىتىنى باشقۇرۇپ تۇرغان خەلىپە تۈزۈمى قانداق تۈزۈم؟ ........................... 197
70. پېرسىيە ساسانلار سۇلالىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن قانداق يوقىتىلغان ...................... 200
71. سوغدىيانا مەدەنىيىتى بىلەن توخارىستان مەدەنىيىتىنىڭ قانداق پەرقى بار .......... 202
72. قىسقا ئۆمۈرلۈك شەھەر — ئارۋىشىدىنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى ........................ 205
73. يىپەك شەھىرى پاكاندانىڭ خارابىلىققا ئايلىنىشى ........................................... 207

74. قىزىل قۇملۇق ۋە ئەرەب قوشۇنى يىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ — بۇخارا شەھىرى (1) ... 210
75. مۇنقەرز بولۇش — بۇخارا شەھىرى (2) ... 213
76. خۇرافشاھ ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىرى ... 214
77. سەمەرقەنتنىڭ قوغۇشۇن تۇرۇبىلىق سۇ يولى ... 218
78. سوغدىلار نېمە ئۈچۈن ئېچكى تۇرۇش قىلغان ... 221
79. قۇتايبا تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ (1) ... 225
80. قۇتايبا تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ (2) ... 227
81. ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلغان سەمەرقەنتنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى ... 230
82. سوغدى مەدەنىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان بەشكەنت ۋە موك تېغى ھەققىدە رىۋايەت (1) ... 234
83. سوغدى مەدەنىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان بەشكەنت ۋە موك تېغى ھەققىدە رىۋايەت (2) ... 236

8. يىپەك يولدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەت — ئالېكساندىر ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئاياللار دۆلىتىگىچە ... 239

84. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ رىۋايىتى قەدىمىي ياپونىيىگە يېتىپ بارغانمۇ ... 239

85. ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئاياللار دۆلىتىنى ئىستىلا قىلغانمۇ ................ 244
86. رىۋايەتتىكى ئاياللار دۆلىتى قەيەردە ....... 248
87. شەيتان بازار — سۈكۈت سودىدىكى ماللار يىپەك يولىنى گۈللەندۈردىمۇ (1) ........ 252
88. شەيتان بازىرى — سۈكۈت سودىدىكى ماللار يىپەك يولىنى گۈللەندۈردىمۇ (2) ........ 255
89. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (1) ........................... 260
90. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (2) ........................... 263
91. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (3) ........................... 267
92. غار ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقان يىگىتلەر كىملەر .................................... 271
93. غار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان يىگىتلەر تەڭرى تاغ ئېتىكىگە قانداق كېلىپ قالغان ......... 274
9. يىپەك يولىدىكى ئەڭ — ياۋروپا — ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى گىگانت ئادەملەر، گۈزەللەر ۋە شائىرلار .............................................. 278
94. يىپەك يولىدىكى كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان شەھەر قايسى ......................... 278

95. يەپەك يولىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمان كىم ... 282
96. يىپەك يولىدىكى ئەڭ گۈزەل ساھىبجامال
كىم ............................ 286
97. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ ئالىم كىم ...... 289
98. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ شائىر كىم (1)... 293
99. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ شائىر كىم (2)... 297

## كىرىش سۆز

جەننەتكە كىرگەنلەر يىپەك
رەختتىن كىيىم كىيىدۇ

— «قۇرئان»

خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل — جۇڭگونىڭ مىسلىسىز گۈللىنىپ روناق تاپقان دەۋرى ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىز رايونى رىم ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ دەۋردە ھەممە يول رىمغا تۇتىشار ئىكەنمىش. كېيىنچە ئىسلام ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا كىشىنى تەئەججۇپلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندا، چاڭئەننى پايتەخت قىلغان بۈيۈك تاڭ ئىمپېرىيىسى شەرقىي ئاسىيادا گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقان. خەن سۇلالىسى بىلەن رىم، بۈيۈك تاڭ بىلەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك. بۇ ھەم شەرقىي - غەربىي ئىككى ئوكياننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يىپەك يولىنىڭ بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈشىنىڭ سەۋەبى.

جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى يىپەك رەختىنىڭ غەربتىكى ئەڭ چوڭ ئىستېمال رايونى رىمغا ئۈزۈلمەي توشۇپ تۇرۇلغانلىقىدىن بۇ يول يىپەك يولى، دەپ ئاتالغان. بۇ ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ئەلۋەتتە يېقىنقى زاماندىكى ئىش: كىتابىمىزدا دېڭىز يولىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، چاڭئەندىن باشلانغان خېشى كارىدورى، تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىي يولى، سوغدىيانە، ئىران، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنى مەخسۇس ئوبيېكت قىلىپ، تەپسىلات قىلايلى.

يىپەك رەختى چىرايلىق ھەم كىيىم كىيىشكە ھۇزۇر بەرگەچكە، قەدىمدىن ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن. يىپەك يولى ئۇزۇن، خەتەرلىك ۋە ھاۋا كىلىماتى دەھشەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىدىن پات ـ پات توسۇلۇپ قالاتتى. بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى كېزىپ، سانسىزلىغان قوللاردىن ئۆتۈپ، يول بويى ئۇچراپ تۇرىدىغان قاراقچىلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئاندىن مەنزىلگە يەتكەچكە ئۇنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

قىسقىسى، يىپەك يولى ـــ جۇڭگونىڭ يىپەك رەختىنى غەربكە توشۇش يولى، شۇنداقلا پىلىچىلىكنى غەربكە تارقىتىش يولى. مۇنداق بىر رىۋايەت بولغان: تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان خوتەن شاھى بىر قىنىاق ھىيلىسىنى ئويلاپ چىقىپ، ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان جۇڭگولۇق خانىكىسىگە پىلە ئۇرۇقىنى چېچىنىڭ تۈگۈنچىكىگە تىقتۇرۇپ ئەكەلدۈرگەن ئىكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن

لۇ يەرگە يىپەكچىلىك تارقالغانىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا بۇ V ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى ئىش ئىمىش. بۇزۇن ئۆتمەي يىپەكچىلىك تېخنىكىسى پامىر ئېگىزلىكىنى ھالقىپ ئۆتۈپ بوستانلىق ۋادىلارغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. يىپەكچىلىك نىڭ غەربكە تارقىلىشىدا رايون جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن ئەلۋەتتە ئىران ئېگىزلىكى ئەڭ چوڭ رول ئوينىغان. بۇنىڭدا گەپ يوق. مىللەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىران مىللىتى زور رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى سوغدىيانىدىن تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتتى. ھەتتا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە يەتتى.

شەرقىي رىم تارىخشۇناسلىرىنىڭ دېيىشىچە، پادىشاھ يوستىنىئان مىلادى 550 - يىلى ياكى 551 - يىلى سېرىندا①ۋە سېرىس② تىن قايتىپ كەلگەن خرىستىئان موناخىدىن يىپەك ئۇرۇقىنى قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە ئاجايىپ تەكلىپنى ئاڭلىغان، بۇ موناخ ئىككى يىلدىن كېيىن دەرۋەقە يىپەك ئۇرۇقىنى ھاسا تاياقنىڭ مەخپىي تۆشۈكىگە يوشۇرۇپ ئەكەلگەنمىش. شۇندىن ئېتىبارەن يىپەكچىلىك شەرقىي رىم تەۋەسىگە تارقىغانىكەن.

---

① سېرىندا — قەدىمىي يەر ئىسمى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، شەرقىي رىم تارىخىي كىتابلىرىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ ئەتراپلىرى سېرىندا دەپ ئاتالغان.

② سېرىس — قەدىمىي گرېكلار ۋە رىملىقلار ئاسىيادىكى يىپەك ئىشلەيدىغان مىللەتلەرنى شۇنداق ئاتايتتى. كېيىنچە جۇڭگولۇقلار شۇنداق ئاتىلىپ جۇڭگو «سېرىس مەملىكىتى»، جۇڭگولۇقلار «سېرىس»لار دەپ ئاتالغان. «سېرىس» «丝(سى)» نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر تەخمىنەن مىلادى 570 - يىلى ئەرەبىستاندا دۇنياغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا شۇ جايدىمۇ يىپەك رەختى ناھايىتى ئەتىۋارلىق ئىدى. «قۇرئان» نىڭ بىرنەچچە يېرىدە: ساۋابلىق قىلغانلار ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدۇ، يىپەكتىن كىيىم كىيىدۇ، دەپ يېزىلغان. گەرچە پەيغەمبەرنىڭ باشقىلار ھەدىيە قىلغان يىپەك كىيىمنى بولسىمۇ، ئېيتىشلارچە ئۇ پەقەت ئاللاغا تاۋاپ قىلغاندا بىرلا قېتىم كىيگەنمىش.

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، يىپەك رەختنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. ئەرەبلەر زور كۆلەمدە مۇستەبىت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يىپەك يولىنىڭ غەربىي يېرىم قىسمى، تا پامىرنىڭ غەربىيگىچە يەتكۈزىدۇ. تۇرمۇش ھەشەمەتلەشكەنسېرى يىپەك رەختى ئېسىلزادە تۆرىلەر ۋە دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك كىيىم - كېچەككە ئايلىنىپ قالدى. «مىڭ بىر كېچە» دىمۇ پۈزۈر يىپەك كىيىملەر، گىلەم، كۆرپە - چۈشەك، دېرىزە پەردىسى ۋەھاكازالار ھەققىدە تەسۋىرلەر ئاز ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردىن تا يېقىنقى زاماننىڭ باشلىرىغىچە، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى سودا بۇيۇملىرى ئىچىدە يىپەك رەختى ئەڭ مۇھىم تۆت خىل تاۋارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ھەتتا ئىسلام ئەللىرى چەتكە چىقارغان ماللار ئىچىدە خام يىپەك ۋە يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى ھېچ بولمىغاندا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان دېگەن رىۋايەت بار.

يىپەك دېگەن بۇ سۆز، ئەرەبچىدە «خالىر»، پارسچىدا

«گاز»، «گارس» دېپ ئاتىلىدۇ. شۇنىسى، بۇ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىپەك يولى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە نۇرغۇن سىر تېخى يېشىلمىدى. يىپەك يولىدا دىن، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىدېئولوگىيە، رىۋايەت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بولغانلىقى گەرچە بىزگە مەلۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە يېشىلگەن سىر زادى قانچىلىك؟ مەزكۇر كىتاب مانا بۇ سىر دېڭىزىغا تاشلانغان بىر تال ئىزدىنىش يىپى.

**چېندۈاۋ شىنىسى**

1987 - يىل 10 - ئاي

# يىپەك يولىنىڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشى — شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ نەق مەيدانىغا زىيارەت

## 1. يىپەك يولى دېگەن نېمە، داغدۇغىلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىسپاتى

بىپايان ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا، شەرقتىن ەربكە تۇتىشىدىغان بىرنەچچە يول بار. بۇ يوللار پىژ - ىژ ئىسسىپ تۇرىدىغان كۆچمە قۇملۇقلارنى، قەھرىتان وغۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەگرى - توقاي تاغ - چوققىلارنى ھالقىپ ئۆتىدۇ. بىز بۇ يولنى «يىپەك يولى» ەپ ئاتايمىز.

بۇ ئىسىم گويا نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن اسىل بولغان موكىدەك توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ، توقۇپ چىققان شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم زەربابىنىڭ سىمۋولىدۇر. بەئەينى مىڭ بىر كېچە» دىكى ئاق كۆڭۈل مەشھۇر ئەلى بابا:

«سىم ـ سىم ئىشىكنى ئاچ» دېيىشى بىلەنلا نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەندەك، بىزمۇ يىپەك يولىنى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىچكى قۇرۇقلۇق تېكىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەڭ قەدىمىي تارىختىن ۋاقىپ بولالايمىز. شۇ يوسۇندا، ئادەملەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى ھېسسىياتى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە بەرباد بولۇشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ مۇشەققەتلىك قەدەملىرىنى، بىباھا بۇيۇملارنى توشۇغان كارۋانلار، ئاتلىق كۆچمەنچىلەر، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ باش رولىدا ئورۇنلانغان تارىخىي دراممىلار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىشق ـ مۇھەببەت، ھەققانىيلىق، كۈرەش ـ شىجائەت، ئارزۇ ـ تىلەك، ئىنتىلىشلەر، تەۋەككۈلچىلىكلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. قېنى، ئەمدى بىز قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ كېلىۋاتقان «يىپەك يولى»غا بولغان ساياھىتىمىزنى باشلىۋېتەيلى!

بۇ يولغا نام قويغۇچى، يەنى ئەڭ ئاۋۋال «يىپەك يولى» دېگەن بۇ سۆزنى قوللانغۇچى، گېرمانىيىلىك مەشھۇر گېئوگراف رىچخوفېن (1833 — 1905). يىپەك شۈبھىسىزكى، شەرق ـ غەرب سودىسىدىكى بىر تەرەپنىڭ بازار تاپقان مېلى. يەنى جۇڭگونىڭ مۇھىم سودا بۇيۇمى. رىچخوفېن غەربىي رايوندا يىپەك توشۇپ يۈرگەن كارۋانلار بېسىپ ئۆتكەن يولغا قارىتىپ بۇ سۆزنى قوللانغان. كېيىن، شۋېتسىيە ساياھەتچىسى سۋېن ھېدىن (1865 — 1952)، ئەنگلىيىلىك ستېيىن (1862 — 1943) ۋە باشقا كىشىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، «يىپەك

لى» نىڭ جۇڭگودىن غەربىي رايونىدىكى بوستانلىق
لارغا سوزۇلغان، ئىران ئېگىزلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ
ۆپ، ئىراقتىن سۈرىيىگە بېرىپ ئاندىن دېڭىز يولى ياكى
ۇقلۇق يولى ئارقىلىق رىمغا بارىدىغان بارلىق سودا
ىرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ھازىر
پەك يولى»نىڭ ئۇقۇمى تېخىمۇ كېڭەيدى، بەزىلەر
تا ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي
ىپىدىكى يايلاق يولى ۋە جەنۇبىي دېڭىزدىكى سۇ يولىمۇ
ڭغا كىرىشى كېرەك، دەپ قارىماقتا.

ئەڭ مۇھىمى بوستان يولى. يېزىق بىلەن شەرھلىب
ىندە بۇ بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى يول
ەكتۇر. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قاقاس قۇملۇقتا
ـ بىرىگە يىراقتىن تۇتىشىپ كەتكەن بوستانلىق ۋادىلار
رق ـ غەرب سودىسىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي
ىمىدىكى بىپايان يايلاقتا يەنە بىر يايلاق يولى بولۇپ، ئۇ
ج يول ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان يول. مىلادىيدىن
ۇرۇن V ئەسىردە ياشىغان گرېك تارىخشۇناسى ھېرودو-
سنىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرى ۋە جۇڭگو تارىخشۇناسى
ماچيەننىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرىدە يايلاق يولى
ۇقىدە قەيت قىلىنغان. بۇ يولدىن سىكىتايلار ئەڭ كۆپ
يدىلانغان.

جەنۇبىي دېڭىز سۇ يولى ئەڭ كېيىن ئېچىلغان. XV
سىرنىڭ ئاخىرلىرى يېڭى سۇ يولى تېپىلغاندىن كېيىن،
ىپەك يولى بىراقلا بۇ ئاساسىي سۇ يولىغا قوشۇلۇپ

كەتتى. بۇ خىل تەرەققىيات نەتىجىسىدە قەدىمدىن سانسىز-لىغان ئادەم خىيىم- خەتەرگە قارىماي بەرپا قىلغان شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئاساسىي يولى — بوستان يولى بىلەن يايلاق يولى چۆلدەرەپ قالىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، بۇ كىتابتىكى «يىپەك يولى» ئاساسەن بوستان يولىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 2. بوستانلىق ۋادىلاردا نىمە ئۈچۈن شەھەرلەر بەرپا بولىدۇ

بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن، يىپەك يولىمۇ بولمىغان بولاتتى. گرېك تارىخشۇناسى ھېرودوتۇسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بولىدۇ.

بوستانلىق ۋادىلار قۇملۇقتا يۇلتۇزدەك تارالغان. بوستانلىق ۋادىلارنى يەر ئاستى سۈيى، تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇدىن پەيدا بولغان پەسىللىك دەريا ياكى تارىم دەرياسىدەك يىزگە كۆپ ئۇچرايدىغان دەريالاردىن سىڭىپ چىققان سۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

بوستانلىق ۋادىلار ئەگەر تەبىئەتنىڭ خاھىشى بويىچە تەرەققىي قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كۆلىمى ئانچە زور بولمىغان بولاتتى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ قىيىن بولغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر سۇ يىغىدىغان كۆلچەككە ئوخشاش ئىنشائاتلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، بوستانلىق ۋادىلاردىن يىراق جايلاردا
غىرنىش ئېرىكسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سۇنىي بوستاند-
ىلار بەرپا قىلىندى. كارىز دەپ ئاتالغان تونىل شەكلىدىكى
ەر ئاستى ئۆستەڭنى سۇغىرىش ئېرىكسىنىڭ يۇكسەك
ەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. كارىز - تاغ
ىكىدە بىر ئاساسىي قۇدۇق قېزىپ، سۇنى شۇ جايدىن
ونىل شەكلىدىكى يەر ئاستى ئۆستەڭ ئارقىلىق مەنزىلگە
تكۈزۈش. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى يەر ئاستى ئۆستەڭنىڭ ھەر
؛ — 30 مېتر ئارىلىقىدا بىردىن قۇدۇق كولىنىدۇ.
بتىشلارغا قارىغاندا، كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە بىرنەچچە
لومېتر كېلەرمىش، لېكىن 80 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكىلىرىمۇ
ارمىش.

كارىزنىڭ يەر يۈزىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن
خشاشمايدىغان يېرى، كارىز قۇياشنىڭ قاتتىق تۇرىدىن
لى تۇرغاچقا، سۇيىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشى ئازدەك
لاھىدىلىككە ئىگە. يىللىق يامغۇر مىقدارى نۆلگە بارلۋەر
لغان تارىم ئويمانلىقىدا كارىز ئۆز قۇدرىتىنى قانچىلىك
رى قىلدۇردى؟ بۇنى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتىشى
ەس.

كارىزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىران ياكى
لسوپوتامىيە دەيدىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ توغرۇلۇق تېخى
لىق بىر جاۋاب يوق، ئەمما كارىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ
زبىدىن شەرققە قاراپ تارقالغانلىقى ئەمەلىيەت بولسا
ېرەك، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ
ستۇرىدىكى ئېگىزلىكتىمۇ كارىز مەۋجۇت بولغان ئىكەنمىش.

بوستانلىق ۋادىلار ئەتراپىدا كارىز ئومۇملاشقانلىقتىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەرەققىي قىلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىي قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقمۇ گۈللىنىشكە باشلىغان. ھالبۇكى، بوستانلىق ۋادىلار ئەسلىدىنلا تەبىئىي شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كېڭەيتىلىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالغان، شۇڭلاشقا كىشىلەر قول سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ۋاستىلىك سودا ئارقىلىق نۇرغۇن پايدا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، بوستانلىق ۋادىلار ئاۋاتلىشىپ بارىدۇ. بۇ خىل كۈتۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەت تۈپەيلىدىن تېرىلغۇ ئىشلىرى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ خىل تەرەققىيات نەتىجىسىدە بوستانلىق ۋادىلارنىڭ قىياپىتى تېزدىن ئۆزگىرىپ بازار ۋە ئۆتەڭلەر بارلىققا كېلىدۇ.

بىراق بوستانلىق ۋادىلارغا تىرەلگۈچ بولۇپ تۇرغان تەبىئىي شارائىت بەك ناچار ئىدى. مەيلى قانداق ئاۋات بوستانلىق شەھەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۇدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ چوقۇم يوقىلىدۇ. قەدىمىي شەھەر زورەننىڭ يوقىلىشى دەل «كۆچمە كۆل»① سۈيىنىڭ ئازىيىش - كۆپىيىشى تۇراقسىز بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بۇ كۆپچىلىككە

① «كۆچمە كۆل» بۇگولكى لوپنۇر كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇرۇندىنلا مەلۇم.
تا بۇگۈنگە قەدەر بوستانلىقتىكى سودا ئىشلىرى تىلغائېلىنـ
تۈگە كارۋانلىرى دەرھال كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ.
ل قـۇملۇق كارۋانلىرىنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان
يەت دەھشەتلىك تەبىئىي شەرت - شارائىتنى يېڭىشنىلا
پ قىلىپ قالماستىن، گاھى پەيدا بولۇپ، گاھى يوقاپ
دىغان باندىتلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قوغدىنىش
ساقلىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

### 3. قۇملۇقتىكى كارۋانلار يىپەك يولىنى قانداق كېزىپ چىقتى

هازىر بىز جۇغراپىيە خەرىتىسىنى ئېچىپ، ئۆزىمىزنى
لـۇق كـارۋانـلىرى بىلەن راستتىنلا بـىللـە كېتىۋاتـ
ندەك بـىلىپ، يىپـەك يـولـىدا سـاياھـەت قـىلـىپ
رەيلـى. بـىز جـۇڭـگـو چـاڭئـەندىن يولغا چىققان
يلى، مـەنزىلـىمىـز رىم بـولـسۇن. بـۇ جـەريـانـدا
ياپـونىيە ئاراللىرىدىن تېخىمۇ بىپايان بـولغـان چـوڭ
ئىنات ۋە مۇرەككەپ تەبىئىي شارائىتلارنى بېسىپ ئۆتىمىز.
چاڭئەندىن يولغا چىققان قۇملۇق كارۋانلىرى دەسـ
پتە لەنجۇغا بېرىپ توختايدۇ. لەنجۇدىن دۇڭخۇاڭغا بار-
چە بىز لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجـۇ ۋە گۇاجۇ قـاتارلـىق
ستانلىق شەھەرلەرنى بىر - بىردىن ئېكىسكۇرسىيە قىلىمىز.
ڭخۇاڭغا بېرىش ئۈچۈن بىر ئاي چامىسىدا يول يۈرۈشكە
غرا كېلىدۇ.

دۇڭخۇاڭغا كىرىش بىلەن تارىم ئويمانلىقى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا تەڭرى تاغ تىزمىسى، جەنۇبىدا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى بار. ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى ھېسابلىنىدۇ.

دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ، قاشقوۋۇقتىن (يۈمېنگۇەن) ياكى جەنۇب تەرەپتىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ سەل ماڭسا، يول قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى (غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي قىسمى) ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىن (غەربىي رايوننىڭ شىمالىي قىسمى) ئىبارەت ئىككى يولغا بۆلۈنىدۇ. قۇملۇق كارۋانلىرى ئەگەر كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جەنۇبىي يولنى بويلاپ ماڭسا، ئۇ ھالدا ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، روۋەن، پېشامشان، چەرچەن، نىدان، ئۇدۇن (ھازىرقى كېرىيە ۋە خوتەن) يەكەننى بېسىپ ئۆتۈپ سۇلېغا كېلىدۇ.

قۇملۇق كارۋانلىرى ئەگەر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى شىمالىي يولنى بويلاپ ماڭسا ئۇ ھالدا قاش قوۋۇقتىن چىقىپ، ئاراتۇرۇك (قۇمۇل) غا كېلىدۇ. ئېيتىشلارچە، مىلادى II ئەسىردىن بۇرۇن، دۇڭخۇاڭدىن ئالدى بىلەن روۋەنگە بېرىپ، ئاندىن ئاراتۇرۇككە بارار ئىكەنمىش. ئاراتۇرۇكتىن قاراغوجا، كۇچا، ئاقسۇ، ۋېنسۇ ئارقىلىق سۇلىغا بارىدۇ. قايسى يول بىلەن مېڭىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئوخشاشلا تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئايلىنىپ، ئۇنىڭ شىمالىي گىرداۋىنى بويلاپ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ سۇلېدا ئۇچرىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنلا دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان
مىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پامىر
گىزلىكى جۇڭگودا سۇڭلىڭ① چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ.
يتىشلارچە، بۇ جايدا پىياز كۆپ بولغاچقا، شۇ نام بېرىلگەنىك
ەن. بۇ ئېگىزلىك ياپونىيىدىكىگە ئوخشاش ئېگىز - پەس
كچە شەكىلدە ئەمەس، چۈنكى ئېگىزلىكنىڭ ئۆزىلا دېڭىز
زىدىن 3000 مېتىردىن ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېگىزلىكنى
600 — 7000 مېتىر كېلىدىغان قاتمۇ قات تاغ - چوققىلار
د كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ
مى ئېلاھىيدەك ھەيۋەتلىك تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا قاراقورۇم تېغى، كۇئېنلۇن تېغى،
سىندىسقۇش تېغى ۋە تەڭرى تېغى قاتارلىق
ڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىزلىكنى ئاساس قىلىپ
رقايسى تەرەپكە سوزۇلغان، ئۇلار خۇددى بېشى پامىر
گىزلىكى بولغان غەربكە قاراپ پەرۋاز قىلىۋاتقان گىگانت
ر قۇشقا ئوخشايدۇ.

قوڭلۇق كارۋانلىرى سۇلېدىن يولغا چىقىپ، تېلىنىڭ
وققىلىرىدىن ئۆتۈپ فەرغانە ئويمانلىقىغا كېلىدۇ. زېھرزاك
رقىلىق سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا كېلىدۇ ياكى سۇلېدىن
ەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ۋاخان جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ئامۇ
رياسىنى بويلاپ قۇندۇز ياكى بالىخقا كېلىدۇ.

سەمەرقەنت ياكى بۇخاراغا كېلىۋالسا موسوپوتامىيىگە

① ئاپتور بۇ يەردە خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق
يازغان.

سەپەر قىلىش ئاسانغا چۈشىدۇ. مېسوپوتامىيىدىن يولغا چىقىپ ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىغا بېرىۋالسىلا كېمە بىلەن رىمغا بارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ھىندى يولى بارلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. بۇ بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى تارقىتىشقا تۆھپە قوشقان راھىبلار قاتناپ تۇرغان يول.

## 4. كەڭ يايلاقتىكى ئالتۇن يول دېگەن نېمە

يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق يولى — بوستان يولى ئاۋاتلىشىشتىن بۇرۇن، شەرق - غەرب سودىسىنىڭ ئاساسىي يولى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سەل شىمالىدا ئىدى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جەنۇبىي روسىيە تۈزلەڭلىكىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ يايلاق ئىدى. ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەتراپىدا كەڭ تۈزلەڭلىكلەر ۋە چوڭ دەريالار بار ئىدى، بۇ جايلاردا قەدىمدىن مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، بىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقتا قاتمۇقات ئېگىز تاغ - چوققىلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇم بارخانلار تۇتىشىپ كەتكەن بىپايان قۇملۇق بار ھەممىدە كۆز يەتكۈسىز يايلاقلارمۇ بار.

دەل مۇشۇ يايلاقلاردا خېلى بۇرۇنلا كارۋان يولى بارلىققا كەلگەن. يايلاق يولى دېگىنىمىز مۇشۇ. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە سىكسايلار بۇ يولنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ئىدى.

مەشھۇر ئەسەر «تارىخنامە» نىڭ ئاپتورى «تارىخ بوۋىسى»

ەپ نام ئالغان قەدىمقى گرېك تارىخشۇناسى ھېرودوتۇس ىپكسايلار ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قەيت قىلغان:

«ئۇلار ئەسلىدە كۆچمەنچى مىللەت ئىدى. كېيىنچە باساگېتالارنىڭ زەربىسىگە چىدىماي ئاخىر ئاراكىس ەرياسى (ھازىرقى ئارراس دەرياسى) دىن ئۆتۈپ كىممېرىئانلارنىڭ يېرىگە كۆچۈپ كەتكەن...»

ھېرودوتۇس ئەلۋەتتە سېكسايلارنىڭ كېلىپ چىقىش ەنبەسى ئاسىيادا دېگەن تەلىماتنى تەشەببۇس قىلغۇچىدۇر. مازىر، كىشىلەر سېكسايلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن VII — VI ئەسىر ۆپچۆرىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر جايىدىن جەنۇبىي روسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، ئىران قاندىشلىقىدىكى ئاتلىق كۆچمەنچى مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنەدى، شۇڭلاشقا، ھېرودوتۇسنىڭ بايانىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

سېكسايلار مېتالغا ھايۋانات رەسىمىنى ئويۇشتەك بىر خىل ھۈنەر – سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ خىل ھايۋانات تەقشى سېكساي نەقشى دېيىلىدۇ. كۆچمەنچى مىللەتنىڭ ۇمۇمىي پىسخىكى بويىچە، ئۇلار ئىبادەتخانا ۋە شەھەر قاتارلىق نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، بەلكى كۆچۈشكە ئىپغىرلىقى چۈشمەيدىغان «قول سەنئەت بۇيۇم» لىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر – سەنئەتتىكى ماھارىتىنى كۆرسەتكەن.

ھېرودوتۇسنىڭ «تارىخنامە» سىدە يەنە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسمىدا باشقا جايلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە ئالتۇن بار.»

ياۋروپانىڭ شىمالى دېگىنى، روشەنكى سېكسايلار ماكانلاشقان جەنۇبىي روسىيىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىراق

ھېرودوتوس يەنە مۇنداق قەيت قىلغان: «بۇ ئالتۇنلارنىڭ قانداق قېزىلغانلىقى ھەققىدە ئەمەلىي ئەھۋالدىن مەنمۇ قىلچە خەۋەرسىز.» بۇ ھېرودوتۇسنىڭمۇ ئالتۇن چىقىدىغان جاينى ئېنىقلىيالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق «تارىخنامە»نىڭ «شەرق يولى» بابىدا، سكىتيالار يولۇقتۇرغان ئىسسېدونلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇ بايانىدىن شۇنداق يەكۈن قىلىشقا بولىدۇكى، ئالتۇن شەرقتىن بۇ جايلارغا ئەكېلىنگەن سودا بويۇمى. سكىتيالارنىڭ سودا يولى يايلاق يولى، ۋەھالەنكى، بۇ يول، كېيەك ئالتۇن ھەمدە باشقا مىنېراللار چىقىدىغان مەشھۇر ئۇرال تاغ تىزمىسى ۋە ئالتاي تاغ تىزمىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سكىتيالاردىكى ئالتۇن مۇشۇ يەرلەردىن يايلاق يولى ئارقىلىق غەربكە ئېپىرىلغان.

## 5. جۇڭگونىڭ غەربتىكى بېھىش — كۇئېنلۇننىڭ كېلىپ چىقىشى

كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىگىچە سوزۇلىدۇ، ئۇ شەرقتىن-غەربكە تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېلىدىغان زور تاغ تىزمىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تاغنىڭ بۇ ئىسمى چىڭخەي كۆلى (كۆكنۇر) ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق «كۇئېنلۇنلۇقلار» نامىدىن قويۇلغانىمىش.

«تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە، كۇئېنلۇن دېگەن بۇ ئىسىم مۇنداق كەلگەن:

...خەن ئەلچىلىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ چىقىپ، دەريانىڭ مەنبەسىنى ئۇدۇندىن تاپقان، ئۇنىڭ تاغلىرىدا قاشتېشى كۆپ ئىكەن. ئەلچىلەر قاش تېشىدىن ئالغاچ كەلگەن. تەڭرى قەدىمىي خەرىتە ۋە كىتابلارغا ئاساسەن بۇ دەريانىڭ مەنبەسىنى كۇئېنلۇن تېغى دەپ ئاتىغان. بىراق، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) ئەتراپىدا دېگەن كۆز قاراش توغرا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بۇ دەريانىڭ مەنبەسى هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى يۈشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياخارداز تاغ ئېغىزىدا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىن باشلانغان يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى قاتارلىق دەريالار تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلۇپ، دەريا ۋادىلىرىدا بوستانلىق شەھەرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمىي يادىكارلىقى «تاغ - دەريالار قامۇسى»، مىلادىدىن بۇرۇن IV ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان جۇغراپىيىۋى كىتاب. پۈتۈن كىتاب بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان «تاغلار قامۇسى»دا مەشھۇر تاغلار ۋە بۇ تاغلاردا تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەر، قۇش - هايۋاناتلار ۋە بېلىقلار قەيت قىلىنغان. كۇئېنلۇن ئەپسانىسىمۇ «غەربىي تاغلار قامۇسى»دا قەيت قىلىنغان.

«تاغ - دەريالار قامۇسى»دا قەيت قىلىنىشىچە، كۇئېنلۇن تېغى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدە، ئۇزۇنلۇقى 800 چاقىرىم، ئېگىزلىكى 10 مىڭ گەز بولۇپ، جاهاننىڭ بېھىشى ئىمىش،

ئۇ جايدا خىلمۇ خىل ئىلاھلار بار بولۇپ، رىۋايەتتىكى غەربىي خان ئانا شۇلارنىڭ بىرىمىش. غەربىي خان ئانا قەدىمىي جۇڭگودا كىشىلەر چوقۇنىدىغان پەرىشتە. خەن پادىشاھى مەڭگۈ قېرىماسلىقنى تىلىگىنىدە ئۇ يەتتە دانە خاسىيەتلىك شاپتۇلنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت ئېقىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، بۇ پەرىشتە ھەممىگە ئايان. بەزىلەر ئۇنى زىلۋا بويلۇق پەرىزات دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان، قاپلان قۇيرۇقلۇق، يولۋاس چىشلىق ئايال، دەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ ـ دە.

«كوئېنلۇن قاشتېشى» دېگەن بۇ سۆز، «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» ياكى «شاڭشۇ. يۈگۈڭ» قاتارلىق قەدىمىي يازما يادىكارلىقلاردا قەيت قىلىنغان.

جۇڭگودا يېڭى تاش دەۋرىدىن باشلاپلا قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ياساش ئەۋج ئالغان. «كوئېنلۇن قاشتېشى» دېگىنىمىز كوئېنلۇن ئېتىكىدىكى ئۇدۇن ئەتراپىدىن چىقىدىغان قاشتېشى بولۇپ، ئۇ ياۋچى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئاپىرىلغان.

بۇرۇنقى قاشتېشى توشۇلىدىغان يول، كېيىنچە يىپەك يولىغا ئايلىنىپ، ناھايىتى گۈللىنىپ كېتىدۇ.

«كوئېنلۇن قاشتېشى» ئەڭ قەدىمكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىشنىڭ سەۋەبچىسى. ھالبۇكى، بۇ خىل دىققەت ـ ئېتىبار ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىپ، شۇنىڭ بىلەن كوئېنلۇن تېغى توغرىسىدا رىۋايەتلەر پەيدا بولىدۇ، قەدىمكى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى چەت جايلار بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

كوئېنلۇن تېغى ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىـ
ىدا. بۇ تېيەنمىڭ: بۇ جۇگگو يەر شەكلىنىڭ «غەربىي
ىمالى ئېگىز، خۇاڭخې دەرياسىنى ئاساس قىلغان چوڭ
ەريالارنىڭ غەربتىن شەرققە قاراپ ئاققانلىقى» توپەيلىدىن
ولغان، دەپ تەرىپلەيدۇ.
قىسقىسى، قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ غەربىي رات
ونىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، كوئېنلۇن تېغى
ەققىدىكى ئەپسانىلەر كىشىلەر ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ
ەتكەن.
رىۋايەتلەر ئىچىدە يەنە كوئېنلۇن تېغى ئاستىدا لەيـ
ەش كۆچى ئاجىز، مامۇقمۇ ئاران لەيلەيدىغان سۇ ئېقىپ
ۇرارمىش، دەيدىغان رىۋايەت بار. بۇندىن باشقا كوئېنلۇن
ېغى ئادەمىزات يېقىنلىششقا بولمايدىغان سىرلىق مەنزىل
ەپ قارالغان.

## 6. غەربىي رايوننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى كىم

ئىنسانىيەت قاچاندىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىدا ياـ
شىغان؟ بۇ مەسىلە ھازىرغىچە تېخى ئېنىق ئەمەس.
بۇ ئەسىرگە كەلگەندە، ھېدىن ۋە ستېيىن قاتارلىق
ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى خەرىتىدە ۋە تارىختا ئاق قالغان
بۇ جايغا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تارىخىي يادىكارلىقـ
لار ۋە ئىزلاردىن سىرت، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تاش
قوراللارنىمۇ تاپتى.
بۇ تاش قوراللار دەسلەپتە تارىم دەريا قىرغاقلىرىدىن

ئاندا - ساندا تېپىلىدۇ. كېيىنچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ تاش قوراللار پۈتۈنلەي يېڭى تاش دەۋرىدىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكى، كۆپىنچىسى سىپتا تاش قوراللار ئىكەنلىكى پەرق ئېتىلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن ئىز - دېرەك تېپىلمىغاچقا، بۇرۇنقى تونۇش بويىچە سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار بۇ جاينىڭ قەدىمىي ئاھالىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار كۈنسېرى قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىي شەرت - شارائىت ئاستىدا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى خەلق تىنچ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈۋاتقاندا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى غەربىي تۈركىستاندا ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى باشلانغان. بۇ خىل قەدىمىي مەدەنىيەت كىدون مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتتىكىلەر ئاساسەن ئارپا ۋە بۇغداي تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ جايدىكى رەڭلىك ساپال ۋە جۇغراپىيىۋى شەرت - شارائىتتىن قارىغاندا، روشەنكى، بۇ خىل مەدەنىيىتى موسوپوتامىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

كېيىنچە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، يەنى تارىم ئويمانلىقىدىمۇ ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى راۋاجلاندى (ئاستانا خارابىسى بۇنىڭ مىسالى). بۇ غەربىي ئاسىيا كىدون مەدەنىيىتىدىن كېيىن راۋاجلىنىشقا باشلىغان

ئانـاۋ III دەۋر① دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە باراۋەر گې
ىدۇ. بۇ مەلۇم بىر ۋاقىتتا غەربىي تۈركىستان دېھقانچىلىق
مەدەنىيىتى پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كۆرسەتكەن
تەسىرى بولسا كېرەك. ئانـاۋ III دەۋرىـگە توغرا كېلىدىـ
ان ئاستانا خارابىسى جۇڭگونىڭ ياڭشياۋ مەدەنىيىتىگە
ـمۇ تـوغرا كېلىدىغانـدەك قىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكـى
دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى مانا مۇشۇنداق باشلانغان.
تۆۋەندە بىز بۇ خەلقنىڭ قايسى مىللەتكە تەئەللۇق
ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقايلى:
نـۇرغۇن مـاتېرىياللاردا بىردەك پـامىر ئېگىزلىكىنىڭ
غەربىدىكىلەر ئىرانلار دەپ قـەيت قىلىنىدۇ. بىراق شـەرقـ
دىكى، يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغانلار قـايسى مىللەتـ
تىكىلەر؟ ئۇزۇندىن بېرى بۇ بىر يېشىلمەي كېلىۋاتقان سىر
بولۇپ كەلدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تىل.
قەدىمكى غەربىي رايوندا قوللىنىپ كەلگەن ئاساسىي تىللار،
مەسىلەن، خوتەن (ئۇدۇن) تىلى، سـوغدى تىلـى، قىزىل ـتىـ
لى②، توخار تىلى قاتارلىقلار ئۈستىدە تـەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىش نەتىجىسىدە، بۇ تىللارنىڭ تۈزۈلۈشىدە ھىندى ـ ياۋ
روپا تىلىنىڭ ئىككى سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولـ
دى. ئىككى سىستېما دېگەنلىك شەرق شـەكلىدىكى سېيتىم

① ئاناۋ III دەۋر ــ سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركمەن جۇمھۇرىيىتىدىكى ئارى بوسـ
تانلىقى. ئاناۋ III دەۋر مەدەنىيىتى مىس قوراللار مەدەنىيىتى دەپ
ئاتىلىدۇ. ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 2200 ــ 5200 يىلىغا
توغرا كېلىدۇ ــ ت.
② قىزىل ــ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان تەۋەلىكى ــ ت.

تىلى① (ھىندى تىلى، ئىران تىلى ۋە سلاۋىيان تىلى) ۋە غەرب شەكلىدىكى كېنتىم تىلى② (گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلى) دىن ئىبارەت. خوتەن تىلى بىلەن سوغدا تىلى، سېيتېم تىلىغا كىرىدۇ. قىزىل تىلى بىلەن توخار تىلى كېنتىم تىلىغا كىرىدۇ.

مۇشۇنداق تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەسىلە روشەنلەشتى. تارىم ئويمانلىقىدىكىلەرنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرقىي جەھەتتە ئارىيان مىللىتىگە كىرىدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى جۇڭگو ساياھەتچىسى جاڭ چيەن ئۆز خاتىرىسىدە: «غەربىي رايون ئادەملىرى ئورا كۆز ۋە ساقاللىق كېلىدۇ»، — دەپ قەيت قىلغان. ئارىيانلارغا نىسبەتەن بۇنى توغرا تەسۋىر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## 7. كۆچمەنچى تۇرمۇش قانداق پەيدا بولغان

ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يىللىق يامغۇر مىقدارى ئاران 500 مىللىمېتىر كېلىدىغان كەڭ قۇرغاقلىقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى پۈتۈنلەي قۇم ۋە تاش قاپلاپ كەتكەن چۆل - جەزىرە؛ بەزىسى ئاندا - ساندا ئوت ۋە چاتقال ئۆسىدىغان يايلاق. دەسلەپتە بۇ قۇرغاقلىقتا ياشىغان كۆچمەنچىلەرنىڭ بۇ

① سېيتېم — ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر تىل قوۋمى.
② كېنتىم — ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر تىل قوۋمى.

ـەردە ياشىغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولدى دېگىلى
ولمايدۇ.
ئەمدى بىز دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىلەن
كۆچمەنچىلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋرنى سېلىشتۇرۇش كۆز
قارىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى: دەسلەپتە قۇرغاق جايلار-
ـتىكى بوستانلىق ۋادىلاردا ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلار توپى بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر بىر تە-
ـرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋچىلىق
ۋە قۇرغاق جايلاردا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى كۆن-
دۈرۈشكە كىرىشتى. ئائىلە ھايۋانلىرىنىڭ تۈرى: قوي، ئۆچ-
كە، تۆگە قاتارلىقلاردىن تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ
خىل ئائىلە ھايۋانلىرى بوستانلىق ۋادىلاردا دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم تۇرمۇش
ماتېرىيالى ئىدى. ئۇلار تېرە، يۇڭ، گۆش ۋە سۈتلەرنى
كىيىم-كېچەك ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئىشلىتىپ قالماي،
ئائىلە ھايۋانلىرىنىڭ گەندىلىرىنى قۇرۇتۇپ، يېقىلغۇ ئورنى-
دا ئىشلىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئائىلە ھاي-
ۋانلىرىغا بولغان ئېھتىياجى كۈندىن-كۈنگە ئېشىشى
چوقۇم ئىدى.

بىراق، ئائىلە ھايۋانلىرىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بوستانلىق ۋادىلاردىكى سۇ
مەنبەلىرى چەكلىك بولۇپ، ئائىلە ھايۋانلىرىغا بېرىلىدى-
ـغان يەم-خەشەك تېرىش ئۈچۈن تېرىلغۇ يەرنى كېڭەي-
ـتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوستانلىق ۋادىلار ئەتراپىدى-
ـكى ئوتلاقلاردا مال باققان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ئۇسۇل

بىلەن بېقىلغان ئائىلە ھايۋانلىرىنىڭ سانىمۇ چەكلىك بولاتتى.

بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇقەررەر يوسۇندا بوستانلىق ۋادىلاردا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدىن مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئايرىلىپ چىقىدۇ. كۆچمەنچىلەر مۇشۇنداق پەيدا بولغان. بۇ بىر خىل كۆز قاراش.

دەسلەپكى كۆچمەنچىلەرنىڭ تۇرمۇشى مۇنداق: ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇلار پادىلىرىنى ھەيدەپ، ياخشى ئوتلاقلارغا كۆچىدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن ھاۋاسى ئىللىق يايلاقلارغا ياكى ئويمانلىقلاردىكى بوستانلىق ۋادىلارغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆچمەنچىلەر بوستانلىق ۋادىلاردىكى دېھقانلاردىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، بوستانلىق ۋادىلاردىكى دېھقانلارنى ئۇلاغ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

دەسلەپكى چاغلاردا كۆچمەنچىلەر پەقەت بىرنەچچە ئائىلە جەمەتىدىن تەركىب تاپقان. كۆپ دېگەندە 20 — 30 تۇياق قوي باقالايدىغان قانداشلىق گۇرۇھلار ئىدى. ھەرىكەت دائىرىسىمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار تېخنىكا جەھەتتە زور مىقداردا ئائىلە ھايۋانلىرى بېقىش ۋە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئوتلاق ئىزدەش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى بويىچە ئۇلار تېخى مەدەنىيەتلىك رايون تارىخىغا قەدەم قويمىغان. بۇ كۆچمەنچىلەر جۇڭگو ۋە موسوپوتامىيە قاتارلىق مەدەنىيەتلىك

ئىرايونلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىدە قەيت قىلىنغىنىدەك پاتالى-
يەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان.

## 8. ئاتقا مىنىشنىڭ كەشپ قىلىنىشى نېمىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقتى

ئوتتۇرا ئاسىيادا، تەخمىنەن بۇندىن 6000 — 8000
يىل بۇرۇن ئۆتكەن بوستانلىق ۋادىدا دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلار دەپ قارالغان بىر ئىز تېپىلدى. ئۇلار شۇ
چاغدىن تارتىپلا ئائىلە ھايۋانلىرىنى بېقىشقا باشلىغان. ئال-
دىنقى بىر بابتا بايان قىلىنغىنىدەك، بوستانلىق ۋادىلاردى-
كى دېھقانلار ۋە كىچىك دائىرىدىكى كۆچمەنچىلەرنىڭ بۆ-
لۈنۈپ چىقىشى، ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرنى بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن بولسا كېرەك. يەكۈن قىلىنىشىچە، مىلادىدىن
بۇرۇن 10 مىڭ يىل ئالدى - كەينىدە باشلانغان ئاتقا مى-
نىش تېخنىكىسى دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ خىل
بۆلۈنۈشىگە زور ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش كەلتۈرگەن.

— ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى كۆچمەنچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا
زور ئۆزگىرىش كەلتۈردى. كەشپ قىلغۇچىلار ئاتقا مىنىپ
ۋە ئۇنى باشقۇرۇپ، بۇرۇن كىچىك دائىرىدىكى چارۋىچى-
لارنىڭ بىردىنلا كېڭىيىش رولىنى ئويىنىدى. بۇرۇن
100 تۇياق ئۇلاغنى ئاران باشقۇرغان بولسا، ئاتقا مىنگەن-
دىن كېيىن نەچچە مىڭ تۇياق ئۇلاغ باشقۇرىدىغان بولدى.
بۇ ۋەقەدىن كېيىن كۆچمەنچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇچقاندەك
ئىلگىرىلەش پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر كۆچ-

مەنچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئۆزىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.
يەنە كېلىپ، ئاتنى قاتناش قورالى قىلىش، قوشۇملۇق
ۋە يايلاقلاردىكى تارقاق كۆچمەنچىلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئۆزئارا ئالاقە قىلىشنى ياخشىلىدى. كۆچمەنچى-
لەرنىڭ كەڭ دائىرىدە تەشكىللىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا دۆ-
لەت شەكىللىنىشىنىڭ شەرت ــ شارائىتىنى تەدرىجىي ھازىرلى-
لىدى. ئاتنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىشى تېخىمۇ زور
ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسكەر كۈچىنىڭ تېز سۈرئەتتە ۋە زور
دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى ھەمدە ئاتلىق ئوقيا ئېتىش
تېخنىكىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى سەۋەبىدىن ئىچكى قۇرۇق-
لۇقتىكى ئاتلىق كۆچمەنچىلەر زور ھەربىي كۈچكە ئىگە بولدى.
ئۇلار ياۋروپا ــ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ چەت يەرلىرىدى-
كى تەرەققىي تاپقان قەدىمىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى-
غۇچى مەدەنىيەتلىك ئەللەرگە تەھدىت سالدى.

شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك كۆچمەنچىلەر گۇرۇھى تەدى-
رىجىي ھالدا قەدىمىي مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تارىخىغا
قەدەم قويدى. ياۋروپا ــ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىما-
لىي قىسمىدىن نۇرغۇن ئالتۇن ــ كۈمۈش، مىستىن ئىشلەن-
گەن ئات بېزەكلىرى، زومىكا، چۆگۈن قاتارلىق تۇرمۇش
بۇيۇملىرى تېپىلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ-
غا ھايۋاناتلارنىڭ رەسمى ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق
نەقىشلەنگەن، بۇلار سېكىتاي ئۇسلۇبىدىكى مېتال بۇيۇملار
دېيىلىدۇ. دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن ئاتلىق
كۆچمەنچىلەر گۇرۇھى ئىچىدە مەيلى پائالىيەت
دائىرىسى، سىياسىي ۋە ھەربىي قاتارلىق كۈچلىرىدىن بول-

ۇن سىكسايلار ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. مانا بۇ ىكساي مىتال بۇيۇملىرى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى. ئەمە-مىيەتتە سىكساي مىتال بۇيۇملىرى پەقەت سىكسايلارلا يا-سىغان ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلەر ئەمەس.

تارىخ سەھنىسىگە ھەممىدىن بۇرۇن قەدەم قويغان اتلىق كۆچمەنچى مىللەت ئاسسورىيە① ھۆججەتلىرىدە قەيت ىلىنغان كىممېرىيانلار②. ئاندىن قالسا سىكسايلار ۋە سارماتىيانلار③ بولىدۇ. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار بىر ئىرقىغا ەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ئۇلارنىڭ شىۋىلىرىدە ەرق بولسىمۇ، بىراق تىل سىستېمىسى بىر. بىز پەقەت سىك-ايچە مىتال بۇيۇملاردىكى ئويمىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا قاراپ اقسىلا، ئۇلارنىڭ ئارىيان ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋ-دىلەندۇرۇپ تۇرغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز.

كىممېرىيانلار توغرىسىدا، يازما خاتىرىلەردىن ئۇلار-نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن

---

① ئاسسورىيە — مىلادىدىن بۇرۇن VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىككى دەريا ۋادىسىدا كۆتۈرۈلگەن ھەربىي ئىمپېرىيە. چېگرىسى شەرقتە ئىران ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىغا بارىدۇ. بىر مەزگىل مىسىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. پايتەختى نىنەۋىيە — ت.

② كىممېرىيانلار — جەنۇبىي روسىيىنىڭ قىرىم ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمىي كۆچمەنچى مىللەت. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن VII ئەسىردە كىچىك ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانىغا سىكسايلار ۋە سارماتىيانلار ئولتۇراقلاشقان.

③ سارماتىيانلار — مىلادىدىن بۇرۇن III ئەسىردىن II ئەسىرگىچە غەربتە ۋىسلا دەرياسىدىن شەرقتە ۋولگا دەرياسىغىچە بولغان رايوندا ياشىغان قەدىمىي كۆچمەنچى مىللەت — ت.

كۆپ ئەھۋال نامەلۇم. يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، سىكسايلاردىن بۇرۇن، كىممېرىئان دەيدىغان مىللەت قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جايلىرىدا ياشىغان. بىراق ئاتلىق كۆچمەنچىلەرنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دېھقان جەمئىيىتىگە تەھدىت سېلىنىشى كىممېرىئانلاردىن كېيىن سىكسايلار پەيدا بولغاندىن كېيىن بولغان.

## ٩. جۇڭگونىڭ رەڭلىك ساپاللىرى

### ئورىيېنتتىن ① كەلگەنمۇ

بېيجىڭنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملىرىنىڭ قېزىلىپ چىقىشى بىلەن داڭقى چىقىپ كەتكەن خىبىيى جۇكۇدىيەن ئىزىنى تاپقۇچى ئاتاقلىق شۋېتسىيە گېئولوگىكى ج. گ. ئاۋدېنسون جۇڭگونىڭ خېنەن ئۆلكىسى مىيەنچى ناھىيىسى ياڭشاۋ كەنتىدىن جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى يېڭى تاش دەۋرى خارابىسىنى قېزىپ چىقتى. بۇ 1921 - يىلى بولغان ئىش.

ئەينى ۋاقىتتا، قېزىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن سوقۇلغان ۋە سىلىقلانغان تاش قوراللار قېزىپ چىقىلدى. بىر كۈنى، ئاۋدېنسون توپا ئىچىدىن ئاجايىپ بىر پارچە ساپال سۇنۇقىنى تېپىۋالدى. بۇ ساپال سۇنۇقت

① ئورىيېنت — بۇ سۆز لاتىن تىلىدىكى orient (كۈن چىقىدىغان يەر) دىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرق ياكى يىراق شەرق مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ياۋروپالىقلار بۇ ئاتالغۇنى دائىم يېقىن شەرق دۆلەتلىرىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. غەرب تارىخىدا بۇ ئاتالغۇ مىسىر ۋە موسوپوتامىيىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كىتابتىمۇ شۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ — ت.

ڭ تەكتى قىزىل، قارا نەقىشى بار ئىدى. مانا بۇ رەڭ-
ك نەقىشلىك ساپال قاچا (رەڭلىك ساپال) دېگەن شۇ.
كېيىنچە ئاۋدىسسون خۇاڭخې دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن
قىينى ۋە چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىسى قاتارلىق جۇڭگونىڭ
ەرقايسى جايلىرىدا يېڭى تاش دەۋرىگە ئائىت خارابىلەر-
ڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەرقايسى خارابىلىك-
ن ئوخشاش شەكىلدىكى رەڭلىك ساپال قاچىلار چىقتى.
نۇرغۇن رەڭلىك ساپال قاچا پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتى
ەمدە خەلق ئارىسىدا ساقلانغان نۇرغۇن رەڭلىك ساپال
اچىلارنى يىغىۋالدى.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى، ئەڭ قەدىمىي دېھقانچىلىق
ەدەنىيىتى ئورئىنت دېگەن جايدا بارلىققا كەلگەن.
ەھالەتكى، رەڭلىك ساپال قاچىلارمۇ ئورئىنتتىن باشلانغان
ەپ قىياس قىلىنماقتا. ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى
ەۋجۇت بولغان جايلاردىن رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ
ىقىش مىسالى ناھايىتى كۆپ. ئۇنداقتا جۇڭگودىن چىق-
ان رەڭلىك ساپال قاچىلار قانداق كېلىپ قالغان؟

ئاۋدىسسون جۇڭگودا قېزىپ چىققان رەڭلىك ساپال
اچىلارنى، ئۇنىڭ رەڭگى، نەقىشى ۋە شەكلى قاتارلىق
ەزەپلىرىنى، كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى جۇڭگودىن بولغان
ۆل رەڭ ساپال (قەدىمكى زامانلاردا جۇڭگودا ئىشلەنگەن،
ىيىز لايدىن يىرىك ياسالغان، ئانچە قاتتىق بولمىغان
اڭقان) بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش سۈپەتلىك
ەرسە ئىكەنلىكىنى سەزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ
ەڭلىك ساپال قاچىلىرىنى ئورئىنت ساپال قاچىلىرى بىلەن

ئۇخشىشىپ كېتىدۇ دېگەن ئۆزۈۋكرەك.

ئاۋدېيسون ئۆزىنىڭ سەزگەنلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «رەڭلىك ساپال قاچىلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئورنىنىڭ ئىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.»

رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ تارقىلىشىنى بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. ئورنىنىڭ باشلانغان ئېپىدائىي دېھقانچىلىق ۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ شەرققە تارقىلىش ئىزلىرىنى خېلى ئېنىق تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. خۇددى مۇشۇ كىتابنىڭ 6 - سىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، كىدون مەدەنىيىتى ۋە ئاناۋ I، II، III دەۋر مەدەنىيىتىگە ئېلىنىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسەن موسوپوتامىيىدىن باشلانغان بۇغداي ۋە رەڭلىك ساپال قاتارلىقلار بىلەن بىر ۋاقىتتا يازلىققا كەلگەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي تۈركىستانغا تارقالغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاناۋ III دەۋر دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ دەسلەپكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى — ئاستانا خاراپىلىكىگە توغرا كېلىدىغانلىقىمۇ ئاساسەن ئىسپاتلاندى.

ئاۋدېيسون: «ييپەك يولىنىڭ رولىنى مۆلچەرلىگەندە، تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان ئېپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ، يەنىمۇ شەرققە ئىلگىرىلەپ جۇڭگوغا تارقالدى دەپ مۆلچەرلەش ھېچقانچە ئەجەبلى-

ولىك ئەمەس»، دەپ قارىغان.
يەنە بىر تەرەپتىن، قارشى كۆز قاراشتىكىلەر
ڭشاۋ مەدەنىيىتى مۇستەقىل بارلىققا كەلگەن، دېگەن
ەشەببۇستا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى يۇقىرىقى كۆز
اراش بىلەن قارىمۇ قارشى.
يۇقىرىقى مۇنازىرىنىڭ ھازىرچە ئاخىرقى يەكۈنى يوق.
براق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاناۋ Ⅲ دەۋر دېھقانچىلىق
ەدەنىيىتى بىلەن ياڭشاۋ مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆر-
ەندە ئورنىيىت دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگوغا كۆر-
ەتكەن تەسىرى خېلى زور بولسا كېرەك.

## 10. سىلىك① ئىشلەپ چىقارغۇچى «سىبوسىلار» قەبىلىدە

جۇڭگولۇقلارنىڭ غەربىي رايونغا ئائىت تەپسىلىي
ەلۇماتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلىپ ئېيتقاندا، خەن سۇلالى
سى دەۋرىدىكى جاڭ چيەننىڭ ھايات - ماماتىغا قارىماي
ئىلىپ بارغان بۈيۈك ساياھىتىگە ئاساسەن بولدى. ئەلۋەت
نە، خەن بەگلىكى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ تۆھپىسىمۇ زور.
ۇ جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەمدە
پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ھەربىي قوشۇنىنى فەرغانىگە
كىرگۈزدى (مۇشۇ كىتابنىڭ 28 -، 29 - سىرغا قارال
سۇن). بۇلار مىلادىدىن بۇرۇن Ⅱ ئەسىرنىڭ كېيىنكى
يېرىمىدا بولغان ۋەقەلەر.

① سىلىك — يىپەك — ت

يەنە بىر تەرەپتىن، گىرېكلار ۋە رىملار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىشى تېخىمۇ ۋاخچە، ئۇلار مىلادى II ئەسىر ئەترابىدا بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان. شەرقتىكى جۇڭگولۇقلار، غەربتىكى گىرېكلار ۋە رىملارنىڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۆزلىرىنىڭ سودا رىقابىتىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىكىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولغانلىقىدىن بولدى.

ۋاستىلىك سودا ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ئاساسەن ئارساكلار ئىدى، ئۇلار ئىككى ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئىلاجىنىڭ يارىچە ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى، «كېيىنكى خەنىنامە» دىكى بۈيۈك چىن (رىم ۋە ئۇنىڭ شەرقتىكى تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ) تەزكىرىسىدە ھەتتا رىم سودىگەرلىرى ئارساكلارنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ئۆزىنى تارتىپ، دېڭىز يولى بىلەن سودا قىلىشقا كىرىشتى، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغانلىقىدىن ئىككى ئوتتۇرىدا ئۆز ئارا نۇرغۇن قىياس - پەرەزلەر كېلىپ چىقىدۇ.

شەرقتە ئارساكلار قولىدىن ئېلىنغان كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يىپەك رەخت گىرېكلار ۋە رىملار ئارىسىدا «سىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. «سىلىك» ئىشلەپ چىقارغۇچىلار «سېرېسلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ يىپەك ئىشلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا قانداق ئويلىغانلىقى ھەققىدە تونۇشۇپ ئۆتەيلى: مىلادىدىن بۇرۇن I ئەسىردە، ستىرابون ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيىنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلغان:

زىپەك زىغىر تالاسىدىن ئىنچىكىلەپ ئىشلىنىدۇ،» شۇنىڭ
بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ۋېرگىلىيۇس ئۆزىنىڭ «دېھقان
چىلىق كۈيلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «يىپەك مەلۇم بىر خىل
دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى تاراش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىنچىكە
يىپ»، دەپ يازىدۇ. مىلادى Ⅱ ئەسىرگە كەلگەندە گرېكلىك
پوسانىئاس ئاندىن يىپەك پىلە قۇرتىدىن چىقىدىغانلىقى
ى بىلگەن.
ئۇندىن باشقا، كىشىلەر «سىرىسلار» ھەققىدىمۇ ھېچ
نېمىنى بىلمەيتتى. ئۇلار سىرىسلارنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدى
غانلار، 200 يىل ياشايدۇ، دەپ قىياس قىلاتتى. بۇ خىل
تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرېت تونۇشقا ئايلىنىشىمۇ مىلادىدىن
كېيىن بولدى.
مىلادى Ⅱ ئەسىردە تولىمىئۇس ئۆزىنىڭ «جۇغرا
پىيىنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلغان:
«سىرىسلارنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ، نوپۇسى كۆپ،
شەرقىي تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. ئولتۇراقلىشىشقا بىناب
جايى شەرق تەرەپتە. غەربىي تەرىپى ئېماۋۇس① ۋە
باسترىيىگە تۇتىشىدۇ. ئۇلار مۇئامىلىسى ياخشى، ئەدەب
ئەخلاقلىق مەدەنىي خەلقلەر.»
ئەمدى بىز «سىلىك» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تىل مەنبە
سىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى: سىلىك دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى
توغرىسىدا ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار بار. بەزىلەر ئۇنى
خەنزۇچە يىپەك رەختنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى بولغان «缯»

① ئېمائۇس — بۈگۈنكى مۇز تاغ [illegible]ت.

(زىڭ) ھەرپىنىڭ خاتا تەرجىمە قىلىنىشى، دەپ قارايدۇ.
بەزىلەر جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى كۆچمەنچىلەر يې-
پەكنى شۇنداق ئاتايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتالغۇ غەربكە
تارقالغان، دەپ قارايدۇ. سېرىس دېگەن بۇ سۆزنى بەزىلەر
بۇ جۇڭگولۇققا قارىتىلغان سۆز، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر
بۇ يىپەك رەختنى غەربكە ئاپارغۇچى ياۋچىلار ۋە باش-
قا بوستانلىقتىكى خەقلەرگە قارىتىلغان سۆز، دەپ قارايدۇ.
مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئىسمى نامەلۇم دۆلەتتىن
كەلگەن سىلىق ھەم گۈزەل يىپەك رەختى رىم ئاقسۆڭەك-
لىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ يىپەكنى
ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى ئالتۇنغا تېگىشكەن،
دەيدىغان رىۋايەت بار.

## 11. جۇڭگولۇقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئورنىت دېگەن تەلىماتنىڭ توغرا — خاتالىقى ھەققىدە ئىزدىنىش

جۇڭگو مىللىتى ئورنىتتىن كېلىپ چىققان، دېيىلسە،
بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر جەزمەن كۈلۈشىدۇ.
بىراق، تا يېقىنغىچە ئالىملار بۇ مەسىلە ئۈستىدە
ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تۆۋەندە بۇ توغ-
رۇلۇق قىسمەن مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: جۇڭگو-
لۇق ئورنىتتىن كېلىپ چىققان تەلىماتنىڭ بىرى، مىسىردىن
كېلىپ چىققان دەيدىغان تەلىمات؛ يەنە بىرى، مېسوپوتا-
مىيىدىن كېلىپ چىققان دەيدىغان تەلىمات.
مىسىردىن كېلىپ چىققان دېگەن تەلىماتنى دەسلەپتە

ەشەببۇس قىلغۇچى شۋېتسارىيە ئەينى دىنىي جەمئىيەتنىڭ
ەزاسى، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى ئاناستۇس كىرخېر
(1610 — 1680). ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيە باش رو-
ھانىي پېل دانىيىل ئۆزىنىڭ 1716 - يىلى يازغان «قەدى-
مكى كىشىلەرنىڭ دېڭىز سودا تارىخى» دېگەن كىتابىدا
ۇنداق بايان قىلغان: «ھىندىلار ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەم-
مىسىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىمىغاندىمۇ، ئۇ-
لارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كې-
رەك.» بولۇپمۇ ئۆرپ - ئادەت، يېزىق، تىل، سامسارا تەلى-
ماتى ۋە گالىغا چوقۇنۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مىسىرلىق-
لار، ھىندىلار ۋە جۇڭگولۇقلار ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتى-
دۇ، بۇ ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئوخشاش دېگەن
ەلىماتنىڭ ئىسپاتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ناھايىتى قارشى تۇرغۇچىلارمۇ
يلى كۆپ. شۋېتسارىيىلىك گېرنالىسۇين: «مەيلى دىن ۋە
ل جەھەتتىن بولسۇن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلچە مۇ-
سەۋەت بارلىقى سېزىلگىنى يوق» - دەپ كېسىپ ئېيتقان.
سقىسى، ناھايىتى قارشى تۇرغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگە-
يدۇ. بىراق، ھېرودوتوس ۋە سىتسىلىيىلىك دىئودوروس قا-
رلىقلاردىن قالغان رامسېس II ① نىڭ يىراقتا يۈرۈش
بلىشىغا ئائىت رىۋايەتلەردىن، مىسىردىن كېلىپ چىققان
ەلىماتتىكىلەر ئەڭ ئاخىرقى تىركىشىش كۈچىنى تاپتى.
ئودوروسنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

① رامسېس II — مىسىر 19 - پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى. مىلادىدىن
بۇرۇن 1234 — 1304 يىللىرىچە تەختتە ئولتۇرغان.

«19 - پادىشاھلىقتىكى سېسوستىرىس (رامسېس II)
جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىدە قوشۇن باشلاپ ئا-
سىياغا باردى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى. ئۇ ئىمپېراتور ئا-
لېكساندىر ئىستېلا قىلغان جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ قالماس-
تىن، ھەتتا ئالېكساندىرنىڭ قەدىمى يەتمىگەن ئەل ۋە ئا-
ھالىگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇنى قانداق بىلىمىز؟ چۈنكى
ئۇ گانگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ
تا ئوكيانغىچە بارغان.»

«ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ تا ئوكيانغىچە بار-
غان.» بۇ جۈملىنى ئىستېلا قىلىش بارىسى قىلماقچى. بۇ
پەقەت بىر رىۋايەت، ئەلۋەتتە.

يەنە بىرى، مىسوپوتامىيىدىن كېلىپ چىققان دېگەن
تەلىمات. بۇ تەلىماتنى دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغۇچىلى XVII
ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك جون. ۋېب. ئۇ جۇڭگو تىلىنى، ئىن-
سانىيەت تىلى بابىل مۇنارىسى ياسىلىپ ھەر خىل تىللارغا
تۆرلىنىشتىن ئاۋۋالقى ئىپتىدائىي تىل بولسا كېرەك، دەپ
قارايدۇ. XVII ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە مىسوپوتامى-
يىدىن كېلىپ چىققان تەلىمات ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە
بىر مەزگىل ئەۋج ئالدى، لېكىن ئىلىم ساھەسىنى زىل-
زىلىگە سالغان بۇ تەلىماتنىڭ بەرپا بولۇشىنى تېخىمۇ قەدى-
مىي دەۋردە ئۆتكەن ئورئېنتتىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.
ئورئېنتتا ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى بىر دېيىلگەن قاراش تار-
قىلىپ كەلمەكتە ۋە بۇ يەردىكىلەر ئىنسانىيەت بابىل مۇ-
نارىسى سېلىنغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كې-
تىشكەن، دەپ قارايدۇ.

بىراق ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى بىر دېگەن تەلىمات
نگەۋ ئىككى سىستېمىسى بار؛ بىرى، مىلادى IX ئەسىردە
ۆتكەن ئىبن خوردادبى ياكى XI ئەسىردە ئۆتكەن پىر-
ەۋسىنى تارقاتقان ئىران رىۋايەتلىرىدە ئافرىتون شاھ دۇن
انى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن،
كككىنچى ئوغلى تۇركىيە ۋە چىن (جۇڭگو) نى ئىچىگە ئالغان
ەرق ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يەنە بىر سىستېما
IX ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس دىناۋارى ۋە ياقۇت
اتارلىقلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان سېمىتىس
ر سىستېمىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نوئاھنىڭ ئۇرۇق
ەۋلادى غولداپ، تىلى بۆلۈنۈپ، بابىلدىن چىقىپ، تەرەپ
ەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن، يافاتنىڭ يەتتە ئوغلى شەرققە
بېرىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈرك، كىمىر ۋە چىن (جۇڭگ
و) لۇقلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان.
جۇڭگودا كىشىلەر خەنزۇ مىللىتىنى يۇكسەك مەدەنىي
ەتلىك، دۇنيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان (جۇڭخۇا) مىللىتى
ەپ قارايدۇ. ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرنى ياۋايى مىلل
ەتلەر دەپ قارايدۇ. بىراق يىراق غەربتىكى ئورۇنلاردا، كىشىلەر
بۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى بىر دېگەن تە
ىماتنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

## 2. زور بوشلۇق — كۆچمە قۇملۇق ئىچكىرىسىدە تارىخ ئىزدەش

### 1.2. يېقىنقى زاماندا ئويغانغان يىپەك يولى

كىشىلەر يەر شارىنى كىچىكلەپ كەتتى، دېيىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكى كۈندە بىز چوڭ تىپتىكى رېئاكتىۋ ئايروپىلانغا چۈشسەك ئۇن نەچچە سائەتتىلا ياۋروپاغا يېتىپ بارىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق كرېسلودا ئولتۇرۇپ، گېزىت كۆرۈپ، ئاز - پاز ۋىسكى ئىچىپ، بىرە دەم ئۇخلىۋالىمىز - دە، ۋاقىتمۇ توشىدۇ. پارىژ، لوندون، بۇرۇنقى يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى — رىمغا يېتىپ كېلىمىز.

بىز دۇنيا خەرىتىسىنى يېيىپ قويۇپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپلا تەسەۋۋۇر ساياھىتى ئېلىپ بارالايمىز. ھەرقانداق قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللاردا شەھەر ۋە بازارلار بار. بۇ يەرلەرگە پويىز قاتنايدۇ. تاشيوللار تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدۇ. مانا بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ خىلمۇ خىل جۇغراپىيىۋى شەرت - شارائىتنى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى. تۈركىيە ئىستانبۇلدىن سىنگاپورغىچە 15 دۆلەتنى بېسىپ

ئۆتىدىغان ئاسىيا يولىنى كۆرسەكلا بۇنى چۈشىنىمىز. ھازىر ھەممىلا جايدا جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئاق قالغان «مەنئى جاي» قالمىدى. دۇنيا بىزگە خۇددى ئالقىنىمىزدا تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ.

جەنۇبىي دېڭىز سۇ يولىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان يىپەك يولىنىڭ غوللۇق لىنىيىسى — بوستان يولى كىشىلەرنىڭ ئەس - خاتىرىسىدىن چىقىپ قالدى. ئاۋاتلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىپ كەلگەن بوستانلىق شەھەرلەر ئاستا - ئاستا كۆچمە قۇم ئاستىدا قالدى. نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كىشىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا باشقىدىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى.

ھەرقايسى جاھانگىر مەملىكەتلەرنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى، بولۇپمۇ ھىندىستاننى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئەنگلىيە ۋە سىبىرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە سىڭىپ كىرگەن روسىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈچنىڭ دىققىتى ئوتتۇرا رايوندىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق (جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ۋە شىزاڭ) قا چۈشكەنىدى. ئۇلار بۇ جايلارغا تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي جەھەتتىكى سىرلىق چۈمپەردىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى؛ يىپەك يولى نەچچە يۈز يىللىق غەپلەتتىن ئويغىنىپ قايتىدىن كىشىلەرنىڭ سۆز تېمىسى بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتورلارنىڭ

هايت ـ ماماتىغا قارىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن يىپەك يولىدىكى جۇغراپىيە، تارىخ ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىرىشتۇق. ئوتتۇرا ئاسىيادا مەنبە قىلىنغان رايون ۋە ئاق قالغان جايلارمۇ قالمىدى.

لېكىن بەزىلەر: «بىز شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا كىرەلمەيمىز، شۇڭلاشقا ئۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش قىيىن» ــ دېيىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ سىياسىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرغان بوشلۇق، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن خەرىتىدىكى ئاق قالغان ھالەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

روسىيىدىن پرژېۋالسكىي، شۋېتسارىيىدىن سىۋېنھېدىن، ئەنگلىيىدىن ستېيىن، فرانسىيىدىن بىلئوت، ياپونىيىدىن ئوتانى قاتارلىقلار يېتەكچىلىك قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېكسپېدىتسىيە ئارقىلىق «يىپەك يولىنى ئويغىتىش» تا تۇغۇت ئانىلىق رول ئوينىدى. بۇ بابتا ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئوتتۇقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىمىز.

## ئېكسپېدىتورلار بېسىپ ئۆتكەن جايلار

### پرژېۋالسكىي

1. گوبى، چىڭخەي كۆلى، سايدام.
2. تارىم ئويمانلىقى، لوپنۇر كۆلى، كوئېنلۇن تېغى.
3. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى، چىڭخەي كۆلى، جۇڭغارىيە، شىنجاڭ.

4. موڭغۇلىيە، چىڭخەي كۆلى، لوپنۇر كۆلى، خوتەن، تەكرى تېغى.

ھېدىن

1. پامىر، قەشقەر، خوتەن، لوپنۇر كۆلى، چىڭخەي كۆلى، بېيجىڭ.

2. قەشقەر، تارىم دەرياسى، لوپنۇر كۆلى، شىزاڭ، ھىندىستان.

3. گوبى، تۇرپان، ئۈرۈمچى، لوپنۇر كۆلى.

ستېيىن

1. خوتەن، فەرغانە.

2. خوتەن، لوپنۇر كۆلى، دۇڭخۇاڭ، تۇرپان.

3. قەشقەر، خوتەن، زورەن، دۇڭخۇاڭ.

ئوتانى ئەترىتى

1. فەرغانە، قەشقەر، خوتەن.

2. بېيجىڭ، موڭغۇلىيە، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، قاراقۇرۇم تاغ چوققىسى.

بىلئوت

قەشقەر، تۇرپان، دۇڭخۇاڭ.

## 13. ئېكسپېدىتور پرژېۋالسكىنىڭ ئۆلۈمى

XIX ئەسىردىن باشلاپ، ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاق قالغان جايلىرىغا جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلامچىسى رۇس ئىمپېرىيىسى. بۇ جايلار رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى بىلەن تۇتىشىپ

تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ جايغا كۆڭۈل بۆلۈشى تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى.

1845 - يىلى تەسىس قىلىنغان رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيە ئىلىم جەمئىيىتى، ئەينى ۋاقىتتىلا ئوتتۇرا ئاسىياغا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پولكوۋنىك نىكولاي مىخائىلوۋىچ پرژېۋالسكىي (1839 — 1888) نىڭ پائالىيىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپېدىتسىيىلىك يۈرۈش قىلىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە 1870 - يىلى باشلىنىپ، موڭغۇلىيە، گەنسۇ، شىنجاڭ ۋە شىزاڭنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈچ يىل داۋام قىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە 1876 — 1877 - يىللىرىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىلىك يۈرۈشىدە تەڭرى تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن لوپنۇر (لوپنۇر كۆلى) غا كەلدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە ئۇ تەڭرى تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ، گەنسۇ ئارقىلىق ئۇدۇل شىزاڭغا بارماقچى بولدى. بىراق دالاي لامانىڭ رەت قىلىشى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەي مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. بۇ 1879 — 1880 - يىللاردىكى ئىش.

تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە، ئۇ موڭغۇلىيىدىن چىڭخەيگە كېلىپ، ئاندىن شىزاڭغا سەپەر قىلىدۇ.

قايتىشىدا لوپنۇرغا كېلىپ، خوتەن ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، تەڭرى تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئىسسىق كۆلگە كېلىدۇ. بۇلار ئۇزۇن مۇساپىلىك ساياھەت. بۇ ساياھەت 1883 — 1885 - يىلىغىچە ئىككى يىل داۋام قىلدى.

تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە توققۇز يىل ئۈچ ئاي 27 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىندى. مۇساپە جەمئىي 31 مىڭ كىلومېتىرغا يەتكەن. سەپەر تامامەن تۆگە ۋە ئات بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

پروۋالىسكىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە ھەربىي بولۇپ تۇرغان چېغىدىلا ئۇسسۇرى دەرياسىدا ئېكسپېدىتسىيە تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىنلا جۇغراپىيە ۋە بىئولوگىيە قاتارلىقلارغا بەك ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئارقىلىق ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 15 مىڭ دانە ئۆسۈملۈك نۇسخىسى ۋە ھايۋانات نۇسخىسى (سۈت ئەمگۈچى ئائىلىسىدىكىدىن 702 دانە، قۇش ئائىلىسىدىكىدىن 5010 دانە، ئۆمىلىگۈچى ھاشارات ئائىلىسىدىكىدىن 1،200 دانە، بېلىق ئائىلىسىدىكىدىن 643 دانە) نى قولغا كەلتۈردى. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىتىنى بىلىشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

ئۇندىن باشقا ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىدە شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى تەكشۈردى ۋە ئاۋۋالقى ئېتىراپ قىلىنغان چېگرىنى شىمالغا تەخمىنەن 300 كىلومېتىر سۈردى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يازما دوكلاتىدا

لوپنۇر تۇزسىز كۆل دېگەن ئەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، نەتىجىدە بۇ لوپنۇر مۇنازىرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ يېقىلغۇ پىلتىسى بولۇپ قالدى.

1888 - يىلى پرژىۋالىسكى بەشىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەمشىلدى. ئۇ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قارا-كۆلدىن يولغا چىقماقچى بولىدۇ. ئۇ 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۇرتىدىن خوشلىشىپ پىشپېك (ھازىرقى فرونزى) تىن كېلىۋاتقاندا خام سۇ ئىچكەنلىكتىن كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاراكۆلدە ۋاپات بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كېسەل ھالەتتە ئەڭ ئاخىرقى كۈچ - مادارىنى يىغىپ، مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى جەزمەن ئىسسىق كۆل بويىغا دولقۇن ئۇرالمايدىغان جايغا قويۇڭلار. قەبرە تېشىغا ئاددىيغىنە قىلىپ، ئېكسپېدىتور پرژىۋالىسكى دەپ يېزىپ قويساڭلار بولىدۇ. ھەمدە مېنى ئېكسپېدىتسىيە كىيىمىم بىلەن بىرگە دەپنە قىلىڭلار.» ئۇنىڭ جەسىتى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نۇرغۇن سىر ساقلاپ ياتقان ئىسسىق كۆل بويىدا.

## 14. خىيال كۆلى — لوپنۇر مۇنازىرىسىنىڭ باشلىنىشى

تاغلار ئېچكىرىسىدىكى جىلغا سۇلىرى ئېرىق ھاسىل قىلىپ، تۈزلەڭلىك ۋە ياپيېشىل دالالاردىن ئۆتۈپ،

دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. بۇ ياپونىيىدە كۆپ ئۇچرايدىغان دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى.

بىراق قۇملۇقنىڭ ھاۋا كىلىماتى دەريا - ئېقىنلارغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كەم ئۇچرايدىغان ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقتى.

ئالدى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قۇيۇلىدىغان دەريا ئېقىنلىرىغا قارايلى: تەكلىماكان قۇملۇقى بەئەينى ئاتەش دوزاخقا ئوخشايدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەب، ھىمالايا تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، كۇئېنلۇن تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى تەبىئىي دەرپەردە ھاسىل قىلىپ، دېڭىزدىن كېلىدىغان شامالنى توسۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغاقلىقى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقكى، ئۇنىڭغا ئېكسپېدىتور سىتېيىنمۇ ھەيران قېلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەتتا ئەرەب قۇملۇقىنىمۇ بۇ جاي بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.»

بۇ جايغا قۇيۇلىدىغان بىرنەچچە دەريا - ئېقىنلار تومۇز كۈنلىرى قۇملۇقتا تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ غايىب بولىدۇ، خالاس.

لېكىن خۇددى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغاندەك قۇملۇقنى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا - ئېقىنلار ئىچىدە تارىم دەرياسى بار. تاسادىپىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ دەريا لوپنۇرغا قۇيۇلۇپ ئۆز ماكانىنى تاپىدۇ.

لوپنۇرنىڭ ئەزەلدىنلا نۇرغۇن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جايلىرى بار. دەريا سۈيى بۇ جايغا باشلاپ ئەكىلىدۇ. بىراق كۆلدىن ئېقىپ چىقىدىغان بىرەر دەريامۇ يوق. بۇ جاي ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئاخىرى». شۇنداق بولسىمۇ

ئۇنىڭ سۇ مىقدارىدا يىل بويى ئۆزگىرىش بولمايدۇ.
قەدىمكى جۇڭگولۇقلار: بۇ كۆلنىڭ سۈيى چوقۇم يەر ئاس-
تىغا كىرىپ كېتىدۇ، يەر يۈزىدە قايتىدىن پەيدا بولغان
جايى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىشى دەپ قىياس قىلىدۇ،
لېكىن ئالدىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، خۇاڭخېنىڭ باش-
لىنىش مەنبەسى شىزاڭ تەرەپتە.

لوپنۇر بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.

يەنە بىر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يېرى شۇكى، جۇڭگولۇق-
لاردا لوپنۇر كۆلىدە تۇز تەركىبى بار، دېگەن رىۋايەت
تارقىلىپ كەلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆلنىڭ تۇزلۇق
كۆل دەپ باشقىچە بىر ئاتىلىشىمۇ بار.

لېكىن 13 - ئەسىردا بايان قىلىنغاندەك يېقىنقى
زاماندا لوپنۇرغا ھەممىدىن بۇرۇن بارغان پروۋارسكى ئۆز
دوكلاتىدا، ئۇنى تۇزسىز كۆل دېگەن.

پروۋارسكىنىڭ يۇقىرىقى دوكلاتىنىڭ كۈچلۈك بىر
رەددىيىچىسى بار. ئۇ بولسىمۇ يىپەك يولىغا نام بەرگۈچى
گېرمانىيىلىك رىچتوفىن. رىچتوفىننىڭ پىكرىچە، بىرىنچىدىن
لوپنۇرغا ئوخشاش ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى چوقۇم تۇزلۇق
كۆل بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەزەلدىن سۆزلىنىپ كەلگەن
لوپنۇر بىلەن پروۋارسكى دېگەن كۆل ئوتتۇرىسىدا ئورۇن
جەھەتتە ئىختىلاپ بار، شۇڭلاشقا پروۋارسكى كۆرگەن
كۆل لوپنۇر بولماستىن، يېڭىدىن شەكىللەنگەن كۆل بولۇشى
مۇمكىن.

## 15. كۆچمە كۆل — لوپنۇر مۇنازىرىسىنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى

پروۋارسكىي تاپقان كۆلنى يەرلىك خەلقلەر قارا-قۇيۇن دەپ ئاتايدۇ.

ئەگەر قاراقۇيۇننى لوپنۇر دەپ بېكىتسەك، ئۇ ھالدا جۇڭگونىڭ قەدىمدىن بۇيانقى جۇغراپىيە خەرىتىسى ۋە ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خاتا بولغان بولىدۇ. ئەگەر قاراقۇيۇن لوپنۇر بولمىغاندا، ئۇنداقتا ھەقىقىي لوپنۇر زادى قەيەردە؟ بۇ توغرىلىق پروۋارسكىي بىلەن رىچتوفىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئاياغلاشقىنى يوق، پەقەت پروۋارسكىينىڭ ئۆلۈمى بىلەن توختاپ قېلىندى.

ئارقىدىنلا لوپنۇر مۇنازىرىسى، رىچتوفىننىڭ شاگىرتى، تۇغما ئېكسپېدىتسىيىچى دېگەن نامغا مۇناسىپ بولغان سۋېن ھېدىن مەيدانغا چىقىپ كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشتى.

1893 - يىلى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان سۋېن ھېدىن تارىم دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ تارمىقى كۆنچى دەرياسى قوشۇلىدىغان يولنى بويلاپ ماڭماي، باشقا بىر يول بىلەن ماڭدى. نەتىجىدە، قۇرۇپ كەتكەن قۇرۇق دەريانى سەزدى. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مېڭىپ، ئاخىر كۆل، قارا كۆل، تايىق كۆل ۋە ئارچا كۆل قاتارلىق تۆت كۆلنى سەزدى.

بۇ تۆت كۆلنىڭ تۇتاشقان جايى جۇڭگونىڭ جۇغراپ-

پىيە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان لوپنۇر كۆلى بىلەن ماس كېلىدۇ. سۋېنھېدىن بۇنىڭ رىچخوفېن تەشەببۇس قىلغان ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سۋېنھېدىن تۆۋەندىكىچە قىياسنى ئوتتۇرىغا قويدى:

«دېڭىز يۈزىدىكى تۈپتۈز قۇملۇق ئۈستىدە، ئېقىن سۇ يەر يۈزىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرگىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. جەنۇبتىكى قاراقۇيۇن كۆلىنىڭ ئوتتۇرىدىكى چوڭقۇرلۇقى 0.81 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ تارىم دەرياسى ئېقىپ كەلگەن لاي - لاتقا، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىرىتىلىرى ھەمدە كۆچمە قۇم بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن، كۈچلۈك شەرقىي شىمال شامىلى نەچچە ئەسىر داۋام قىلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كۆل تېگىنى ئۇچۇرتۇپ، تۆۋەنلەشتۈرۈۋەتكەن. مانا بۇ خىل تەسىر تۈپەيلىدىن تارىم دەرياسى يەنە بىر قېتىم قۇرۇق دەرياسىغا قۇيۇلغان. شىمالدىكى ئويمانلىقتا بولسا قايتىدىن كۆل بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن قاراقۇيۇن قۇرۇپ كەتكەن. جۇڭگو خەرىتىسىدە بولسا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كۆللەرگە ئاخىر يەنە سۇ توشۇپ كەتكەن.

لوپنۇر كۆلى مانا شۇ رەۋىشتە خۇددى ماياتنىكتەك قۇملۇقتا ئۇيان - بۇيان يۆتكىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ دەۋر قىلىنىشىنى سۋېنھېدىن 1500 يىل دەپ قارىغان. لوپنۇر كۆلى بىر «كۆچمە كۆل». ئىلىم - پەن ساھەسىدـ

كىلەر بۇ يۈرەكلىك تەلىماتقا ئاساسىي جەھەتتىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى.

يەكۈن بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن 14 يىل كېيىن چىقىرىلىدۇ. شۇ يىلى، سۇۋېنھېدىن تۆتىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرپانغا كەلگەندە بىر سودىگەر ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ سودىگەردىن: «بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن كۆنچى دەرياسى قۇرۇق دەريا قىنىغا قۇيۇلاتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ پاكىت بىلەن سۇۋېنھېدىنىڭ تەلىماتى تىكلىنىدۇ. پروۋارسكىنىڭ قاراقۇيۇن تەلىماتى بەربات بولۇپ، رىچتخوفىنىڭ لوپنۇرغا قايتىدىن سۇ توشىدۇ.

## 12. روۋەن پادىشاھلىقىنىڭ تېپىلىشى

روۋەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى خارابىلىك.

روۋەن دېگەن بۇ ئىسىم، ئەڭ قەدىمكى ھۆججەت، يەنى مىلادىدىن بۇرۇن 176 - يىلى خۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن سۇلالىسىگە يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا كۆرۈلدى:

«تەڭرى بەخت ئاتا قىلغانلىقى، سەركەردە ۋە لەشكەرلەر سەر خىل، ئات ـ ئۇلاغلار كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ياۋچىلارنى قىرىپ ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، روۋەن، ئۇيسۇن، خۇجى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى تىنچىتىپ، ئۆزۈمگە قاراتتىم.»

شۇندىن 50 يىل ئۆتۈپ، يەنى مىلادىدىن بۇرۇن

126 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن تارىختا تۇنجى قېتىم غەربىي رايوننى كەزدى. ئۇ ئۆز دوكلاتىدا: «روۋەن قانقىلىنىڭ سېپىلى بار ئىكەن. تۇزلۇق كۆلگە (لوپنۇر) يېقىن ئىكەن»،— دەيدۇ.

كېيىنچە فاشيەن بىلەن شۇەنجۇاڭ بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە بۇددا نوملىرىنى ئىزدەپ غەربىي رايونغا بارغاندا روۋەن ئاللىقاچان خارابىلىككە ئايلانغانىكەن.

1900 - يىلى ئېكسپېدىتور ھېدىن قۇملۇقتا غەپلەتتە ياتقان بۇ قەدىمىي خارابىلىكنى تاپتى. ئۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قەدىمىي شەھەرنىڭ تېپىلىشى مەيلى جۇغراپىيە ياكى تارىخشۇناسلىق جەھەتتىن بولسۇن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1901 - يىلى مەن قايتا ئۇ جايغا بارغىنىمدا، بىر خارابىلىكتىن 150 پارچە ئەتراپىدا تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەز پۈتۈك قېزىۋالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچە تارىشا پۈتۈك بىلەن قەغەز پۈتۈكلەرگە يىلنامىلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ شەھەر روۋەن شەھىرى دېيىلىدۇ.»

كۆچمە قۇملۇق تېگىگە كۆمۈلگەن غەربىي رايوندىكى بۇ پادىشاھلىقنىڭ شەھىرى شۇنىڭ بىلەن يەنە نامايان بولدى.

روۋەن يىپەك يولى ئۆتكىلىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى روۋەننى كۆپ تالاشقان. ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا قالغان روۋەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنىدىن پايدىلىنىش كېرەك ئىدى.

روره‌ن هونلار ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ، خه‌ن سۇلا-
لىسىنىڭ ئه‌لچىسى ۋاڭ خۇيىنى بۇلىغانلىقى ئۈچۈن خه‌ن
سه‌ركه‌ردىسى جاۋ پونۇنىڭ قوشۇنى مىلادىدىن بۇرۇن
109 - يىلى روره‌نگه هۇجۇم قىلىپ، روره‌ن شاهىنى
ئه‌سىرگه ئالىدۇ.

شۇندىن كېيىن، روره‌ن خه‌ن سۇلالىسىگه ته‌ۋه بولىدۇ
هه‌مده بىر شاهزادىنى گۆرۈگه قويىدۇ، لېكىن هونلارمۇ رو-
ره‌ندىن چىقىپ كه‌تمه‌يدۇ. شۇڭلاشقا روره‌ن هونلارغا يه‌نه
بىر شاهزادىسىنى گۆرۈگه قويۇپ، سىياسىي جه‌هه‌تتىكى ته‌ڭ-
پۇڭلۇقنى قولغا كه‌لتۈرىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇن 92 - يىلى روره‌ن پادىشاهى
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خه‌لق خه‌ن سۇلالىسىده گۆرۈده
تۇرغان شاهزادىنىڭ قايتىپ كېلىپ، پادىشاه بولۇشىنى
تىله‌يدۇ. بىراق بۇ چاغدا شاهزاده ئاختا قىلىۋېتىلگه‌نلىكى
ئۈچۈن بۇ ئىش ئه‌مه‌لگه ئاشمايدۇ.

روره‌ن نائىلاج باشقىدىن پادىشاه تىكله‌يدۇ. ۋه‌هاله‌نكى،
يېڭى پادىشاهنىڭ شاهزادىلىرى يه‌نه خه‌ن سۇلالىسى ۋه
هونلارغا گۆرۈگه ئه‌ۋه‌تىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمه‌ي يېڭى پادىشاه
يه‌نه ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا هوندا گۆرۈده تۇرغان
شاهزاده ته‌ختكه ئولتۇرىدۇ. پادىشاهنىڭ ره‌هبه‌رلىكىده روره‌ن
هونلارغا مايىل بولۇش يولىنى تۇتۇپ، قايتىدىن هونلار
ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىدۇ ۋه دائىم خه‌ن ئه‌لچىلىرىنى
ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خه‌ن سۇلالىسى فۇ جىيېزى ئىسىم-
لىك بىر ئه‌مه‌لدارنى روره‌ن پادىشاهىنى ئۆلتۈرۈشكه
بۇيرۇيدۇ. فۇ جىيېزى بىر سۇيىقه‌ست ئىشلىتىپ، زىياپه‌تته

ھەممەيلەن كەيپ بولغاندا ئىنگگى ئەسكەرنى پادىشاھنىڭ كەينىدىن چىقارتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

روۋەن پادىشاھلىقى شۇندىن ئېتىبارەن ئاخىرلىشىدۇ.

## 17. مىراندىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى قاناتلىق پەري نىمە

قەدىمي روۋەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋىتوكىت پادىشاھلىققا تەيىنلىنىدۇ. روۋەن پىشامشانغا ئۆزگەرتىلىدۇ. يېڭى پايتەختنى لوپنۇرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يۆتكەيدۇ. بۇ جاي ھازىر مىران دەپ ئاتىلىدۇ.

پىشامشان ئۇزۇن مۇددەت خەن سۇلالىسىنىڭ ھامىلىقىدا تۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەركەنگە بويسۇنىدۇ. يەركەنت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. پىشامشان باشچىلىقىدا 17 دۆلەت خەن سۇلالىسىگە يەركەننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. بىراق ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئومۇمىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە بىر پارچە جاۋاب خەت ئەۋەتىدۇ: «بىز ھەم ئەلچى ئەۋەتەلمەيمىز، ھەم چوڭ قوشۇنمۇ ئەۋەتەلمەيمىز. ئەگەر دۆلەتلىكلاردا ۋە باشقا دۆلەتلەردە يېتەرلىك كۈچ بولمىسا

ئۆز ئىختىيارىڭلار بويىچە، مەيلى شەرق، جەنۇب، شىمال ياكى غەرب بولسۇن بىز تەرەپكە مايىل بولۇڭلار».

ئاجىز پىشامشان نائىلاج «جاۋاب خەتكە بىنائەن»، ھون ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. شۇنىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پىشامشان ھون ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈۋالىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچ دائىرىسى قايتىدىن بۇ ئەتراپقا كېڭەيگەندە پىشامشان يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ. كىچىك دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پىشامشان قەدىمىي جۇڭگونىڭ غەربىي مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پىشامشانمۇ تەبىئىي شارائىتنىڭ قاتتىق ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالمىدى. تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن يولىنىڭ كۆچۈشى بىلەن بۇ تاشلىنىپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئىنسانىيەت ياشىغان بۇ جايلار بارا ـ بارا كۆچمە قۇم ئاستىدا قالدى.

VII ئەسىردىن كېيىن تىبەتنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. مىران يەنە بىر مەھەل گۈللەنگەن بولسا كېرەك. كېيىن يەنىلا كۆچمە قۇم تەكتىدە قالىدۇ. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، ماركوپولو بۇ جايدىن ئۆتكەندە، قۇملۇق ھەممىنى بېسىپ كەتكەن. پەقەت ئۇپۇق بىلەن پايانسىز كۆچمە قۇملۇق تۇتىشىپ تۇراتتى.

ئەنگىلىيە ئېكسپېدىتورى ستېيىن يېقىنقى زاماندا مىرانغا كىرىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۆلچەرلىگۈسىز ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ تۇرغۇزۇلغان

ئىبادەتخانىنى خارابىلەرنى تاپتى. قەدىمكى يازما ھۆججەتلەرنى قېزىپ چىقتى؛ 3 ـ ئىبادەتخانا ۋە 5 ـ ئىبادەتخانىدىن غەربتە ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەرنى تاپتى. بۇ مىران دېگەن ئىسىمنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس سىمۋولى بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ 3 ـ ئىبادەتخانىدا تېپىلغان قاناتلىق پەرىنىڭ رەسىمى ھەممىدىن مەشھۇر. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، قانىتىنى كېرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق رەسىم «گرېك مەدەنىيىتى» دەۋرىدە كەڭ تارقالغان. ئالېكساندىر شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن. قاناتلىق پەرى كېيىنچە خرىستىئان دىنىدىكى پەرى رەسىملىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. خارابىلىققا ئايلانغان ئىبادەتخانىلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇن گرېك ۋە رىم ئۇسلۇبىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇت ھەيكەللىرى بار ئىدى.

## 18. پىلىچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىش ھېكايىسى ـ ستېيىننىڭ پائالىيىتى (1)

ئەگرى ـ توقاي ۋە بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىقىدا بارچە جانلىق چەتكە قېقىلغان، ھەتتا ئەڭ كىچىك جانلىق ئىزلىرىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە بىپايان قاقاس قۇملۇقلار بار. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى پەقەت بورانلا بۇ قۇملۇقنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ كەلدى.

قانچىلىغان قەدىمىي شەھەر ۋە تىلسىمى خارابىلىقنىڭ

بۇ قۇملۇق تەكتىدە غەپلەتتە ياتقانلىقىنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟

دورەن، دۇڭخۇاڭ، نىيە، مىران... بۇ تۇساتتىن ئويغانغان خارابىلىقلار، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئەپچىل بىر بېكىتى، شۇنداقلا شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ مەھسۇلى.

بىز پروۋارسكىي، ھېدىن، ستېيىنلارنىڭ ئىسمىنى بۇ كونا خارابىلىقنى تاپقۇچى ۋە تونۇشتۇرغۇچى سۈپىتىدە يادىمىزدا قالدۇردۇق. بۇ ئۈچەيلەن ئۇلۇغ ئېكسپېدىتور بولۇپلا قالماستىن شۇنداقلا ئۇلۇغ ئالىم. پروۋارسكىي بىلەن ھېدىن مەخسۇس تەبىئىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ستېيىن بولسا تارىخشۇناسلىقتا بىلىمى ناھايىتى ئۈستۈن.

ھازىر بىز ستېيىننىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

ستېيىن 1862 - يىلى ۋېنگرىيىنىڭ بۇداپېشتتا تۇغۇلغان. ۋېينا، رىبىس ۋە تۇتلىنگېن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان. كېيىن دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيىگە بېرىپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1904 - يىلى ئەنگلىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتىدۇ.

1888 - يىلى ستېيىن ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن لاھوردىكى (ھازىرقى پاكىستان چېگرىسى ئىچىدە) شەرق مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كېلىدۇ. كېيىن 1898 - يىلى

ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىش پىلانىنى سۇندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ستېيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىش پىلانىنىڭ مۇددىئاسى بۇددىزم ئەقىدىسىنى ئىزدەپ جۇڭگودىن ھىندىستانغا بارغان شۈەنجۇاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» نىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىكەنمىش.

ستېيىن 1905 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى، كەشمىرنىڭ پايتەختى سىلناكادىن باشلىنىپ، جىرجىت ۋە قونجا ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىدۇ. ئاندىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى قەشقەردىن ئۆتۈپ، خوتەنگە كېلىدۇ. خوتەنگە 96 كىلومېتىر يەردىكى دەندان - ئويلىك (قەدىمىي ئۇزۇن تاتى دۆلىتى) نىڭ خارابىلىقىدىن شۈەنجۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان «پىلىچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەت» خاتىرىلەنگەن بىر پارچە مەشھۇر بېغىشلىما تاختىسىنى تېپىۋالدى.

بۇ ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، خوتەندە تېخى پىلە يوق چاغدا، خوتەن پادىشاھى جۇڭگوغا مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگو رەت قىلىپ، ئۆتكەللەرنى چىڭ تۇتۇپ، پىلە ئۇرۇقىنىڭ سىرتقا چىقىرىشىنى مەنئى قىلغان. خوتەن پادىشاھى بىر تەدبىر ئويلاپ چىققان، ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان خانىكەگە پىلە ئۇرۇقىنى يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەملىكەتتىمۇ پىلىچىلىك ئەۋج ئالغان.» بۇنىڭغا

ئۇخشاش ھېكايىلەر شەرقىي رىمدىمۇ بار.

بۇنىڭدىن باشقا، ستېيىن دەندان - ئۇيىلىكتىن يەنە خوتەن يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنى قېزىپ چىققان. خوتەن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پۇل ئارىيەت ئېلىش ھۆججەتلىرى ۋە قەرز قايتۇرۇش مەكتۇپى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ستېيىن خوتەندىن داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، نىيە خارابىلىقىنى قېزىپ، نۇرغۇن كاروشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تاپتى. ئاندىن فەرغانە ئارقىلىق پويىزغا ئولتۇرۇپ لوندونغا قايتتى.

## 19. نىيە ۋە دۆڭخۇاڭنى ئېچىش — ستېيىننىڭ پائالىيىتى (2)

ستېيىن تاپقان نىيە خارابىلىقى غەربىي خەن دەۋرىدە گۈللەنگەن نىيە دۆلىتى ئىدى. غەربىي خەن كۈچلىرى چېكىنىپ چىقىپ، يەركەننىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ پىشامشان قاتارلىق تارىم ئويمانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا نىيىمۇ يەكەننىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن. كېيىنچە يەكەن خوتەن دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. نىيە دۆلىتى پىشامشان دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ.

نىيە خارابىلىقىدىن 782 پارچە كاروشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى قېزىپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە

ئاسىنە، خېراكىلىس، ئېروس① قاتارلىق گرېك ئەپسانىلىرىگە تەقلىد قىلىنىپ سىزىلغان ئادەم رەسىملىرى قېزىپ چىقىلدى. كاروشتى ھۆججەتلىرىدە يېزىلغان يېزىق كاروشتى يېزىقى دېيىلىدۇ. بۇ قەدىمقى ھىندىنىڭ غەربىي شىمالىدا قوللىنىلغان يېزىق. تىل جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ قەدىمقى ھىندىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاۋام تىلىغا كىرىدۇ. بۇ خىل يېزىق — بۇندىن ئاۋۋال پېشاۋەردە تېپىلغان مىلادىدىن بۇرۇن III ئەسىردە ئۆتكەن پادىشاھ ئاشوكا ئابىدىسىدىمۇ ئۇچرىغان. بۇ خىل يېزىق مىلادىيە IV — V ئەسىردىلا ھىندىستاندا ئەمەلدىن قالغان. بىراق، كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىق تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. كاروشتى ھۆججەتلىرىنى شەرھىيلەش ئۈچۈن 30 يىل ئەتراپىدا ۋاقىت كەتتى. ئامما ئۇنىڭ غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى تەتقىق قىلىشتا ئوينايدىغان رولى ھەددى - ھېسابسىزدۇر.

1902 - يىلى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنىڭ نۇقتىسى ئۆزىدىن ئاۋۋال ھېدىن تاپقان روۋەن، مىران ۋە دۇڭخۇاڭ ئىدى.

ستېيىن مىراندىكى قېزىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى 3 - ئايدا دۇڭخۇاڭغا كەلدى. ئۇ دۇڭخۇاڭدىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان سۇلې دەرياسى ئويمانلىقىنى قايتا تەكشۈرۈپ، جۇڭگودىن باشلانغان يىپەك يولىنىڭ ئۆتكىلى —

---

① ئاسىنە — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى. خېراكىلىس - گرېك ئەپسانىلىرىدىكى كۈچ ئىلاھى. ئېروس، — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئاشىق ئىلاھى — ت.

«قاشقۇۋۇق» نىڭ توغرا ئورنىنى ئىسپاتلىدى.

دۇڭخۇاڭدىكى سىزىش ھەققەتەنمۇ ھەيران قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 1907 - يىلى ستېيىن دۇڭخۇاڭغا كەلگەندە مەلۇم بىر غار ئىبادەتخانىدىن نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەت چىقىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلايدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ۋاڭ فامىلىلىك بىر راھىب غار ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا توساتتىن تامنىڭ بىر يېقى غۇلاپ چۈشۈپ، ئۈچ كۋادرات مېتر ئەتراپىدىكى كىچىك بىر خانا كۆرۈنۈپ قالغان. ئىچىدە ئۈچ مېتر ئېگىزلىكتە توپا - چاڭ باسقان قەدىمىي ھۆججەتلەر دۆۋىلەنگەن. ستېيىن دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ۋاڭ راھىبنىڭ قەدىمىي ھۆججەتلىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى كۆرسىتىشنى ئۆتۈنىدۇ. قەغەزنىڭ سۈپىتى ۋە خەت شەكلىدىن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنى دەرھال بىلىۋالىدۇ. بۇ كىتابلار كېيىنچە «دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ستېيىن ۋاڭ راھىب بىلەن سودىلىشىش نەتىجىسىدە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 9·000 نۇسخا ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرۈپ لوندونغا ئەكىتىدۇ.

1913 - يىلى ستېيىن ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنى باشلايدۇ. بۇ قېتىم ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى مىران، دۇڭخۇاڭ، جىمسار، قۇچۇ ۋە بوزقۇلاق قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تەكشۈردى. 1915 - يىلى، ستېيىن قۇجۇ دەۋرىدىكى قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا نۇرغۇن بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملارنى تاپتى.

جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن، ستېيىن تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا

بېرىش نىيىتىدىن يېنىپ غەربىي - جەنۇبىي ئاسىيادىكى يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈشكە يۈزلىنىدۇ. 1943 - يىلى 10 - ئايدا ستېيىن ئافغانىستانغا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ھارغىنلىقتىن كابۇلدا ۋاپات بولىدۇ ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ يىلى ئۇ 82 ياشتا ئىدى.

## 20. دۇڭخۇاڭشۇناسلىقنىڭ ماكانى ۋە دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرى

دۇڭخۇاڭ جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدە. بۇ جايدا بۇددىزم راۋاج تاپقانلىقتىن مىلادى IV ئەسىردىن تارتىپلا قىيالاردا ھۇجرا كولاپ ئىبادەتخانىلار سېلىنغان. ئەڭ بالدۇرقى تاش ھۇجرا ئىبادەتخانىسىنى مىلادى 366 - يىلى راھىب لې فۇ كولىغان. غەربىي ۋېي دەۋرىدىكى مۇپەتتىش يۈەن تەيرۇڭ قاتارلىقلار ئۇنى قايتىدىن خېلى كېڭەيتكەن. بۇ ھۇجرا ۋە ئىبادەتخانىلار مىڭشا تېغىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ھازىرغا قەدەر موگاۋكۇمىڭ ئۆيى جاھانغا مەشھۇر.

دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرى مۇشۇ ھۇجرالارنىڭ بىرسى بولغان 151 - نومۇرلۇق ھۇجرىدىن تېپىلغان. ستېيىن ستىۋېلىپ لوندونغا ئەۋەتىۋەتكەن پۈتۈكلەر دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەمدىلا شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەن

فرانسوز بىلئوت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بىرنەچچە ئاي-
دىن كېيىن دۇڭخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ ستېيىنگە
ئوخشاش ئۇتۇقلۇق ھالدا تەخمىنەن 5،000 نۇسخا پۈتۈك
سېتىۋالىدۇ.

بۇ خەۋەردىن چۆچۈگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
قالغان ـ قاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى بېيجىڭغا توشۇپ كېتىدۇ.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ستېيىن، بىلئوت سېتىۋالغان ھۆججەت
ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا يۆتكەپ كەتكەن
دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 30 — 40 مىڭ
نۇسخىغا يېتەرمىش. بۇلاردىن سىرت يەنە ياپونىيە ۋە
روسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى
ئەكەتكەنلىرىمۇ بار.

دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرى ئۇنىڭ يىلىدىن قارىغاندا، IV
ئەسىردىن باشلانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە VIII — IX ئەسىرگە
مەنسۇپلىرى ناھايىتى كۆپ. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا
كېلىپ ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ ھۆججەتلەر XI ئەسىرنىڭ
باشلىرى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاڭغۇتلار غەربىي
شىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە يوشۇرۇپ قويۇلغان دەپ
تونۇلۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن سىزما رەسىم-
لەرمۇ بار. نۇرغۇن پۈتۈكلەر خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە براخمى تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدا، سوغ-
دى تىلىدا، كۇسەن تىلىدا ۋە خوتەن تىلىدا يېزىلغان
پۈتۈكلەرمۇ تېپىلدى.

دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن بۇد-
دىزمغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار، لېكىن مانى دىنى ۋە

خرىستىيان دىنىنىڭ (نېستورى مەزھىپى) دىنىي كىتابلىرى-
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ھۆكۈمەت
ۋە شەخسلەرگە ئائىت ھۆججەتلەرمۇ خېلى كۆپ. بۇلارنىڭ
ئىچىدە بولۇپمۇ نوپۇسقا ئائىت ھۆججەتلەر، بولۇپ قەدىمىي
جۇڭگونىڭ يەر تەقسىم قىلىش قانۇنى قاتارلىقلارنى تەت-
قىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللاردۇر.

ئىبادەتخانىدىن ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرگە ئائىت بۇ
ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى مۇنداق سەۋەبلەردىن بولغان:

ئەينى ۋاقىتتا گەرچە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان
بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بۈگۈنكى كۈنگە
يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەغەز قىممەتلىك بۇيۇم ھېساب-
لىناتتى. شۇڭلاشقا ھەرقايسى ئىبادەتخانىلار ھۆكۈمەت
ئىشلىتىپ بولغان ھۆججەتلەرنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ كەينى
تەرىپىگە دىنىي ئايەتلەرنى كۆچۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئال-
دى تەرىپىگە نوپۇس خاتىرىلەنگەن، كەينى تەرىپىگە دىنىي
ئايەتلەر كۆچۈرۈلگەن پۈتۈكلەر يارىلىققا كەلگەن. بۇلاردىن
باشقا، داۋجياۋ دىنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارلىق نەرسى-
لەرمۇ تېپىلدى. دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى
ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى
سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش خېلى تەسكە چۈشىدىغان ئوخ-
شايدۇ. دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىگە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل
تەتقىقات «دۇڭخۇاڭشۇناسلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇڭخۇاڭ-
شۇناسلىق قەدىمىي زاماندىكى غەربىي رايوننى بىلىۋېلىش-
لا بولۇپ قالماستىن بەلكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى

تارىخ، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەرنى بىلىشتىكى قىممەتلىك خەزىنىدۇر.

## 21. مىڭ ئۆينىڭ سىرى

دۇنخۇاڭدىكى ئۆيلەر، يەنى موگاۋكۇ مىڭ ئۆينى پۈتتۈرگىچە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 1000 يىل كەتكەنمىش.

مىڭشا تېغىغا سېلىنغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1600 مېتىر كېلىدىغان ئۆيلەرنىڭ سانى 500 گە يېتىدۇ. XIII ئەسىردە خېشى كارىدورىدىن ئۆتكەن ماركو پولو: «بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى بۇددىزمغا ئەقىدىلىق بىلەن چوقۇنىدۇ» دېگەن. دۇنخۇاڭ ھەقىقەتەنمۇ بۇددىزمنىڭ مۇقەددەس جايى.

دۇنخۇاڭ كېيىن قېزىلغان يۈنگاڭ ۋە لۇڭمېن قاتارلىق مىڭ ئۆيلەرنىڭ قاشقا بوت ئويۇشى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنخۇاڭنىڭ تاملىرىدا سىزما رەسىملەر ئاساس قىلىنغان. سىزما رەسىمنىڭ ئومۇمىي سانى 2000 دىن ئاشىدۇ.

مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىلار گەرچە تاغنى تېشىپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئادەتتىكى ئىبادەتخانىلاردىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭدا مەركىزىي زالمۇ بار. ئىستىقامەتچىلەر خانىسىمۇ بار. مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئىزدىنىشكە بولىدۇ.

ھىندىستاندىن باشلانغان بۇ خىل ئىبادەتخانا قۇرۇلۇ-
شى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى-
نى بويلاپ، غەربتە كۇچاردىن باشلىنىپ، شەرقتە تۇرپان
ئويمانلىقىغىچە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كېڭىيىپ بارغان.
بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇچار ئەتراپىدىكى مۇجات دەريا-
ۋادىسىدىن قېزىپ چىقىلغان قىزىل مىڭ ئۆيى كۆلىمىنىڭ
زورلۇقى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن مەشھۇر.
ھىندىستاندىن باشلانغان بۇ خىل مىڭ ئۆي ئىبادەت-
خانىلىرى يىپەك يولىدا غەربىي ئاسىيا قۇرۇلۇشچىلىقىنىڭ
شەكلىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان.
ئۆي تۇرۇسىنىڭ شەكلىنى مىسالغا ئالساق:
بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېرىم كونۇس شەكلىدە ۋە يې-
رىم شار شەكلىدە سېلىنغان. لېكىن بەزىدە چاسا ياكى
تىك تۆت بۇلۇڭلۇق پانۇس شەكلىدىكى تۇرۇسلارمۇ ئۇچ-
رايدۇ. بامىيان ۋە غەربىي تۈركىستان قاتارلىق جايلاردى-
كى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. بۇ
خىل ئۆيلەر خىش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. لېكىن ئەگمە ئىشىك
قىلىپ ياسالمايدۇ. بەلكى بىر تەرەپتىن تۈز تاش ۋە ياغاچ-
نى تۆت بۇلۇڭغا ئورنىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ
دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ سېلىنىدۇ.
قىزىل مىڭ ئۆيى مانا مۇشۇنداق خىلمۇ خىل شەكىلدە
نامايان قىلىنىپ تۇرىدۇ، ۋەھالەنكى بۇ مىڭ ئۆي ئىبادەت-
خانىسىنى ئالاھىدە داڭ چىقارغۇزۇپ تۇرغان ئۇنىڭ نە-
پىس تام رەسىملىرىدۇر. بۇددا نوملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
تۇرىدىغان نۇرغۇن تام رەسىملىرى مول مەزمۇنغا توشقان

دۇنيانىڭ نامايەندە قىلىدۇ، بۇ دەسلەپكى تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. پارس ئۇسلۇبىدىكى، جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى قاتارلىقلار شەرق - غەرب مەدەنىيىتى مانا بۇ پەردە جەملەنگەنىدى.

1903 - يىلى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى دۇبىيەن جېشىن، جۈشەنشيۇڭ بۇ جايغا دەرھال يېتىپ كېلىپ، بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى سويۇپ ياپونىيىگە ئەكەتتى. بۇلار تام رەسىملىرى دەپ ئاتالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىۋاستە تاش ئۈستىگە سىزىلغان ئەمەس بەلكى سامان بىلەن ئېتىلگەن لايىنى تاش ئۈستىگە چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ھاك لاي چاپلاپ ئاندىن رەسىم سىزغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى سويۇۋېلىش بەكمۇ ئوڭاي ئىدى.

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق تارقالغان مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىسى، ئۇزۇن ئۆتمەي دۇڭخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. يۈنگاڭ ۋە لۇڭمېن مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىلىرىغا تا چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى فوگو ئىبادەتخانىسىغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 22. دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنى ساتقان راھىبنىڭ ئاقىۋىتى

فرانسىيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شەرقشۇناسى پىلئوت (1878 — 1945) خەنزۇچە، رۇسچە، تۈركچە قاتارلىق تىللارنى پىششىق بىلەتتى. بۇ تىللار ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا

ئېكسپېدىتسىيىسىدە پايدىلىق قورال بولدى.

ستېيىننىڭ 1901 - يىلىدىكى نىيە خارابىلىقىنى قېزىشى فرانسىيىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش كومىتېتى ۋە ج. ش. م. ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىغا تەسىر قىلدى. ئۇلار بىلئوتقا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى.

بىلئوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1906 - يىلى پارىژدىن يولغا چىقىپ، فەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا كېلىدۇ. كۇچارغا كېتىۋاتقان يولدا مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۇمشۇق دېگەن كىچىك بىر كەنتتىن بىر تۈركۈم يادىكارلىقنى تاپتى. بىلئوت بۇ يادىكارلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قامچا بىلەن يەرنى ئۇرغاندا دەل گاندارا ئۇسلۇبىدىكى كىچىك بۇت ھەيكىلى چىقىپ قالىدۇ. ئۇلار ھەيران قالىدۇ - دە، دەرھال قېزىپ تەكشۈرۈشكە كىرىشىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ جاينىڭ مىلادى III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىبادەتخانا خارابىلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سىڭگەن بىرنەچچە ئويما رەسىملەر تېپىلدۇ.

بىلئوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇمشۇقتا ئالتە ھەپتىدىن ئارتۇقراق تۇرغاندىن كېيىن كۇچارغا يۈرۈش قىلىدۇ. ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى قۇمتۇرا ۋە ئاقيار بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىسىنى قېزىپ نۇرغۇن بىراخمى يېزىقىدىكى كۆچۈرمە، تارىشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، مۆھۈر ۋە قەدىمىي پۇل قاتارلىقلارنى تاپتى.

كۈچاردىكى ۋاقىتتا بىلئوت شوەنجۇاڭنىڭ مۇشۇ جايدىن تەڭرى تېغىنى كېزىپ ئۆتكەن يولنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. نەتىجىدە 4,000 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىغا چىقىشتا ئىككى داۋان يولى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

ئىككىنچى يىلى، بىلئوت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدىكى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى لەنئېن تۆرە ئۇنىڭغا بىر پارچە قول يازمىنى ھەدىيە قىلدى. بۇ 1900-يىلى تاسادىپىي ئەھۋال ئاستىدا سىرتقا قاراپ كېتىپ قالغان دۈڭخۇاڭ مىڭ ئۆي پۈتۈكى ئىدى. يەنى دۈڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنىڭ بىر نۇسخىسى ئىدى. دەل مۇشۇ قول يازما بىلئوتنى تەشۋىشكە سالدى.

بىلئوتنىڭ ھەمراھلىرى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، دۈڭخۇاڭدىكى قەدىمىي قول يازمىلارنى قولغا چۈشۈرمىگىچە نەتىجە قازانمىغان بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈڭخۇاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بىلئوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دۈڭخۇاڭغا يېتىپ كېلىشتىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئەنگلىيىلىك ستېيىن 9,000 نۇسخا ئەتراپىدىكى پۈتۈك رەسىملەرنى قولغا چۈشۈرۈپ كەتكەنىدى.

دۈڭخۇاڭدا تەخمىنەن يەنە 15 مىڭ نۇسخا پۈتۈك ھۇجرا ئىچىدە تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بىلئوت كۆزگە كۆرۈنگەن خەنزۇشۇناس ئىدى. ستېيىن بولسا سانسكرت

تىلى ۋە ھىندىستاننىڭ ھەر خىل تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئوخشىمايتتى. بۇ ئىككىيلەن ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ماھىر كەلگەن دائىرىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئەينى ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك پۈتۈكلەر ستېيىننىڭ كۆزىگە چېلىقماي قالغانىدى.

بىرەر ئاي ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بىلئوت قىممەتكە ئىگە دەپ قارىغان پۈتۈكتىن تەخمىنەن 5000 نۇسخىنى تاللىۋالدى ۋە باشقۇرغۇچى ۋاڭ راھىب بىلەن 500 سەر كۈمۈشكە كېلىشىپ سېتىۋالدى.

بىلئوت ئەكەتكەن پۈتۈكلەر ئاساسەن خەنزۇچە ئىدى. لېكىن، بىراخمى يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ پۈتۈكلەر پارىژ كۇتۇپخانىسىغا قويۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ستېيىننىڭ كەينىدىنلا بىلئوتنىڭ دۆڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنى ئەكەتكەنلىكىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەزىپى كېلىپ، قالغان پۈتۈكلەرنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كەتكەنمىش. باشقۇرغۇچى ۋاڭ راھىبقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانمىش. قالغان ئەھۋاللار نامەلۇم.

## 2.3. داگۇ ئەترىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئېكسپېدىتسىيىسى

ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىدە ئۆچمەس نام قالدۇرغان پروۋارسكى،

ھىدىن، ستېيىن، گېلۋنۋدېر، كوك ۋە بېلىئوت قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ. شېبىنىيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ22-ئەۋلاد دارماسارىياسى① ئوتانىنى 1900 — 1902 يىلىغىچە لوندونغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. شۇ چاغلاردا ياۋروپادا ئوتتۇرا ئاسىيا دولقۇنى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەتتا خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارمۇ چاقىرىلغان.

ئوتانى مانا بۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوقۇش تاماملىنىشى بىلەنلا ۋەتەنگە قايتىش يولىدا بېندوخويلۇڭ، دۇبىيەن جىشىن، جوشەنشيۇڭ ۋە جىڭشاڭ دەنخۇڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە غەربىي رايون ئېكسپېدىتسىيىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئالدى بىلەن لوندوندىن پېتېربۇرگقا كېلىپ، بۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، غەربىي تۈركىستاننىڭ ئاخىرقى بېكىتى ئەنجانغا كېلىدۇ. ئوشتا كارۋان تەشكىللەپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يەكەندە ئايرىلىدۇ. بىر ئەترەت (دۇبىيەن، جو) شۇ جايدا قېلىپ تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئوتانى قاتارلىق ئۈچەيلەن ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا كېلىپ بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرىدۇ.

قالغان بىر ئەترەت خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل مىڭ ئۆيگە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى تەكشۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

---

①بۇددا دىنىنىڭ ئۇستازى ياكى تارقاتقۇچىسى — ت.

1908 - يىلى (مىگجى 41 - يىلى) ئوتانى يېسۇن رۇكسەنلاك ۋە جۇرۇيچاۋدىن تەشكىللەنگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەندى. جۇرۇيچاۋ ئۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بالا ئىدى. ئۇلار بېيجىڭدىن تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق تەكرى قېغىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ باردۇ.

بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ زور نەتىجىسى جۇرۇيچاۋ زورەندىن قېزىۋالغان لى بۇ پۈتۈكلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى پارچىسى تولۇق، توققۇز پارچىسى كەمتۈك قول يازمىدىن تەركىب تاپقان پۈتۈك بولۇپ، ئالدىنقى لياڭنىڭ غەربىي رايوندا تۇرۇشلۇق دوغىسى لى بۇ 328 - يىلى لوپنۇردىن يوللىغان مەكتۇپنىڭ ئورگىنالى ئىدى. بۇ مەكتۇپ شۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا جىن پادىشاھ-لىقىنىڭ ئىدىقۇت (تۇرپاننىڭ شەرقىي تەرىپى) دا تۇرۇشلۇق چېرىك بېگى جاۋجىڭغا ھۇجۇم قىلىش بەلگىسى ئىدى. جۇرۇيچاۋ بىلەن يېسۇنرۇڭ سەنلاڭ قەشقەردە ئۇچرىشىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستاننىڭ سىرىنگاردا داگۇگۇاگرۇي بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

1910 - يىلى ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ باردۇ. ئەترەت ئەزاسى جۇرۇيچاۋ بىرمىلەنلا ئىدى. خوپس ئىسىملىك يەنە بىر ئەنگلىيلىك ياشنى خىزمەتچى قىلىپ ئەگەشتۈرۈۋالغان.

بۇ ئىككىيلەن لوندوندىن يولغا چىقىپ، پېتىربۇرگ بىلەن تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇ يەردىن تۇرپان پۈتۈكلىرىنى

تاپىدۇ. ئاندىن روورەنگە يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. بىراق كۆچارغا كەلگەندە ئالدىدا ماڭغان خوپىسنىڭ جۇرۇيچاۋ بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن چىچەككە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلايدۇ.

جۇرۇيچاۋ خوپىسنى قەشقەرگە دەپنە قىلىپ قويۇپ، غەربىي رايون تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ خوتەندىن كوئېنلۇن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىزاڭدىن ئۇدۇل گەنسۇغا كىرمەكچى بولىدۇ. بىراق بۇ پىلانىنى ئادا قىلالماي يېرىم يولدا كۆچارغا يانىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىدە قالغان داگۇ گۇاڭرۇي، جۇرۇيچاۋ بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ جىجۇەنشياۋ يىلاڭنى ئەۋەتىدۇ. جىجۇەنشياۋ يىلاڭ شىئەندىن دۇڭخۇاڭغا كېلىپ، 1912- يىلى 1- ئايدا جۇرۇيچاۋ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ستېيىن ۋە بىلئوتلاردىن كېيىن ئۇلار دۇڭخۇاڭدا بىر تۈركۈم دۇڭخۇاڭ پۈتۈكلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. جۇرۇيچاۋ دەرھال ياپونىيىگە قايتىپ كەلدى. جىجۇەنشياۋ يىلاڭ 1914- يىلى تۇرپان ۋە جۇڭغارنىڭ مەلۇم جايىدا داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇ يىلى 7- ئايدا ياپونىيىگە قايتتى.

## 24. بوستانلىقلاردىكى خەلق قانداق ياشىغان؟ ئۇلار قانداق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان؟

ھېدىن ۋە ستېيىن قاتارلىقلار قېزىپ چىققان قەدىمىي يادىكارلىقلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار شۇ جايدا ياشىغان قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى قايتا

گەۋدىلەندۇردى. ستېيىن تاپقان نىيە خارابىلىقى كۆچمە قۇملۇق تەكتىدە قالغان بولغاچقا، قۇملۇقنىڭ ئىنتايىن قۇرغاقلىقى بۇ قەدىمىي شەھەرنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىدى.

نىيە تەكشۈرۈشىدىن بۇ شەھەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە يەتتە كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا 22 كىلومېتر كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ شەھەر خۇددى بىر ئەرۋاھ شەھىرىدەك جىمجىتلىق ئىچىدە ياتاتتى. يوقىرالارنىڭ ئۆيلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ سارايلىرى، مېۋىلىك باغلار... ستېيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەممە جاينى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۆي - ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، ئۆينىڭ لىملىرىغا ئويۇلغان ئويمىدىن بىر قاراپلا ئۇنىڭ گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئولتۇرۇشلۇق ئۆيلەردىكى ئەخلەتلەردىن قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەسلىتىدىغان سىرلىق قاچا سۇنۇقلىرىنى، كىگىز پارچىلىرى، شايى، بۇغداي قاتارلىقلار تېپىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ ھايات ئەھۋالىدىن دېرەك بېرىدىغان شەخسىي پۈتۈكلەر، قاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان ياغاچ پۈتۈكلەر ۋە قوي تېرىسىگە يېزىلغان پۈتۈكلەرمۇ تېپىلاتتى.

ستېيىن بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تېپىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۇپتوغرا ئۈچ كۈن بۇ پارچە - پۇرات نەرسىلەر ۋە قەغەز پارچىلىرى ئىچىدىن قەدىمىي دەۋرنىڭ پۇرىقىنى پۇراشقا توغرا كەلدى».

ھېدىن تاپقان ۋورەن خارابىلىقى ئىچىدىن نۇرغۇن تۇرالغۇ ئۆي خارابىلىرىنىمۇ تاپتى. بۇ يەردە يەنە كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەرمۇ تېپىلدى. ھېدىننىڭ ھەمراھسى ئېلىشىڭ تاپقان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن ياغاچ ئادەم ھەيكىلى قېزىپ چىقىلدى. بۇ ئويمىلار روشەنكى قەدىمي گىرېكلارنىڭ ھۈنىرىنى دوراپ ئويۇلغان، يەنە پىلەكنىڭ نەقىشى چۈشۈرۈلگەن نەقشىلەر، بۇت ھەيكەللىرى، پىلەك بىلەن يوپۇرماق ئارىسىغا بىلىق چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن قاپارتما ئويمىلارمۇ قېزىۋېلىندى. مانا مۇشۇلاردىن گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى چەتكە قېقىۋەتكىلى بولمايدۇ.

يەر ئاستىدىن چىققان تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ خېلى كۆپ. مىس چىراغ، تۆمۈر قوشۇق، كىچىك ئامبۇر، يا ئوقىنىڭ ئۇچى، يىڭنە، مىخ، پۇل، ياغاچ، جوتۇ قاتارلىقلار سان ـ ساناقسىز.

پۈتۈكلەرمۇ خېلى كۆپ. ھېدىن ۋە كېيىنچىرەك تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ستېيىن نۇرغۇن پۈتۈك قېزىپ چىقتى.

پۈتۈك (قەغەز، شايە، ياغاچ ئۈستىگە يېزىلغان پۈتۈكلەر) نىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان. لېكىن قاروشتى يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار، مەزمۇن جەھەتتىن ھەربىي ئىشلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىك قاتارلىق كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە مىسال قىلىپ ئۆتەيلى:

«ئۇ خۇدىنى بىلمەي بەتخەجلىك قىلدى. ئۆي ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، مال ـ مۈلكىنى كېيىنم

كىيىپ تۇگەيتتى... قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئىززەت ـ ھۆرمەتىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئەمەل تۇتۇشقا ئۇرۇنمىدى. كامالەتكە يېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس...» (سۈكتىيەن شۈنەن تەرجىمىسى، خېمانىنىڭ «زوورەندىن» قىسقارتىپ ئېلىنغان)

«لىۋ دېچيۇ بىر يالمانلىق نەيزە بىلەن بىر قالقان ۋە يەنە چۈرىسىگە تېرىدىن جىيەك تۇتقان قالپاقنى يۇتتۇرۇۋەتتى. خۇ شىدى بىر خورۇم دۇبۇلغا، بىر قالپاق، بىر ئوقيا، 30 دانە يا ئوقى ۋە بىر ياغاچ پۈتۈكنى، يوقىتىپ ـ ئىدىقۇتتا ئۆلدى» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش).

زورەنلا ئەمەس، بەلكى غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي، شىمالىي قىسمى ۋە بوستان شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى يىپەك يولىنىڭ شەپقىتىدىن بەھرىمەن بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا شەرق ـ غەربنىڭ خىلمۇ خىل تۇرمۇش ئامىللىرى ئارىلاشقان. گەرچە بوستانلىقتىكى خەلق شەپقەتسىز تەبىئەت شەرت ـ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چوقۇم يۈكسەك مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولغان.

## 25. مېرو (مەرۋى) شەھىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتى (1)

يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر، بۇرۇندىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن مېرو (مەرۋى) شەھىرىنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭ ئىزى ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈرك-

مەنىستاندىكى مارى شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بايرام ئالىي شەھىرى ئەتراپىدا.

بۇ جاي مۇرغاپ دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان. بۇ دەريا جەنۇبتىن ئېقىپ كېلىپ قاراقۇمدا غايىب بولىدۇ. بۇ جايدا مۇنبەت بوستانلىقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مۇرغاپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا مارۇئالرود دەيدىغان بىر كىچىك شەھەر بار. بۇ تارىختىكى مەشھۇر مېرو شەھىرى بولۇپ، مەرۋى شاھىرجان دەپمۇ ئاتالغان. ئادەتتە مېرو شەھىرى ياكى مەرۋى دەپ ئاتالسا، شاھىرجان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ جاي مىلادىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا داڭ چىقارغان بولۇپ، ئاخمىند سۇلالىسىدىكى پارس پادىشاھلىقى (مىلادىدىن بۇرۇن IV — VI ئەسىرگىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇ جاينىڭ دېھقانچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىكەن. مىلادىدىن بۇرۇن 336-يىلىدىن كېيىن، ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە بۇ جايدىكى دېھقانلار ئۈزۈم ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىشقا كىرىشكەن. ئۈزۈم شارابى ياسىغان. گرېك رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ئەينەن ۋاقىتتا بۇ جايدا پەقەت دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق بەرپا قىلىنغان. شەھەر تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن.

بۇ جايدىكى قەدىمىي مېرو شەھىرى ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بەرپا قىلىنغان. ئۇ چاغدا بۇ جاي ئۇنىڭ سەركەردىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. بوستانلىق ۋادىلاردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئەتراپىتىكى كۆچمەن

چىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن بۇ جايىدا سېپىل بەرپا قىلىنغان.

1946 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مازون باشچىلىقىدىكى ئۇنىۋېرسال ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى، دائىرىسى 12 گېكتار كېلىدىغان ئالقى شەھىرى خارابىسىنىڭ ئەڭ قەدىمىي مېرو شەھىرىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ جاي گېۋۇر شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۈللەنگەن ئىكەنمىش. ئەمما ئۇنى ئانتىگون I① تەسىس قىلغانمۇ ياكى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋردە بۇرۇنقى شەھەرنى كېڭەيتىپ سالغانمۇ بۇ بىزگە نامەلۇم.

ئانتىگون I نىڭ زامانىدا، بۇ جايدا نۇرغۇن ئۆستەڭ چېپىلغان. سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى راۋاج تاپقان. مىلادىدىن بۇرۇن III ئەسىردىكى ئارساك سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئاسىيا بىلەن جۇڭگونى تۇتاشتۇرغان سودا يولى، يەنى يىپەك يولى لىنىيىسى دەل مۇشۇ مېرو شەھىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئارساك ۋە باداقشاننىڭ غەربىي تەرىپى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلەتتى. ئاندىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن شەرققە قاراپ ماڭاتتى. ئەمما مىلادى III ئەسىردىكى پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىگە كەلگەندە يىپەك يولى لىنىيىسى مېرو

① ئانتىگون I، (مىلادىدىن بۇرۇن 301 — 382) ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەركەردىسى، مىلادىدىن بۇرۇن 306 - يىلى پادىشاھ بولغان ــــ ت.

شەھىرى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ ئامۇل كېچىكىگە كېلىپ ئاندىن دەريادىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنت ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ غەربىنى بويلاپ ماڭىدىغان بولدى.

شۇڭلاشقا بۇ جايلار گەرچە يىپەك يولى ئۈستىدە بولسىمۇ بىراق دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى مېرو شەھىرى باشتىن ـ ئاخىر يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىدە بولۇپ كەلدى.

ئارساك ۋە ساسان سۇلالىسىدە مېرو شەھىرى راۋاج تاپقان سانائەت شەھىرىگە ئايلانغان بولۇشى كېرەك. ئۇزۇن ئۆتمەي VII ئەسىردىن مۇقەددەم ئەزەبلەر ئىستېلاسى باشلاندى. ساسان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يېزىبېگىرد III تىگرىس ساھىلىغا جايلاشقان. پايتەختىنى ستىتىشىغىن (ھازىرقى مائىندان) نى تاشلاپ قېچىپ، ئىران ئېگىزلىكىدە ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ يىپەك يولى ئارقىلىق چاڭئەنگە ئەلچى چىقىرىپ تاڭ تەيزۇڭدىن ياردەم سورايدۇ. لېكىن جۇڭگونىڭ ياردەمچى قوشۇنى زادى يېتىپ كەلمەيدۇ.

ئاخىرى ئۇ مېرو شەھىرىگە كېلىپ مېرو شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان لاشىق ئورمانلىقىدىكى تۈگمەندە يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مىلادى 651 ـ يىلىدىكى ئىش ئىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاتەشپەرەس بۇ ئىمپېراتورنىڭ جەسىتىنى، بىر خىرىستىئان دىنىدىكى روھانىي يىغىشتۇرۇپ، ماشاك قانىلىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى بويىبابا دېگەن جايغا دەپنە قىلغان.

شۇنىدىن ئېتىبارەن ساسان سۇلالىسى مۇنقەرز بولدۇ. شۇ يىلى، مېرو شەھىرىنى ئەرەب قوشۇنلىرى ئىشغال قىلدى.

ئەرەبلەر بۇ جاينى خوراساننىڭ مەركىزى قىلدى ۋە بۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ماۋارەننەھىر (ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانە) نى ئىستېلا قىلىشقا يۈرۈش قىلدۇ.

ئاتاقلىق سەركەردە قوتايبا مېرو شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قانداق ئىستېلا يۈرگۈزگەنلىكى ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدا توختىلىمىز.

## 26. مېرو (مەرۋى) شەھىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتى (2)

ئەرەبلەر بۇ جاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، مېرو شەھىرى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ جايغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئۇمەييا سۇلالىسى (661 — 750) نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئابباسلار جەمەتى (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كىچىك تاغىسى ئابباسنىڭ نەۋرىلىرى) ئەرەبلەرنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. ئابباسلار جەمەتىنى ھىمايە قىلغۇچى ئىنقىلابچىلار مېرو شەھىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ ھەممىدىن ئۈمىدلىك جايى دەپ قارايدۇ. ئاخىرى يەر ئاستى ھەرىكەت پارتلايدۇ. مىلادى 747 - يىلى، ئەبۇمۇسلىم تەرەپدارلىرى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىككىنچى يىلى، يەنى 748 - يىل 2 - ئايدا

ئۇمەييا سۇلالىسىنىڭ خوراسان ھاكىمى ناسىر غەربكە چىقىپ كېتىدۇ. ئەبۇمۇسلىم مېرۋ شەھىرىگە كىرىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇمەييا سۇلالىسى يىمىرىلىدۇ. دەۋر ئۆزگىرىشى نېمىدېگەن زور.

ئەبۇمۇسلىم ئىشغال قىلغان مېرۋ شەھىرى، ھازىر گيۇۋ دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ ئىزى شۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئاۋات جايلىرى غەرب تەرەپكە مەركەزلەشكەن.

ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مىلادى VIII – XIII ئەسىرگىچە مېرۋ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋادىلار ئىقتىسادىي جەھەتتە زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان.

مېرۋ شەھىرىنىڭ بوستانلىرى بۇرۇن جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرى غەربكە توشۇلىدىغان جاي ئىدى. ھازىر، ئۇ پىلىچىلىك بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. يىپەك يولى پەقەت يىپەك رەختىنىلا غەربكە توشۇيدىغان يول بولۇپ قالماستىن، بەلكى پىلىچىلىكنىڭ شەرقتىن غەربكە تارقىلىش يولىدۇر.

1221 – يىلى 2 – ئايدا، موڭغۇللارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بوراندەك ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ بۇ جاينى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدى. لېكىن بۇندىن بۇرۇن ئېيتىشلارغا قارىغاندا مېرۋ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خېراق دېگەن جايدا ئارتاي ۋېقىش ناملىق بىر پىلىچىلىك تەتقىقات ئورنى بولغانىكەن. يەنە ئېيتىشلارچە مېرۋ شەھىرى كۆپلەپ خام پىلە غوزىكىسى چىقىرار ئىكەنمىش ۋە يەنە بۇ يەردە نەچچە يىپەك توقۇش كارخانىسى بار ئىكەنمىش. ئۇندىن باشقا كېۋەز تېرىشمۇ تەرەققىي قىلغانىكەن.

ئەتراپتىكى جايلارغا پاختا ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ساتار ئىكەنمىش.

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كوناشەھەر (گېۋۇ شەھىرى) نىڭ غەربىي تەرىپىدە يېڭىباشتىن بىر شەھەر بەرپا قىلىندى. ئۇ ھازىرقى سۇلتان شەھىرىنىڭ ئىزى بولۇپ، VIII — XII ئەسىرلەرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە ئۇ مېرو شەھىرىنىڭ ئاۋات قىسمى ئىدى. بۇ جاينىڭ سۇلتان شەھىرى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، بۇ جاي سېلجۇك سۇلالىسى سۇلتانلىرىنىڭ مەركىزىي شەھىرى قىلىنغانلىقىدا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇلتان شەھىرى ئېگىز گۈمبەزلىرى كۆككە تاقاشقان گۈزەل شەھەر ئىكەنمىش. موڭغۇللار ئۇنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتىكەن. كېيىنچە 1909 - يىلى تېمورنىڭ ئوغلى شاھرۇ مېرو شەھىرىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ، ئابدۇللاخان شەھىرى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ كونا ئىزى سۇلتان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا.

ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى، يەنى بۇ سۇلالىنىڭ بىرىنچى ئورۇنىدا تۇرىدىغان دانا ھۆكۈمرانى ئال مامىن (813 — 833 يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خوراسانغا باش ھاكىم بولغىنىدىن تارتىپلا مېرو شەھىرىدە تۇرغان. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ تۆت يىلغىچىلىك بۇ جايدىن ئايرىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مېرو شەھىرى بىرنەچچە يىلغىچە سالاسۇنلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان.

بۇ يەردە مېرو شەھىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى،

يەنى بۇددىزمنىڭ بۇ جايغا خېلى بۇرۇنلا تارقىلىپ كىرگەنلىكى، نۇرغۇن بۇددىستلارنىڭ بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جياتېڭ جيۇزو ئەپەندى ئۆزىنىڭ نېلۇپەر كىتابخانىسى نەشر قىلغان «يىپەك يولىدىكى ۋەقەلىكلەر لۇغىتى» دىكى مارو ماددىسىدا تۆۋەندىكىچە قەيت قىلىدۇ:

«ئاھالىلىرىنىڭ دىنى زورو ئاستىر دىنىدىن باشقا يەنە بۇددىستلار جەمئىيىتىمۇ بار. مىلادى II ئەسىردە گېيار شەھىرى (گېۋۇ شەھىرى) نىڭ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭىدا مۇنار شەكىللىك ستوپا ۋە ئىبادەتخانا سېلىنغان. ستوپا كېسەكتىن سېلىنغان بولۇپ، ئۇ 13 × 13 مېتىر كېلىدىغان قىزىل رەڭلىك تۆت چاسا شەكىلدە سېلىنغان. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە شۇ رەڭدە سېغىز لايدىن ئىشلەنگەن چوڭ بۇت ھەيكىلى بار. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى بويىچە ئېيتقاتدا، بۇلار مۇشۇ رايوننىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدا».

بۇ پاكىتلارنى مىلادى 751 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا ئەبۇ مۇسلىم قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەربابى دۇ خۇەن يازغان «سەپەر خاتىرىسى» بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. دۇ خۇەن مېرو شەھىرىنى مولۇ(末禄) دۆلىتى (بەزى كىتابلاردا جۇلۇ دۆلىتى 朱禄国 دەپ يېزىلغان) دەپ يازغان. ئۇ خۇلار جوڭگودا ئۆزلىرىنى مو فامىلىلىكلەر، يەنى مولۇلۇقلار دەپ يازىدۇ. شەھەرنىڭ دائىرىسى 15 چاقىرىم كېلىدۇ. سېپىلىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى بار. شەھەر ئىچىدە تۇزلۇق كۆل بار،

«ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى بار» دەيدۇ. VIII ئەسرنىڭ ئوتتۇرىلىرى دۇخۇەن ئىراقنىڭ كوپا دېگەن يېرىگە يالاپ كېتىلىۋېتىپ، بۇ جايدىن ئۆتكەندە بۇ جايدا ئىككى بۇتخانا بارلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. روشەنكى، ئىسلام مەدەنىيىتى شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئالدى بىلەن بۇ جايدا بۇددىزم مەدەنىيىتىگە يولۇققان. ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن قالغان ئېغىزاكى رىۋايەتلەردە، بۇددا ساكيامونى ۋە بۇددىزم قاتارلىقلارغا چېتىشىدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر بار.

بۇ ئىككى چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىشى ناھايىتى قىزىقارلىق مەسىلە. مېرو شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئوينىغان مۇھىم رولىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. ساياھەتچىلەرنىڭ ئويۇنى — گۈلار نېمە ئۈچۈن يىپەك يولىنى كېزىپ چىقتى

## 27. ئادەم سۆڭەكلىرى يىپەك يولىنىڭ بەلگىسى

ئوتتەك قىزىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى، ئېگىز ۋە خەتەرلىك پامىر ئېگىزلىكى، كوئېنلۇن تېغى، تەڭرى تېغى، ھىمالايا تېغى قاتارلىق غايەت زور تاغ تىزمىلىرىنىڭ مۇرەككەپ جۇغراپىيىۋى شەرت - شارائىتى ۋە كىلىمات شارائىتىدا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يىپەك يولى بىنا بولغاندىن تارتىپ زادى قانچىلىغان ئادەمزات بۇ يولدىن ماڭغاندۇ ۋە پۇشايمان كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆلۈپ كەتكەندۇ؟

قۇملۇقتا يول مەۋجۇت ئەمەس ئەلۋەتتە. گەرچە كىشىلەر يول ئاچقان تەقدىردىمۇ دەقىقە ئىچىدىلا كۆچمە قۇم ۋە شىددەتلىك بوران ئۇچۇرتۇپ كەلگەن قۇم بۇ يولنى كۆمۈپ تاشلايدۇ.

بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئىزدەپ ھىندىستانغا بارغان ئىككى مۇتەئەسسىپ راھىب ئىچىدە شۇەنجۇاڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان فاشيەن (مۇشۇ كىتابتىكى 40-ئەسىرگە قاراڭ) ئۆزىنىڭ جاپالىق سەپىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«قۇملۇقتا ئىبلىس بىلەن ئىسسىق شامال كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا يولۇققانلار تىرىك قالمايدۇ. ئاسماندا ئۇچار قۇش، يەردە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار كۆرۈنمەيدۇ. ئەتراپقا ھېچنېمە كۆزگە چېلىقمايدۇ، چىقالىشقا يول تېپىلمايدۇ. پەقەت ئادەملەرنىڭ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى بىلەن قىلىنغان بەلگىلەرلا بار».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بىكاردىن-بىكارغا ئۆلۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ مەيلى ھايۋانلار (تۆگە)نىڭ ياكى ئادەملەرنىڭ بولسۇن، مانا بۇ يولنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى دۇر. شۇڭلاشقا يېپەك يولى ساياھىتى ئەمەلىيەتتە جان تىكىپ قويۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ساياھەت. بۇنىڭدىكى چۈشىنىشلىك.

ئۇچار بولۇتقا ئولتۇرۇپ دەقىقە ئىچىدە يېپەك يولىغا ئۇچۇپ بارغان سۇن ۋۇكۇڭ ئەلۋەتتە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ خىيال تەسەۋۋۇرى ئىدى. ھازىرقى كۈندە رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرسىلا بۇ ئاجايىپ خىيال ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

بۇ پاراگرافتا بىز يەنە ساياھەتچىنىڭ ئىزىدىن قوغلىشىپ كۆرەيلى. بىرگىنە يېتىپ كەلگەن يازما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلار تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، يېپەك

يولىنى ئامان ئېسەن كېزىپ چىققان ساياھەتچىلەر ھېساب
لىنىدۇ. يىپەك يولىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئۆز ئالدىغا مەقسىتى بار. تۆۋەندە بۇ ساياھەتچىلەر
ئوخشىمىغان مەقسەتلىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ
كۆرسىتىلىدۇ.

1. پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن يىپەك يولىنى
كەزگەنلەر: جاڭ چيەن، يېلۈ چۇسەي، راھىب چاڭچۈن
(چيوچۇجى) ۋە باشقىلار.

2. يىراقتا يۈرۈش قىلغان ھەربىيلەر: پارىس ئاخىپ
مەنىد سۇلالىسى ۋە ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان
قوشۇنى. تېمۇر، پاخان سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ
سەركەردىسى لى گۇاڭلى، تاڭ سۇلالىسىدىكى گاۋشيەنجى
ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەرب ئىستىلا قوشۇنى. ئىسلامىيەت
دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ئەرەب قوشۇنى قاتارلىقلار.

3. ئۇياقتىن - بۇياققا ئەۋەتىلگەن ئايالار: ھون
تەڭرىقۇتىغا ياتلىق قىلىنغان ۋاڭ جاۋجۈن، ئۇيسۇن شاھى
غا ياتلىق قىلىنغان ليۇ شىجۈن، بۇنداقلار خېلى كۆپ،
يەنە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ چاڭئەن شەھىرىدىكى قا-
ۋاقخانىلاردا تۇرۇۋاتقان چېچى سېرىق، كۆزى كۆك، ئات
ئۆگلۈك غەربىي رايون خوتۇن - قىزلىرىمۇ بار.

4. دىن ھەۋەسى بىلەن ھىندىستانغا بارغان فاشيەن
ۋە شۈەنجۇاڭ ۋەكىللىكىدىكى راھىبلار ۋە زورو ئاستىر دىنى،
مانى دىنى، نېستورىيان دىنى تارقاتقۇچىلار.

5. سودىگەرلەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار،
سوغدىلار، ھىندىلار، ئىرانلىقلار ۋە ئەرەبلەردىن ئىبارەت

خىلمۇ خىل سودىگەرلەر بار. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دەل مۇشۇلارنىڭ سودىغا قىزىققانلىقىدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى بارلىققا كەلگەن.

6. ئىلىم - پەن، مۇزىكا، شېئىر تىياتىرى، گۈزەل سەنئەت، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار، گۈزەل سەنئەتكارلار، تېخنىك خادىملار.

7. ئېكسپېدىتورلار، جۈملىدىن ھېدىن، ستېيىن، پرژىۋالىسكىي، پېللىئوت، داگۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قاتارلىقلار.

## 28. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانى ھەممىدىن بۇرۇن ساياھەت قىلغۇچى كىم

مىلادىيىدىن بۇرۇن 139 - يىلى، بىر توپ ئادەم چاڭئەندىن غەربىي رايونغا سەپەرگە چىقتى. بۇلار، خەن سۇلالىسىدە ئەملى ئانچە چوڭ بولمىغان جاڭ چيەن بىلەن ئۇنىڭ 100 ھەمراھىسى. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ھەممىدىن بۇرۇن كەزگەن ساياھەتچى دېگەن شەرەپلىك نامغا سازاۋەر بولدى.

خەنزۇلار بىلەن ھونلارنىڭ قارشىلىشىشى خەن گاۋزۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلار ئۇزۇنغىچە تىنچلىق ھالەتتە ئۆتتى. خەن سۇلالىسى بىر تەرەپتىن دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ھا- قارەتلەرگە چىداپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچ بىلەن

ئىچكى سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۇردى، ئاساسنى مۇستەھ-
كەملىدى ۋە كۈچ توپلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۆلەتنىڭ
كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيدىن
بۇرۇن 141 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان خەن سۇلالىسى
پادىشاھى ۋۇدى بۇرۇنقى خورلۇق سىياسەتنى ئاكتىپ
سىياسەتكە ئۆزگەرتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئەسىرگە ئېلىنغان
ھونلاردىن مۇھىم بىر ئاخبارات قولغا چۈشۈرۈلىدۇ.

تەخمىنەن 30 يىل بۇرۇن، ياۋچىلار شاھى ھونلار
بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ. ئەسىرگە چۈشۈپ
ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدە شاراب جامى ياسىلىدۇ.
بۇ مىللەتنىڭ كۆپ قىسمى (ئۇلۇغ ياۋچىلار) يىراق غەرب
تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، پامىرنىڭ غەربىي تەرىپىدە دۆلەت
قۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا ئۇلاردا قىساس
ئوتى ئۇرغۇپ، ھونلار بىلەن ئېلىشىدىغانغا كۈچ ئىزدەپ
ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولۇپ يۈرگەنىكەن.

خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى دەرھال ئۇلۇغ
ياۋچىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۆز
ئىختىيارلىقى بىلەن بارماقچى بولغان جاڭ چيەن ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەن قاتارلىقلار چاڭئەندىن يولغا
چىقىدۇ. بىراق ھونلارنىڭ كۈچ دائىرىسىگە كىرىشى بىلەن-
لا قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە جاپالىق مۇھىت ئىچىدە ئون
نەچچە يىل ئەسىر ھاياتى كەچۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ھونلارغا
ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرىدۇ. ئەمما كۆرۈنۈشتە جاڭ چيەن
بەخىرامان يۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئۆز بۇرچىنى كۆڭلىدە
مەھكەم پۈكىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت قېچىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ.

تۇساتتىن بىر ئوبدان پۇرسەت كېلىدۇ. جاڭ چيەن قول
ئاستىدىكىلەرنى يوشۇرۇن يىغىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايـ
دىلىنىپ ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرەپكە قاچىدۇ. تارىم ئويمانلىـ
قىنى كېسىپ ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكىنى ھالقىپ فەرغانىگە
كېلىپ، فەرغانە شاھىدىن ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتىگە بېرىشقا
ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ماقۇل كۆـ
رۈلگەندىن كېيىن چاڭئەندىن ئايرىلغىنىغا ئون نەچچە يىل
بولغان جاڭ چيەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ،
ئاخىر ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلۇغ ياۋچىلار يېڭى مۇنبەت سوغـ
دىيانىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ۋە يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى باكتىرىيا دۆلىتىنىمۇ ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالغاـ
نىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھونلاردىن قىساس ئېلىش
نىيىتىمۇ بوشىشىپ قالغانىدى. بارىغا شۈكرى قىلىپ
تۇرغان ئۇلۇغ ياۋچىلار شاھى جاڭ چيەننىڭ ۋەزىنى
ئاڭلىماي قويىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەننىڭ مەجبۇرىـ
يىتى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. بۇ يەردە بىر يىلدىن
كۆپرەك تۇرۇپ، ئاخىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋەتەنگە
قايتىش يولىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

جاڭ چيەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى
يول (غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي تەرىپى) نى بويلاپ،
چياڭلارنىڭ تۇراقلىق جايى بىلەن دۆلىتىگە قايتماقچى
بولىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇ يەنىلا ھونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالىدۇ. بىراق بىر يىلدىن كېيىن ھونلار ئىچىدە قالاي-
مىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ،

قېچىپ چاڭئەنگە كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھون خوتۇنىدىن باشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرغىچە خېيىم - خەتەردە بىللە بولغان تاڭ يىغۇلا قالغانىمىش. جاڭ چيەننىڭ ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىغان بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ ئۇنۇمى مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە.

## 29. تۇلپار تايچىقى جۇڭگوغا قانداق كەلگەن

جاڭ چيەن قايتىپ كېلىپ دوكلات قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى غەربىي رايونغا بولغان سىياسىتىنى كۈچەيتتى. سىياسەتنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ھونلار بىلەن بولغان كۈرەشمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلايدۇ.

گاھى ئىلگىرىلەپ، گاھى چېكىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى خەن سۇلالىسىگە پايدىلىق بولدى. مىلادىدىن بۇرۇن 121 - يىلى (پادىشاھ ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 2 - يىلى) خەن سۇلالىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىنى بويسۇندۇردى. خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۇرۇش قانىتى جاسارەتلىنىپ، ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاخىر شىمال تەرەپكە سۈرۈۋېتىدۇ. بىراق، كەڭ غەربىي رايون زېمىنىدە، ئۇ يەردە قۇرۇلغان ھەربىي پونكىتلارنىڭ غېمىنى يەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇزۇن سەپنى مەڭگۈ ساقلاپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن جياڭ چيەن ۋۇدىغا ئۇيسۇنلارنى ئىلىدىن خېشى رايونىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ھونلارنىڭ

غەربكە كىرىپ ـ چىقىش يولىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك دېگەن مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ۋۇدى تەكلىپكە قوشۇلىدۇ ۋە جاڭ چيەننى ئۇيسۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ.

جاڭ چيەننىڭ ئۇيسۇنغا بېرىشتىكى ۋەزىپىسى ئۇيسۇنلارنىڭ رەت قىلىشى بىلەن يەنە مەغلۇپ بولىدۇ.

بىراق، كېيىنچە ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن يەنىلا ئىتتىپاقداش مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، جاڭ چيەن ياردەمچى ئەلچىلەرنى ئۇيسۇندىن فەرغانە، سوغدىيان، ئۇلۇغ ياۋچى، باكتىرىيا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار زىيارەت قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كېلىشتى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايون ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشلاندى.

غەربىي رايوندىكى فەرغانىدە قان ـ تەر چىقىدىغان بىر خىل داڭلىق ئات بار. قان ـ تەر چىقىدىغان دېگەنلىك، بۇ خىل ئات پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرسە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن قانغا ئوخشاش تەر چىقارمىش. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغانىكەن. ۋۇدى جاڭ چيەندىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قان ـ تەر چىقىدىغان ئاتقا ھەۋەس قىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فەرغانىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. فەرغانە خانى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭغا ۋۇدىنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 104 ـ يىلى فەرغانىگە يۈرۈش قىلىش قوشۇنى تەشكىللەيدۇ. لى گۇاڭلىنى قوماندانلىققا تەيىنلەيدۇ. نەچچە ئون مىڭ ئەسكەرلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى كۆچمە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، پامىر

ئېگىزلىكى ئارقىلىق فەرغانىگە قىستاپ كېلىدۇ. ىىراق يول بويى نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، ياردار بولۇپ، نەچچە مىڭلا ئادەم قېلىپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويغاچقا تېزدىنلا مەغلۇپ بولىدۇ.

يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋۇدىنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادىدىن بۇرۇن 102 - يىلى يەنە بىر قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. لى گۇاڭلى يەنە بىر قېتىم 30 مىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ فەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ فەرغانىنىڭ پايتەختىنى ئوكۇشلۇق قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. 3000 دىن ئارتۇق داڭلىق ئاتنى ئولجا ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ۋۇدى خۇشاللىقىنى باسالماي «غەربىي رايوننىڭ ئەڭ چېتىدىن كەلگەن دۇلدۇل» دېگەن شېئىرنى يازغانمىش.

كەلدى دۇلدۇل يىراق غەرب ماكانىدىن،
بېسىپ يۈز مىڭ چاقىرىم يول، ئالدىم شەپقەت قوينۇمغا.
قۇدرىتىمدىن ئۆتتى ماڭا ياتلار دىيارى،
قۇملار ئارا ئورناتتىم سەلتەنەت ياتلار ئۈستىگە.

بۇ شېئىردىن هونلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان خەن سۇلالىسى ئۈچۈن تۇلپارنىڭ نەقەدەر ئېهتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 30. «جاڭ چيەننىڭ يول ئېچىشى» دېگەن نېمە

مىلادىدىن بۇرۇن 115 - يىلى جاڭ چيەن نەچچە ئون ئۇيسۇن ئەلچىسى بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق غەربىي رايون دىپلوماتىيە خىزمىتىنى تاماملاپ، چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتىدىن جاڭ چيەننىڭ مەرتىۋىسى ئۆرلەپ، ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەمما ئۇزۇن يىللىق ھارغىنلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك ئىككىنچى يىلى، يەنى مىلادىدىن بۇرۇن 114 - يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ داۋالغۇلۇق ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى.

ئەمما جاڭ چيەن بەرپا قىلغان غەربىي رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شۇندىن ئېتىبارەن يىلدىن - يىلغا كۈچىيىپ باردى. غەربىي رايون ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلىرىمۇ خەن سۇلالىسىگە تارقىلىپ كىردى.

«جاڭ چيەننىڭ يول ئېچىشى» دېگەن بۇ سۆز بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى مەدھىيىلەيدۇ. غەربىي رايوننى سەزگۈچى ۋە يىپەك يولىنى ئاچقۇچى جاڭ چيەننىڭ شۆھرىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن بۇ سۆز ناھايىتى باب كېلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ شۆھرىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ غەربتىن تارقىلىپ كىرگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جاڭ چيەن ئەكەلگەن دېيىلدى.

مەسىلەن، ئۈزۈم، تەرخەمەك، ئانار، زىغىر، ياڭاق،

بىدە قاتارلىق غەربتە چىقىدىغان ئۈسۈملۈكلەر، غەرب مۇزىكىلىرى ھەتتا بۇددىزمغىچە جاڭ چيەن ئەكەلگەن دەپ كۆپتۈرۈلدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى جاڭ چيەندىن كېيىن غەربىي رايونغا ئەۋەتىلگەن ھۆكۈمەت كارۋانلىرى ئەكەلگەن. پەقەت جاڭ چيەننىڭ داڭقىدىلا يۇقىرىقىدەك رىۋايەتلەر كېلىپ چىققان. ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى دائىم تەبىئىي ھالدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، ھۆكۈمەت سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، چاڭئەنگە يۇقىرىقى بويۇملاردىن سىرت يەنە خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى ۋە دورا - دەرمان قاتارلىق بۇيۇملار ئەكېلىندى. خەن سۇلالىسىدىن غەربكە ئاپىرىلغان بۇ بۇيۇملاردىن يىپەك، چىنە، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## 31. سەركەردە بەن چاۋنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى: «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ يولۋاس بالىسىغا ئېرىشكىلى بولماس»

جاڭ چيەندىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئۈچۈن چوقۇم غەربىي رايوننى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان (ھازىرقى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى جايلار) نى ئۆز تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ رايونلار ھونلارغا

قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپلا قالماستىن بەلكى غەرب بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ئۆتۈش يولى بولۇپ كەم بولسا بولمايتتى.

بۇ رايوندا بوستانلىقنى مەركەز قىلغان دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ ۋاقىتتا 36 گە يەتكەنمىش. گەرچە بۇ دۆلەتلەر ئانچە قۇدرەتلىك بولمىسىمۇ، بىراق ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى ۋە ھەربىي خىراجەتنىڭ كۆپ سەرپ بولۇشىدىن بۇ دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. بۇ چاغدا تارىخ سەھنىسىگە ھەربىي سەركەردە — بەن چاۋ چىقتى. ئۇ كېيىنكى خەن سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭۋۇنىڭ جيەنۋۇ 8 - يىلى (مىلادى 32 - يىلى) پىڭلىنىڭ (شەنشى ئۆلكىسىدىكى شيەنياڭ) دا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، سىڭلىلىرى تالىپ ئىدى. بۇ خىل ئائىلە مۇھىتىدا ئۇ بىر مەزگىل مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇش ئىرادىسىگە كېلىدۇ، لېكىن، كېيىنچە ھەربىي ماھارىتى بىلەن تونۇلۇشقا باشلايدۇ.

پادىشاھ مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (مىلادى 73 - يىلى) ھونلارنىڭ ئىستېلا قىلىشى ھەيۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دۇگۇ دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن يەردە ھونلارنى تارمار قىلغاندا بەن چاۋمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنى غەربىي رايونغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرگە باشلىق قىلىپ پىشامشان (پۈرۈنقى روۋەننىڭ ئورنى) غا ئەۋەتىلىدۇ. مەقسەت پىشامشان دۆلىتىنى كېيىنكى خەن سۇلالىسىگە بېقىندۇرۇش ئىدى. ئۇ بۇ يەردە كۈتۈلمىگەن

ھالدا ھونلارنىڭ ئەلچى ئۆمىكى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. بەن چاۋ «يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ يولۋاس بالىسىغا ئېرىشكىلى بولماس» دېگەن مەشھۇر سۆزگە ئاساسەن ئۆز لەشكەرلىرىنى مەدەتلەندۈرۈپ، ھون ئەلچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پىشامشان دۆلىتىنى بويسۇندۇرىدۇ. شۇ يىلى، يەنى مىلادى 73 - يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە بېرىپ، خوتەننى بويسۇندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغىنى 70 يىل بولغان غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي قاتناش يولى قايتا جۇڭگو كۈچ دائىرىسىگە قارايدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇ 3 - قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ سۇلې (قەشقەر)گە كېلىدۇ ھەمدە ئۇ جاينى جۇڭگونىڭ دوستانە قوشنىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. بەن چاۋ رەپىقىسىنىمۇ ئالغاچ بارىدۇ ۋە بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشقا بەل باغلايدۇ. بەن چاۋنىڭ ئابرويى ئۇنىڭ ھەربىيشۇناسلىق ۋە سىياسىيشۇناسلىق ئىقتىدارى بۇ جايدا تولۇق نامايان بولىدۇ. بىراق، پادىشاھ مىڭدىنىڭ ئۆلۈمى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى خەن سۇلالىسى بارا - بارا ھونلار ھۇجۇمىغا ئۇچراپ غەربىي رايوننىڭ باشقۇرۇلۇشى قايتا خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ ئوردىدا قايتىشتىن توغرىسىدىكى بۇيرۇق قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. بىراق، دەرھال كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە قېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇدۇن دۆلەت

تىدىكى خەلقىنىڭ سەمىمىي ئۆتۈنۈشى ئۇنىڭ قايتىش نىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

بەن چاۋ ئۆز دۆلىتىگە، يات مىللەتلەر بىلەن يات مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ھوتلاۋ بىلەن بىرلىشىپ، كۇسەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئاقابىل تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ، جىنايەتچى ۋە پىدائىيلار بولۇپ بەن چاۋغا 1000 ئادەم ئەۋەتىدۇ. بەن چاۋنىڭ ئەھۋالغا قاراپ، ئۆزگىرىش سىياسىتى ھەممىلا جايدا ئۈنۈم بېرىدۇ. كۇسەنلەر ئاخىر خەن سۇلالىسىگە بويسۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخىرغىچە تىركەشكەن قاراشەھەرمۇ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ. شۇنىدىن كېيىن غەربىي رايوندىكى بوستان دۆلەتلىرى پۈتۈنلەي خەن سۇلالىسىگە بويسۇنىدۇ.

پۈتۈن ئالدىنقى ۋە كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايون باشقۇرۇشتىكى پارلاق دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بەن چاۋ غەربىي رايون دورغىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. دورغا مەھكىمىسى كۇسەنگە قويۇلىدۇ.

بەن چاۋ رىم بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش غەرىزىدە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى گەن يىڭنى رىمغا ئەۋەتىدۇ. گەن يىڭ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن دېڭىز بويىدىكى ئىراق دۆلىتىگە بارىدۇ. ئارساكلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سودىسىدىن ئالىدىغان پايدىسىنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، گەن يىڭنى رىمغا بېرىش ئۈچۈن يەنە پالانى يىل كېتىدۇ دەپ ئالداپ، ئۇنى دېڭىز يولى بىلەن

رىغا يېرىش نىيىتىدىن ياندۇردى. تاجىك دۆلىتى ھەققىدە گەرچە ئوخشىمىغان كۆز قاراش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى پارس قولتۇقى (ئەرەب دېڭىزى) قىرغىقىدىكى بۇ شەھەرگە يېقىن جايدىكى تاۋاگىتا ئىكەنلىكى ئىشەنچلىك بولسا كېرەك.

ئۇزۇن ئۆتمەي بەن چاۋ ئۆزىنىڭ قېرىپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ۋەتىنىگە قايتىشقا ئىلتىماس سۇندى. شۇ چاغدا ئۇ 72 ياشقا كىرگەنىدى، مىلادى 102 - يىلى ئۇ لوياڭغا قايتىپ كېتىدۇ ۋە بىر ئايدىن كېيىن كېسەل بىلەن قازا تاپىدۇ.

## 32. «تۇرنا ناخشىسى» — سىياسىي غەرەزلىك توي پاجىئەسىگە قىلىنغان شىكايەت

ياتلىق قىلدى مېنى، كەتتىم يىراق جايغا،
ئۆتتۇم يات ئەل ئۇيسۇن شاھى دىيارىغا.
كىگىز قاملىق چېدىر بولدى ماكان پاناھ،
ئىچىشىم سۈتتۇر، بولدى ماڭا گۆش غىزا.
ئەسلەرمەن ئۆز يۇرتۇمنى كۆڭلۈم پىغان،
گەر ئۇچسام تۇرنا بولۇپ، قايتسام ئۆز يۇرتۇمغا.

(«خەننامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى» ئۇيسۇنلار قىسمى)

بۇ شېئىرىدا، يىراق يات ئەلدە كىگىز ئۆيدە تۇرۇپ، گۆش يەپ، سۈت ئىچىپ، تۇرمۇش كەچۈرگەن. لېكىن ئۆز

ۋەتىنىنى ئەقەدەر سېغىنغانلىق، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا پەرىشتىگە ئايلىنىپ، ئاق تۇرنىغا ئولتۇرۇپ، يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ سېغىنىش ھېسسىياتى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن يۇرتىغا تەلپۈنۈش شېئىرىدۇر.

ئاتلىق كۆچمەنچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ شېئىر، دەل داڭلىق «تۇرنا ناخشىسى» دېگەن شېئىردۇر.

جياڭدۇ بېگى ليۇ جيەننىڭ قىزى ليۇ شىجۈن يات مىللەتلەر بىلەن ئىناقلىق ئورناتقۇچى خانىكە سۈپىتىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئۇيسۇن شاھى كۈنبېيگە ياتلىق قىلىنىدۇ. ئۇ ھونلار بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشتا قۇربان قىلىنغان نۇرغۇن ئاياللارنىڭ بىرى، ئاتلىق كۆچمەنچىلەر بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىشىش تارىخى داۋامىدا جۇڭگو ئايرىم ـ ھالدا يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىشتەك سىياسەتنى قوللاندى. سىياسىي غەرەزلىك توي قىلىشنى ئۆزگىچە قارىتىش دىپلوماتىك سىياسەتنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

جاڭ چيەننىڭ تەكلىپى بىلەن خەن سۇلالىسى ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. شۇ چاغدا ليۇ شىجۈن ئۇيسۇن شاھىغا تەقدىم قىلىنغان.

ليۇ شىجۈن ئۆز رايىسىز يات يۇرتقا ئەۋەتىلىدۇ. تۇساتتىن ئۆزگەرگەن تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ چىدىغۇسىز ئازابى ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۇڭ ـ زارىنى مۇشۇ شېئىردا

تۆكىدۇ. بۇ غەربىي رايوندىكى ئېچىنىشلىق تارىخلارنىڭ بىرى.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ جاۋجۈن پاجىئەسىمۇ سىياسىي غەرەزلىك توي كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر ئايالنىڭ پاجىئەسىدۇر. بۇ سۆز قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئالدىنقى خەن سۇلالىسى يۈەندى پادىشاھ دەۋرىدە، خۇنغا جۈنجۈ تەڭرىقۇت بىلەن قۇنشارخان تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تەڭرىقۇت جۈنجۈ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەڭرىقۇت قۇنشارخان خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناقلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۆزىگە ئوردا خانىكەسىنى ياتلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا ۋاڭ جاۋجۈن تاللىنىدۇ. خۇنغا ياتلىق قىلىنغان ۋاڭ جاۋجۈن نىڭخۇ يەنجى (خانىش) دەپ ئاتىلىدۇ. نىڭخۇ دېگەنلىك خۇ دۆلىتىنى ئامان قىلغۇچى دېگەن مەنا بېرىدۇ. بۇ نام تەڭرىقۇت قۇنشارخانىڭ خەن سۇلالىسىگە قارىتا تۇتقان ئىناقلىشىش سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

سىياسىي غەرەزلىك توينىڭ قۇربانى بولغان بۇ شور پېشانە ئايالنىڭ تەقدىرى كېيىنكى دەۋرلەردە دراممىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

يۈەنچۇ يازغۇچىسى ما جىيۈەنىنىڭ «خەن ئوردىسىدا كۈز» دىن ۋاڭ جاۋجۈن پاجىئەسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پادىشاھ يۈەندى ھەرەمدە گۈزەل ئاياللارنىڭ كەملىكىدىن دائىم ئاھۇ ھەسرەت چېكەتتى. ئۇ رەسسام

ماۋ يەنشۇنى تاللاش ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئىزدەتتۈردى. 18 ياشلىق ۋاڭ جاۋجۈن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن تاللاندى. لېكىن ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ماۋ يەنشۇغا پارە بېرەلمىگەچكە ماۋ يەنشۇ ئۇنى سەت سىياقتا سىزىپ پادىشاھ يۈەندىگە سۇندى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن پادىشاھ يۈەندى ئوردا قورۇسىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە ۋاڭ جاۋجۈن چالغان مۇڭلۇق پىپا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. تەگرى تۇنجى قېتىم ۋاڭ جاۋجۈننى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ساھىبجامالىغا شەيدا بولىدۇ. ماۋ يەنشۇ جىنايىتىدىن قورقۇپ ھۇن تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. تەگرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈننىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە خەن سۇلالىسىگە ئۇنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر خەن سۇلالىسى رەت قىلسا، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىدىغۇسىز قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ۋاڭ جاۋجۈن قومۇلۇقنىڭ شىمالىغا قاراپ كېتىۋاتقان يولدا ئۆزىنى قارا دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانمىش.

## 33. ۋېنتسىيە سودىگىرىنىڭ ئاجايىپ ساياھىتى

XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، «ئادرىيا دېڭىزىنىڭ كېلىنچىكى» دەپ ئاتالغان ئىتالىيىنىڭ سودا شەھىرى ۋېنتسىيە ئوخشاشلا ئىتالىيە زېمىنى بولغان گېنويە ۋە پىسا بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز سودىسىغا خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئۆزىنىڭ قالتىس ئاۋاتلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ماركو پولو 1254 ـ يىلى مۇشۇ شەھەردە بىر سودىـ
گەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى
يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئاپىسى ئالـلىبۇرۇن تۇگەپ
كەتكەن، دادىسى بولسا ئۇ تېخى زاكىدا چىقىدىلا چەت
ئەلگە ساياھەتكە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەندى.
ماركونىڭ دادىسى نىكولاي پولو، ئۇكىسى مادۇ پولو
بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، كونستانتىنىـ
پولغا كېلىدۇ ھەمدە ئۇ جايدا خېلىمۇ خىل ياقۇتقا ئېرىـ
شىدۇ. 1260 ـ يىلى ئۇلار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى سۇداكـ
قا كېلىدۇ ۋە بۇ جايدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېـ
قىمىغا جايلاشقان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزى ساـ
رايغا قاراپ ساياھىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ
جايدىكى سودىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئاكا ـ
ئۇكا ئىككىيلەن زور بايلىققا ئېرىشىپ يۇرتىغا قايتماقچى
بولىدۇ.
بىراق، توساتتىن ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدۇ. ئالتۇن
ئوردا خانلىقى بىلەن ئىر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش
پارتلايدۇ. ئۇلارنىڭ قايتىش يولى جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىـ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن داۋاملىق شەرققە قاراپ
يۈرۈش قىلىدۇ. ناھايىتى تەسلىكتە غەربىي تۈركىستاندىكى
بۇخاراغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ جايدىمۇ مۇشكۇللۈككە مۇپتىلا
بولۇپ، ئۈچ يىلدىن كۆپ تۇرۇپ قالىدۇ.
كېيىن ئۇلار شۇ جايدا ئارام ئېلىۋاتقان

خۇلاگۇخاننىڭ① ئەلچى ئۆمىكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇلار قۇبلەي خاقاننىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بارغانلار ئىدى. ئەلچى ئۆمىكى ئاكا ـ ئۇكا پولونى قۇبلەينىڭ پايتەختىگە بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئوترار، ئۇيغۇرىستان، قۇمۇل، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، تەخمىنەن بىرەر يىلدىن كېيىن باش ئوردا كەيپىڭدا تۇرۇۋاتقان قۇبلەي خاقاننىڭ قېشىغا كېلىدۇ.

قۇبلەي خاقان يىراقتىن كەلگەن بۇ ئىككى مېھماننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ئەللەر توغرىسىدا خىلمۇ خىل سوئاللارنى سورايدۇ. ئاكا ـ ئۇكا پولونىڭ خرىستىئان ساھەسىدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى پىششىق مەلۇماتى قۇبلەيخاننى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، قۇبلەيخاننىڭ ئۆز ئانىسى خرىستىئان دىنى (نېستورى مەزھىپى) نىڭ سادىق بەندىسى ئىدى.

قۇبلەيخان ئاكا ـ ئۇكا پولونى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىكى يو خاتال بىلەن بىرگە رىم پاپاسى دىيارىغا ئەۋەتىپ، ئۆزى ھەم خرىستىئان ئالىمى، ھەم بۇددىزم راھىبلىرى بىلەن بۇددا تەلىماتلىرىنى تەھسىل ـ تەنبىھ قىلالايدىغان ئۆلىمالاردىن 100 نى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئىرۇسالىمدىكى ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەر قەبرە ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ مۇقەددەس زەيتۇن يېغى ئالغاچ كېلىشنى تەلەپ

---

① خۇلاگۇ ــ ئىر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تۇلىنىڭ 6 ـ ئوغلى ــ ت.

قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى سەپەر تۈپەيلىدىن ئەسلى مەقسەت قىلغان سودا ئىشىدا زور نەتىجە قازىنىدۇ.

ئۇلار قايتىشىدا قۇبلەي ئىنئام قىلغان ئالتۇن تۇمارنى ئېلىپ ئەلچى سۈپىتىدە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. بىللە سەپەرگە چىققان موڭغۇل يوخاتال كېسەل سەۋەبىدىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن قۇبلەينىڭ باش ئوردىسىدىن چىقىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1269 - يىلى كىچىك ئاسىيادىكى سۈرىيىنىڭ دېڭىز پورتى ئاياس (لاياس) قا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ جايدىن ئاكىغا بارىدۇ. بۇ يەردە پاپا كېلىمىند IV نىڭ ئۇزاقى يىلى قازا بولغانلىقىنى، پوپ تەختىنىڭ تېخىچىلا بوش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن دېڭىز يولى ئارقىلىق ئايرىلغىنلى 14 يىل بولغان يۇرتى ۋېنتسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا نىكولاي پولو ئۆز ئايالىنىڭ ئاللىقاچان دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈن تۇرغان 15 ياشلىق ئوغلى ماركوپولو چىقىدۇ.

## 34. ماركو پولو يىپەك يولىنى كېزىپ چىقتى

ئاكا - ئۇكا پولو ئىككىيلەن ۋېنتسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېڭى پوپ سايلىنىپ چىقمايدۇ. ئاكا - ئۇكا پولونىڭ ساقلاۋېرىشكە تاقىتى - تاق بولۇپ، ياش قۇرامىغا يېتىپ

قالغان ماركو پولونى ئېلىپ قايتا ۋېنتسى بىلەن خوشلىشدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى مەنزىلى ئېرۇسالىم ئىدى، ئۇلار قۇبلەيخاننىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئادا قىلىش، يەنى ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەبرە ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، مۇقەددەس زەيتۇن يېغىنى ئېلىشى لازىم ئىدى. يول ئۈستىدە ئۇلار، ئاكىغا بېرىپ، مۇقەددەس زەيتۇن يېغىنى ئېلىش رۇخسىتىنى ئېلىش ئۈچۈن رىم پاپىسىنىڭ شەرقتە تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى تىبود بىلەن كۆرۈشىدۇ.

مۇقەددەس زەيتۇن يېغىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇلار قايتا ئاكىغا قايتىپ كېلىدۇ. تىبود قۇبلەي خاقانغا بىر پارچە جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، ئاكا ـ ئۇكا پولونىڭ قۇبلەيخاننىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلالماسلىق سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇلار مەكتۇپنى ئېلىپ ئاكىدىن لاياس (ئاياس) قا كەلگەندە، بۇ ئەتراپتا ئۇرۇش يۈز بېرىشىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ. يول توسۇلۇپ قالغانلىقتىن نائىلاج بۇ جايدا توختاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گېرىگورى X نىڭ پاپا بولغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. يېڭى پاپا دەل ئۇلاردا سەممىي تەسىرات قالدۇرغان شەرقتە تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچى تىبود ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىغا يېنىپ، ئاكىغا كېلىدۇ ۋە يېڭى پاپادىن رەسمىي جاۋاب مەكتۇپ ئالىدۇ. بىراق قۇبلەيخان تەلەپ قىلغان 100 نەپەر ئۆلىمانى چىقىرىشقا نائىلاج بولىدۇ. نەتىجىدە يېڭى پوپ ئىككى راھىبنى بىللە سەپەرگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىككى راھىب ئۇزاق مۇساپىدىن قورقۇپ، ئاياسقا كەلگەندە جىم - جىملا كېتىپ قالىدۇ. پولو ئۈچەيلەن نائىلاج قۇبلەيخان تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ ماڭىدۇ. دەسلەپ ئۇلار پارس قولتۇقىنىڭ شەرق قىرغىقىدىكى خورمۇزدىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ماڭماقچى بولىدۇ. بىراق جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئەينى چاغدا قۇبلەيخان بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار يىپەك يولىنى بويلاپ مېڭىش قارارىغا كېلىدۇ.

ماركولار خوراساندىن نىشاپور ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن شەرققە قاراپ مېڭىپ باداخشان جىلغىسىغا كىرىدۇ. بۇ يول شۇەنجۇاڭ مەملىكىتىگە قايتىشتا ماڭغان يول بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن ۋاكېخان بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنى ھالقىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرداۋىنى بويلاپ ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىدىكى يەكەن، خوتەن قاتارلىق بوستانلىق ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، لوپ (كەكلىك) دېگەن شەھەرگە كېلىدۇ، بۇ جايدىن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، شاجۇ (دۇڭخۇاڭ) غا كېلىدۇ. سۇجۇدىن گەنجۇغا كېلىدۇ ۋە بۇ جايدا قۇبلەيخانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ بىر يىلدەك تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇيرۇق چۈشىدۇ. ئۇلار قۇبلەي خاقان تۇرۇشلۇق باش ئوردا كەيپىڭگە كېلىدۇ (1275 - يىل 5 - ئاي).

## 35. ماركو پولونىڭ كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرى

قۇبلەي ئۈچ پولونىڭ كەلگىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى، ئۇ رىم پاپىسىنىڭ شەخسىي مەكتۇپى، سوۋغا ـ سالامى ۋە ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەر قەبرە ئىبادەتخانىسىدىن ئەكېلىنگەن مۇقەددەس زەيتۇن يېغىنى دۆلەت خەزىنىسىگە قويدى. ماركولار كېيىنچە خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) غا يۆتكىلىپ باردى. بېيجىڭدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 16 يىلدىن ئارتۇق تۇردى. بۇ يەرگە يېڭى ياچى بولۇپ كەلگەن ماركو 20 يېشىدىن 36 يېشىغىچە، يەنى يىگىت دەۋرىدىن ئوتتۇرا ياشقا كىرگىچە ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ پادىشاھ قۇبلەينىڭ يېنىدا تۇردى.

ماركولار باش ئوردىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىت دەل ۋېنيۇڭنىڭ① 11 ـ يىلى 10 ـ ئاي بولۇپ بىرىنچى قېتىملىق ياپونىيە ئىستىلا ئارمىيىسى يېمىرىلگەنگە يەتتە ئاي بولغان ۋاقىت ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىلا (خۇڭئەننىڭ② 5 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە) 1281 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلىي ئۆتمۈشىدىن چوقۇم خەۋەردار بولسا كېرەك. چۈنكى ماركو پولونىڭ كىتابىدا ياپونىيە دۆلىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تۈنجى قېتىم تەپسىلىي قەيت قىلىنغان. ماركونىڭ بايان قىلىشىچە ئۇ جۇڭگودا تۇرغاندا قۇبلەيخان ئۇنى ناھايىتى ياخشى

---

① ياپونىيە گۇيشەن پادىشاھ (1259 — 1274) نىڭ يىل نامىسى ــ ت.
② ياپونىيە خۇيۈدۇ پادىشاھ (1278 - 1287) نىڭ يىل نامىسى ــ ت.

كۆرەركەنمىش ھەمدە خېلى مۇھىم ئەمەل تۇتقاندەكمۇ قىلىدۇ. بىراق بۇ سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسا كېرەك. بىلىئوننىڭ پىكرىچە ئۇ پەقەت باجگىر بولۇپ، ياڭجۇدىكى ھۆكۈمەت ئورگىنىدا تەخمىنەن ئۈچ يىل خىزمەت قىلغان.

يەنە بىلىئوننىڭ پىكرىچە، ماركو جۇڭگو تىلىغا بەكمۇ پىششىق ئەمەس بولۇپ، بەلكى موڭغۇلچە تىلنى راۋان سۆزلەرمىش، پارس تىلىنىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلەرمىش.

ماركو قۇبلەيخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يۈننەن ـ بىرما قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ سۇڭ قوشۇنلىرى ئىشغالىيىتىدىكى شياڭياڭ شەھىرىنى ئېلىشتا زەمبىرەك ئىشلىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەردىن گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

ھالبۇكى، موڭغۇللار ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان بۇ پەۋقۇلئاددە دەۋردە پەم ـ پاراسەتلىك يىگىت ماركو پولونىڭ كەڭ كۆلەمدە ساياھەت قىلىشى ھەمدە جاپالىق ۋە ئۇزۇن ۋاقىت كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسلىملىرى ھازىر ئۆلمەس مەشھۇر كىتاب سۈپىتىدە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

ماركونىڭ قەدىمىي سەنشى ئۆلكىسىدىكى تەيۈەن، پىڭياڭدىن، شىئەن مەھكىمىسى ئارقىلىق سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى چىڭدۇغىچە بارىدۇ ھەمدە يۈننەندىن بىرمىغا بارىدۇ.

ئۇ يەنە بېيجىڭدىن چوڭ قانالنى بويلاپ ياڭجۇغا بارىدۇ. سۇجۇدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي سۇڭ يىمىرىلىشتىن ئاۋۋال پايتەخت قىلغان خاڭجۇ (ھازىر بار) نى ئېكسكۇرسى

يە قىلدۇ. بۇ يەردىن يەنە فۇجيەنگە بېرىپ ئۆلكە شەھە-ري فۇجۇ ئارقىلىق چۈەنجۇغا باردۇ. چۈەنجۇ ئەينى زامان-دا غەربىي ئاسىيا، ھىندى قاتارلىق جايلار بىلەن سودا ئېلىپ بېرىپ، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ كەتكەنىدى. غەرب-لىكلەر ئۇ جاينى، ئاكاتسىيىلىك دەپ ئاتىغان.

ئۇلار 16 يىللىق ئۆمرىنى يات يۇرتتا ئۆتكۈزدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سېغىندۇ. ئاخىرى قۇبلەيخاندىن ۋەتەنى-گە قايتىشقا ئىجازەت قىلىشنى ئۆتۈندۇ.

بۇ خىل ئۆتۈنۈشتىن قۇبلەيخان ھەيران بولدۇ. ئۇ ماركولارغا، ئەگەر ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە قايتىشى بايلىق مال-مۈلۈك ياكى باشقا نەرسىلەرنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارغا ھازىرقىدىنمۇ كۆپ ئىنئام ھەمدە نام-شۆھرەت ئاتا قىلىمەن دەپ پەرمان چۈشۈردۇ. شۇنداق قىلىش بىلەن ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىشتىن توسۇپ قالدۇ. شۇندىن كېيىن، گەرچە ئۇلار نەچچە قېتىم قايتىشقا تەلەپ ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، قۇبلەيدە قىلچە تەۋرەش بولمايدۇ. ئاخىر بۇ ئىش نەتىجىسىز تامام بولدۇ. كېيىنچە بۇ ئىشتا تەسەۋۋۇرسىز يېڭى بۇرۇلۇش بولدۇ. پولو ئۇچەيلەن ئەڭ ئاخىر ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇ. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار تۆۋەندە بايان قىلىندى.

## 36. «شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلار خاتىرىسى» نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

پولو ئۇچەيلەن 1291 - يىلى باھاردا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئىر خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئارغۇننىڭ
ئەلچىسى كېلىپ، پادىشاھنىڭ بىرىنچى كىچىك خانىشىنىڭ
مۇسىبەت خەۋىرىنى ئەكەلدۇ ھەمدە مەرھۇم كىچىك
خانىشى بىلەن بىر مىللەتتىكى ئايالنىڭ بۇ ئورۇنغا كېلىشى-
شىنى سورايدۇ. بۇ تەلەپكە قۇبلەيخان باتۇ جەمەتىدىن بول-
غان كوكوجىن ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزنى ياتلىق قىلىشنى
قارار قىلىدۇ. ئىر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋەزىپىسىنى ئادا قى-
لىپ، يىپەك يولى بىلەن ئىرانغا قايتماقچى بولىدۇ. بىراق
ئىش ئوڭدىن كەلمەيدۇ. قۇبلەيخان بىلەن خايدۇ ئوتتۇر-
سىدا ئۇرۇش پارتلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالمان-
تالمان يولىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي دېڭىز سۇ يولىدىن سە-
پەرگە ئاتلىنىدۇ. ماركو پولو بۇ ياقنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھ-
ۋالىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىرخانلىقىنىڭ ئەلچىسى
ماركو پولولار ئائىلىسىنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى سورايدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن قۇبلەي ماركو پولو ئائىلىسىنىڭ ۋەتەنگە قايتى-
شىنى تەستىقلايدۇ.

ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن سۇماتراغا
كېلىدۇ. بۇ جايدا ئۇڭ شامال كۈتۈپ، بەش ئايدىن كېيىن
سەيلۇنغا كېلىدۇ. ئاندىن ھىندىستاننىڭ مالابار قىرغىقىغا
كېلىدۇ. ماركو پولونىڭ بۇ رايونلاردا ساياھەت قىلىش
تەجرىبىسى بولۇش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بۇرۇن قۇبلەيخان
سەيلۇن پادىشاھىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قاتناشقان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار خورموز پورتىدىن قۇرۇقلۇق
يولىغا چىقىدۇ. تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى 1295 - يىلى
پولو ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يۇرتى

ۋېنېتسىيەگە يېتىپ باردى. ماركو دەسلەپ يولغا چىققاندا ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن سادda يىگىت ئىدى. يۇرتىغا قايتىپ بارغىنىدا 41 ياشقا كىرىپ قالدى.

ئۇلار ھېسابسىز مال - مۈلۈك ئەكېتىپ ۋېنېتسىيەلىكلەرنى ھەيران قالدۇردى ھەمدە شۇ زاماندىلا ئۆز شەھىرىدىكى ئەڭ بايلار قاتارىغا قوشۇلدى.

بىراق قىسقا ۋاقىت ئاسايىشتىن كېيىن ماركونىڭ تەقدىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان شىددەتلىك دولقۇنغا غەرق قىلىندى. شۇ چاغدا ۋېنېتسىيە گېنويە بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە ئىدى. ئۆزئارا توقۇنۇشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى.

1298 - يىل 9 - ئايدا گېزورادا يۈز بەرگەن دېڭىز ئۇرۇشىدا، ماركو پولونى گېنويەلىكلەر ئەسىرگە ئېلىپ ئۈچ يىل قامىدى. بۇ قېتىمقى تۈرمە ھاياتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىشقا سەۋەبچى بولدى.

ماركو پولو بىلەن تۈرمىدە بىرگە تۇرغان روستا (روستىكېلو دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىسىملىك پىسالىق بىر ئادەم بولۇپ ماركو ئۆزىنىڭ شەرققە قىلغان ساياھەت ئەسلىمىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ماركو تۈرمىدىن چىقىپ ۋېنېتسىغا قايتىپ 1323 - يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۈرمە ھاياتىدا سۆزلەپ بەرگەن ساياھەت سەرگۈزەشتىلىرى بىر - بىرلەپ يېزىلىپ چىقتى. XV ئەسىردە كىتاب بولۇپ چىقىپ، نۇرغۇن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان مەشھۇر دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالدى.

روستانىڭ ئەسلى قول يازمىسىنىڭ ئىز - دېرىكى قالمىدى.

ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان كۆچۈرمە نۇسخىسى 143 خىلغا يېتىدۇ. بىر خىل خېلى پۇت تىرەپ تۇرىدىغان پىكىردە، ئەسلى كىتابى ئېھتىمال - تېمىسى يوق كىتاب بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە بۇ كىتاب «ماركو پولو ھەققىدە كىتاب»، «دۇنيا ھەققىدە بايان»، «ئاجايىپ كىتاب» دېگەن خىلمۇ خىل ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ھازىر بىز ماركو پولو مول سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان بۇ مەشھۇر ئەسەرنى ئادەتتە «شەرق سەرگۈزەشتىلىرى» دەپ ئاتايمىز.

### 37. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە خرىستىيانىست پادىشاھ جون ئۆتكەنمۇ؟

ئوتتۇرا ئەسىردە، خرىستىيانىزم دۇنياسىدا ئاسىيا ياكى ئافرىقا قىتئەسىدە پوپ - جون ئىسىملىك خرىستىيان پادىشاھى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت بارمىش دېگەن بىر خىل رىۋايەت كەڭ تارقالغان.

XII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان مەلۇم بىر تارىخشۇناسنىڭ تەرىپلىشىچە، 1145 - يىلى بىر ئېپىسكوپ ھازىرقى لىۋاننىڭ بېيرۇت شەھىرىدىن ياۋروپاغا كېلىپ: «تېخى يېقىندىلا خرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدىغان بىر ئىسلاملار قولىدىن ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئاق باتانا (ھەمادان) نى ئىشغال قىلىۋالدى» دەيدۇ. بۇ خرىستىيانىست پادىشاھ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەينى زاماندا سىباجوك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدا

غەربىي لياۋ دۆلىتى (قارا كىران) نى قۇرغان پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان يېلۇداشىمىش. ئەمەلىيەتتە يېلۇداش بۇددىزمغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرمۇ بۇددىزمغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنىدا[1] نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار (نېستوران دىنىدىكىلەر) بولغاچقا، بەلكىم بۇ گەپ خاتا تارقىلىپ، يېلۇداشنى راھىب پادىشاھ جون دەپ قېلىنغان بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇلىيە يايلاقلىقىدا چىڭگىزخان چىقىپ، موڭغۇلىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربكە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىدۇ. غەربىي لياۋ (قارا كىران) بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قۇربانى بولىدۇ. شۇ چاغدا چىڭگىزخان بىرلىككە كەلتۈرگەن موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە كېرايىت، نايمان، ئونگىرال قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى. خان تەۋەلىكىدە نۇرغۇن كۆچلۈك خرىستىئان قەبىلىلىرى بولغان، گەرچە بۇ ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ياۋروپالىقلار بىلسە كېرەك.

بۇنىڭدىن مۇنداق بىر پىكىر پەيدا بولىدۇ: «كىشىلەر قورقۇنچلۇق تاتارلار (موڭغۇللار) ياۋروپادىكى خرىستىئانلارغا ئەمەلىيەتتە دۈشمەن بولماستىن، بەلكى مۇھىم بۇرادەرلەردىن بولۇشى مۇمكىن. دەل ئاشۇلار خرىستىئانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىسلاملارنى شەرقتە تارمار قىلىپ تاشلىدى. بۇ ئېھتىمال شۇنداق بولسا كېرەك. بۇ خىل رىۋايەت شۇڭلاشقا تا ھازىرغىچە ئېقىپ يۈرگەن.

ياۋروپا ئەللىرى 1096 - يىلىدىن باشلاپ ئەھلىسەلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەمما ئىسلاملار تېز پۈكمەكتە

يوق بەلكى تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھلىسەلىپنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ياۋروپا راھىب پادىشاھ جون بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئويلاشقان ئەمەسمۇ؟ دەپ قارايدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيە پادىشاھى بىلەن رىم پاپىسى شەرققە نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئۇلار راھىب پادىشاھ جوننى تاپالمايدۇ.

1245 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى رىم پاپىسى موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇمغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى جون دې پىلونوكارپىن: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەت خارازىمنىڭ شاھى، كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كاسپىي دېڭىزىدىكى كىچىك بىر ئارالغا قېچىپ بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇھەممەد ئېھتىمال راھىب پادىشاھ جون بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. بىراق، مۇھەممەد بولسا مەشھۇر ئىسلام مۇرتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسى يوق، رىم پاپىسى ۋە فرانسىيە پادىشاھى لوئى IX نىڭ دېيىشىچە 1253 - يىلى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىلگەن روبلۇك چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلغان نايمان شاھى راھىب پادىشاھ جون بولسا كېرەك دەپ قارىغان. بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىئانىست ئىدى. XII ئەسىردە ئۆتكەن سۈرىيە تارىخشۇناسى پال ھېبرېئۇ دەسلەپتە چىڭگىزخان بىلەن ئاتا - بالىدەك ئىتتىپاقداش ئۆتكەن، كېيىن يەنە چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلغان كېرايىت قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى ۋاڭخان راھىب پادىشاھ جون شۇ دەپ قارايدۇ. ماركو پولو بۇ پىكىرگە قوشۇلىدـ

غانداق قىلىدۇ. بىراق ماركو پولو ئۆزىنىڭ «شەرق سەرگۈزەشتىلىرى» دە موڭغۇلىيىدىكى ئونگوت پادىشاھى جون بولسا كېرەك دېگەن.

قىسقىسى، ھەقىقىي راھىب پادىشاھ جون (پوپ جون) نىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى، خۇددى قۇملۇقتىكى ئىزنى تىقۇدەك كىشىنى پەرىشان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تا XV ئەسىرگە كەلگىچە پورتۇگالىيىلىكلەر ئېفىئوپىيىنىڭ نېگۇسىنى (پادىشاھنىڭ نامى) ھەقىقىي راھىب پادىشاھ جون دەپ كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ پىكىر پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قاراشتىن كېيىنلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مەلۇم بىر نېگىرلار دۆلىتىدە بىر راھىب پادىشاھ جون بار ئىكەن دېگەن يەنە بىر خىل قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى.

يىپەك يولىدىكى راھىب پادىشاھ جون زادى قەيەردە؟

ئېھتىمال بۇ پەقەت بىر خىل ساماۋى تەسەۋۋۇر بولسا كېرەك.

## 38. ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ساياھەتچىسى ئىبىن باتتۇتانىڭ سەرگۈزەشتىسى

ئىبىن باتتۇتا 1304 - يىلى ماراكەشنىڭ پورتى تەنجەدە دۇنياغا كەلگەن. 1325 - يىلى ئۇ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش ۋە مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەقبەرىسىگە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن، يۇرتى بىلەن خوشلىشىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەخمىنەن 30 يىلى ساياھەت بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆز سەپىرىدە

ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇقنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىسلام دۇن-
ياسىدىكى ئەڭ چوڭ ساياھەتچى دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ.

ئۇ تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن شىمالىي ئافرىقا
ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۇدا نەچچە قېتىم ساياھەت قىلىدۇ.
مەككىنى بىرنەچچە قېتىم ھەج قىلىدۇ. ئۇ يەنە شەرقىي
ئافرىقا، كىچىك ئاسىيا، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە
كاۋكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىدۇ.
كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ دېھلىدا يەتتە يىلدىن ئارتۇق قازى
بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە بىر ئەلچى ئۆمىكىگە قاتنى-
شىپ جۇڭگو (يۈەن سۇلالىسى) غا جاۋاب زىيارەت قىلىپ
جۇڭگوغا ماڭىدۇ، لېكىن يول ئۈستىدە ھىندى دىنىي مۇرت-
لارنىڭ توپىلىڭىغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، مىڭبىر تەسلىكتە
ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ، دېڭىز يولى بىلەن جۇڭ-
گونىڭ خانبالىقىغا (بېيجىڭ) كېلىدۇ، كېيىن چۈەنجۇدىن
دېڭىز يولى ئارقىلىق مەملىكىتىگە قايتىدۇ. 1349 - يىلى
ئۇ 25 يىللىق ئۇزۇن مۇساپىلىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇر-
دۇ. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، دېڭىز ئاتلاپ ئىسپانىيىگە
بارىدۇ، يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي، سەھرايى كەبىرنى كېسىپ
ئۆتۈپ، غەربىي سۇدان نېگىرىيە پادىشاھلىقىغا بارىدۇ. ئۇ-
نىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى يىغىپ كەلگەندە 100 مىڭ
كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ «ئۈچ قىتئە ساياھەت خاتىرى-
سى» دېگەن كەچۈرمىش خاتىرىسى ماراكەش مارىن سۇلا-
لىسىنىڭ دانا پادىشاھى ئاينانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سۆز-
لەپ بېرىلگەن. بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى ئىسمى «شەھەرلەر
ھەققىدىكى قىزىقارلىق خەۋەرلەر ۋە سەپەر جەريانىدىكى ئا-
جايىپ ئىشلار — كۆزەتكۈچىلەرگە تەقدىم» ئىدى.

# 4. ئېتىقاد ۋە گۈزەللىكنىڭ تارقىلىشى — راست ئادەم ۋە راست ئىشلار بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە گاندارا بۇددىزم سەنئىتىدىن بامىئات چوڭ بۇتىغىچە

## 39. بۇددىزم جۇڭگوغا قاچان ۋە قانداق تارقالغان

ھىندىستاندا تەسىس قىلىنغان بۇددىزم جۇڭگوغا قاچان تارقىلىپ كىرگەن؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل كۆز قاراش بار.

بەزىلەر، كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 10 - يىلى (مىلادى 67 - يىلى) تارقىلىپ كىرگەن دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئالدىنقى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەيدىنىڭ يۈەنشۇ 1 - يىلى (مىلادى 2 - يىلى) تارقىلىپ كىرگەن دېيىشىدۇ. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ئومۇمەن مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ ۋە يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرگەن كارۋانلار بىلەن

بىلىلە كىرگەن، يەنى غەربنىڭ زايون ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن.

كارۋانلار ئىچىدە بۇددا راھىبلىرى بولغانمۇ؟ بۇددا مۇرتلىرى بولغانمۇ؟ بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئەھۋال بىزگە نامەلۇم.

دەسلەپتىكى رېئال ئەھۋال مۇنداق بولۇشى كېرەك. ھەم ئېنىق دىن تارقاتقۇچىلار يوق، ھەم خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نومىلارمۇ ناھايىتى كەم، بۇددا دىنى گەرچە قىسمەن بىلىم ئىگىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئاۋاملارغا تېخى ئومۇملاشمىغان.

دىننىڭ ئومۇملىشىشىدا ئومۇمەن ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئارقىلىق كۆرۈنۈش قىلىنىدۇ. بۇددىزمنىڭ جۇڭگودا تەدرىجىي يىلتىز تارتىشىدىمۇ بۇ شەرت مۇستەسنا ئەمەس. كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن بەش خۇ 16 بەگلىك دەۋرىگىچە جۇڭگو خەلقى قالايمىقانچىلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى.

بۇ دەۋردە ھەقىقەتەنمۇ قالايمىقانچىلىققا تۇشقان، ئاۋام ئاھۇ پەرياد ئىچىدە قالغان دەۋر ئىدى.

بەش خۇ 16 بەگلىك دەۋرىدە ھەرقايسى بەگلىك پادىشاھلىرى ئۆز بەگلىكىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بۇددا دىنىغا مۇراجىئەت قىلدۇ ھەمدە غەربىي رايوندىن بەس - بەس بىلەن بۇددا راھىبلىرى تەكلىپ قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي رايون راھىبلىرى جۇڭگوغا كەينى - كەينىدىن كىرىشكە باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇسەن (كۇچار) لىق مەشھۇر راھىب كوماراجىۋا قاتارلىقلار بار. ئۇلار قىزغىن

لىق بىلەن بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىدۇ ۋە دىن تارقىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇرۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ دۇرۇت-
ئەپسۇن ئوقۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قاراپ كې-
لىنگەن بۇددا دىنى، يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق
جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىدۇ.

بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزەن مۇخ-
لىسلار غەربتىن تارقىلىپ كىرگەن بۇددا قائىدىلىرى بىلەن-
لا قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇلاردا ئۇرغۇپ تۇرغان دى-
نىي قىزغىنلىق كونترول قىلغۇسىز دەرىجىگە يېتىدۇ. بەز-
لەر بۇددىزمنىڭ ماكانى ھىندىغا بېرىپ ھەزرىتى ساكيا-
مۇنىنىڭ ئىزلىرىغا تاۋاپ قىلىش ۋە بۇددا قائىدىلىرىنىڭ
ئەقىدىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ئارزۇسىدا
بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەرقانداق جەبرى-جاپاغا
تەييار ئىدى. بۇ خىل ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈزلۈكسىز بار-
لىققا كېلىپ تۇرىدۇ.

بۇلار ئىچىدە، بولۇپمۇ فا شيەن («بۇددا ئەللىرى خا-
تىرىسى») بىلەن شۈەنجۇاڭ («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي
رايونغا ساياھەت خاتىرىسى») مەشھۇر بولۇپ، بىر جۈپ مەرۋايىت
سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يىپەك يولىدىكى ساياھىتىنى ئۇلارنىڭ
چەكلىك زېھنىي ۋە جىسمانىي كۈچىگە ئىلان قىلىنغان چەك
دېيىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ساياھەت
خاتىرىلىرىدە يېزىلغان، ئەلۋەتتە بۇ ئىككىيلەندىن سىرت
يەنە نۇرغۇن ئادەملەرمۇ بار. گەرچە ئۇلار يازما خاتىرىلەر
قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى قاتتىق
جاپا — مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەقسىتىگە يەت-

گەن. بەزىلىرى كۆچمە قۇم ۋە قاتتىق سوغۇق-ھۆكۈم سۈرۈپ
تۇرغان قاقاس تاغلاردا ھەسرەت ياشلىرىنى يۇتۇپ، دۇنيا
بىلەن ۋىدالاشقان. بۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ ھېچ بول-
مىغاندا بىر قىسمى يېقىنقى سەنئەتنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋ-
رىدە غەربىي رايونغا بۇددا قائىدىلىرىنى ئۆگەنگىلى بارغان
راھىبلار تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن.

## 40. راھىب فاشيەن ھىندىستانغا قانداق باردى

فاشيەن شەرقىي جىن دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب بەنىشى
ئۆلكىسى پىڭياڭ مەھكىمىسىنىڭ ۋۇياڭ ناھىيىسىدىكى پىن
جەمەتىدە تۇغۇلغان. ئۈچ يېشىدا راھىبلىق قىلىپ، 20 يې-
شىدا بىكسۇلۇق ئەمىر — مەرۇپنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ، شۇ
دەۋردە جۇڭگودىكى «ئەمىر — مەرۇپ دەستۇرى» (ئۈچ چوڭ
دەستۇرنىڭ بىرى، راھىبلار تۇرمۇشىدا دىققەت قىلىنىشقا
بولمايدىغان ئەمىر — مەرۇپ يېزىلغان نوم) نىڭ مۇكەممەل
بولمىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. كېيىن تۆت سەپەرداشى
بىلەن ھىندىغا بارىدۇ. ئۇلار شەرقىي جىنلۇڭئەن 3 — يى-
لى (مىلادى 399 — يىلى) چاڭئەندىن يولغا چىقىدۇ.
ئۇيىتىشلارغا قارىغاندا فاشيەن شۇ چاغدا 60 ياشتىن
ھالقىغانىكەن.

ئۇلار دۇڭخۇاڭدا بىرەر ئاي تۇرۇپ، قاتمۇ قات جاپا-
مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، «ئاسمىنىدا ئۇچار قۇش، يەردە ئۆمى-
لىگۈچى ھايۋان يوق» كۆچمە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ،
پىشامشان دۆلىتىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ جاي خەن دەۋرىدە

روۋەن دەپ ئاتىلاتتى.

يەنە 15 كۈن مېڭىپ، قاراشەھەر دۆلىتىگە باردۇ. تەخمىنەن بىرەر ئاي ۋاقىت مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇن (خوتەن) گە يېتىپ باردۇ. ئۇدۇن ئاۋات جاي ئىدى. «ھەممەيلەن بۇددا قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ، ئەمىر - مەرۇپ بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلاتتى». فاشيەن قاتارلىقلار بۇ يەردە بۇددا رەسمىيىتى (بۇت ھەيكىلىنى چىرايلىق تەختىراۋانغا قويۇپ، كوچىدا نامايىش قىلىش رەسمىيىتى) نى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ جايدا ئۈچ ئاي تۇردۇ. ئاندىن پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈشكە تەرەددۇتلىنىدۇ.

فاشيەن پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندە چەككەن مۇشەققىتى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: «قىشمۇ ياز قار بار ھەم زەھەرلىك ئەجدىھامۇ بار، ئۇنىڭ دىتىغا تەگسە زەھەرلىك بوران، قار، ئۇچار قۇم، ئۇششاق تاشلارنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلار ساق قالمايدۇ. بۇ جايدىكى يەرلىك ئادەملەر قارلىق تاغ ئادەملىرى دەپ ئاتىلىدۇ».

پامىر ئېگىزلىكىنى ھالقىپ ئۆتسىلا شىمالىي ھىندى كۆزگە چېلىقىدۇ. فاشيەن قاتارلىقلار ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇددىيانە دۆلىتىگە باردۇ. ئۇ يەردىن گاندىراۋى دۆلىتىگە بېرىپ، ئاندىن تاكساسىلار دۆلىتى، پۇرۇسا چۇرۇ شەھىرى، ناگاراخارا دۆلىتى قاتارلىق جايلارغا ساياھەت قىلىدۇ. يەنە مېڭىپ، كىچىك قارلىق تاغدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، سەپەر بويى ھەمنەپەس بولۇپ كەلگەن

خۇيجىڭ بەختكە قارشى يىقىلىپ قالىدۇ.

خۇيجىڭ كۆپۈك ياندۇرۇپ تۇرۇپ، فاشيەنگە: «مەن بولالماي قالدىم، ۋاقتىدا جايىمنى تاپاي، ھەممىيلەن بىراقلا ئۆلۈپ كەتمەيلى» دەپلا جان ئۈزىدۇ. فاشيەن خۇيجىڭنىڭ جەسىتىنى سىلاپ تۇرۇپ ھەسرەت ئىچىدە «سېنى ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم ... نېمە چارە بار» دەيدۇ.

فاشيەن باشقىدىن جاسارەتكە كېلىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ھىندىغا كېلىدۇ ۋە ماتفورا، سامكاسيا، كانياكوبجا، كۇسالا، كوگىناگارا شەھىرى ۋە باشقا جايلارنى ئايلىنىدۇ. ئۇ بارماقچى بولغان ماگادا دۆلىتىنىڭ مەركىزى پاتالىپوتراغا كەلگەندە مىلادىنىڭ 405 - يىلى بولىدۇ. بۇ پادىشاھ ئاسوكا پايتەخت قۇرغان جاي بولۇپ، ئوتتۇرا ھىندى بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر ئىدى. ئۇ بۇ جايدا ئۈزۈندىن بۇيان تەشنا قىلىپ كەلگەن «ئەمىر - مەرۇپ دەستۇرى» نى كۆچۈرۈۋالىدۇ ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلارغىمۇ ئېرىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. فاشيەن مەملىكەتكە قايتىش قارارىغا كېلىدۇ.

قايتىشتا ئۇ جەنۇبىي دېڭىز يولى بىلەن ماڭىدۇ. سېيلان (سىرلانكا) دىن چىقىپ دەھشەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە سەپەر قىلىپ ئاخىر سەندۇڭ يېرىم ئارىلىغا كېلىدۇ. بۇ مىلادىي 413 - يىل 7 - ئايدىكى ئىش. بۇ قېتىمقى ئۇزۇن مۇساپىلىق سەپەر ئۇچۇن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 14 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فاشيەن بىر

تەرەپتىن «ئەمىر - مەرۇپ دەستۇرى» ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلارنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»، («فا شيەن تەرجىمىھالى») نى يېزىشقا كىرىشىدۇ. كېيىنچە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭلىڭ ناھىيىسىدىكى شىڭشى ئىبادەتخانىسىدا ئىستىقامەت قىلىدۇ. 82 يىل (يەنە بىر ئېيتىشىچە 86 ياش) ئۆمۈر كۆرىدۇ.

## 41. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 1 (مۇددىئا)

شۈەنجۇاڭ قەدىمكى پايتەخت لوياڭنىڭ شەرقىدىن 70 چاقىرىم (تەخمىنەن 46 كىلومېتر) كېلىدىغان خۇشى ناھىيىسىدىكى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجۇڭ دېگەن يېرى) چېن باۋگو دېگەن جايدا بىر ئېسىلزادە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ئىسمى ۋېي.

ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراش بار. بەزىلەر پادىشاھ سۈيۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 16 - يىلى (مىلادى 596 - يىلى)، بەزىلەر كەيخۇاڭ 20 - يىلى، يەنە بەزىلەر پادىشاھ سۈيۋەندىنىڭ رېنشۇ 2 - يىلى (مىلادى 602 - يىلى) تۇغۇلغان دېيىشىدۇ. ئاخىرقى كۆز قاراش ئىشەنچلىكرەك.

چېن ۋېي 13 ياشقا كىرگەندە شۇ دەۋرنىڭ پادىشاھى سۈيياڭدى لوياڭدىن يەنە ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا ھەمدە ئۆزى ئارزۇ قىلغانلاردىن 27 نى رەسمىي راھىبلىققا تاللاشقا پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا بۇددىزم راسا ئەۋج ئالغان بو-

لۇپ، بارچە تالانت ئىگىلىرى بەس - بەستە ئۆزلىرىنى
مەلۇم قىلىشىدۇ. 27 ئىسىملىك ئۈچۈن نەچچە يۈزلىگەن
ئارزۇ قىلغۇچى مەيدانغا چىقىپ شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى
جۇڭگو شەكلىدىكى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ جاھالەت مەنزىرى-
سى بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ ئىشقا قىزىققان چېن ۋېي ئىختىيارسىز ھالدا تال-
لاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يامۇل ئالدىغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى
كۆرگەن بىرى: «بۇ كىمنىڭ بالىسى؟» دەپ سورايدۇ.
چېن ۋېي ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، نېرىراقتا جېڭ
شەنلياڭ ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنىڭ تۇرغىنىنى كۆرىدۇ.
بۇ ئادەم باش مەرىپەت ۋەزىرى بولۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن
بۇ قېتىمقى تاللاش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى.

شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىچە
سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىدۇ:

— سىزمۇ تاللاشقا قاتناشقىلى كەلدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق خىيالىم بار، بىراق ماڭا ئوخشاش ...
— راھىب بولۇش نېمە ئۈچۈن؟
— بۇددىستۋاغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ تۇتقان
بۇددا يولىدا نۇر چاقناتقۇم بار.

جېڭ شەنلياڭ شۇ كۈنكى مۇزاكىرىدە چېن ۋېينى
كۆرسىتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قولىدىن كەلگۈسىدە
چوقۇم چوڭ ئىش كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى تاللاپ
ئېلىش كېرەك. ئەپسۇسكى، مەن ياشىنىپ قالدىم، ئۇلتۇر-
غانلار بىلەن بۇ بالىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىـ
لەن كۆرەلمەيمەن». شۇنداق قىلىپ چېن ۋېي ئۆسمۈرلۈك دەۋ-

رىدىلا چاڭ جىي راھىپ ئۇستازلىقىدىكى جىگىتۇ ئىبادەتخا-
نىسىغا رەسمىي كىرىدۇ. راھىبلىق ئىسمى شۈەنجۇاڭ دەپ
قويۇلىدۇ. بۇ جەرياندا يۇقىرىقىدەك ئىشلار بولغان.

شۇندىن ئېتىبارەن شۈەنجۇاڭ بارلىق زېھنى بىلەن
بۇددا قائىدىلىرىنى ئىزدىنىش ۋە مۇتالىئە قىلىشقا كىرى-
شىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ راھىبلىق ئىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن بارلىق توسالغۇلارنى يېڭىشكە بەلباغلايدۇ.

شۈەنجۇاڭ 23 ياشقا كىرگەندە چاڭئەندە فاچاڭ،
سېڭبىيەن ئەسىملىك ئىككى مەشھۇر راھىب بار ئىدى. فا-
چاڭ «ماخايانا تەلىماتى» نىڭ ئۇستىسى ئىدى. سېڭبىيەن
يولىسا «ئابىدا ماكوسا تەلىماتى» نىڭ ئۇستىسى ئىدى.
تەبىئىيكى شۈەنجۇاڭ دەرھال بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا تە-
لىم ئالغىلى كېلىدۇ. بۇ ئىككى مەشھۇر راھىب شۈەنجۇاڭ-
نىڭ جاسارىتىنى كۆرۈپ، ئەكسىچە ئۇنى ئىززەتلەپ:
«شۈەنجۇاڭ ساكيامۇنى ساھابىلىرى ئىچىدىكى دۇلدۇل،
كەلگۈسىدە ھەزرىتى ساكيامۇنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىن نۇر
چاقناتقۇزغۇچى، چوقۇم شۈەنجۇاڭ بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىش-
تىن كېيىن، ياش راھىب شۈەنجۇاڭنىڭ نامى پايتەختنىڭ
ئىچ - سىرتىغا پۇر كېتىدۇ.

بىراق شۈەنجۇاڭ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىل-
مايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى قايغۇ باسىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇددا
دىنىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ شۇ جايدىكى ئالىملاردىن ئۆگىنىش
ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

## 42. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 2 (قېچىپ قۇتۇلۇش)

شۈەنجۇاڭ بىرقانچە بىر مەقسەتتىكى راھىبلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن پادىشاھقا غەربىي رايونغا بېرىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ 26 ياشقا كىرگەنىدى.

ئەپسۇسكى، ئىلتىماسى قارىقويۇقلا رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدىكى دۆلەت قانۇنىدا يۇمېن قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربكە بېرىش مەنئىي قىلىناتتى. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن يولداشلارنىڭ رايى يانىدۇ. پەقەت شۈەنجۇاڭلا تەن بەرمەستىن داۋاملىق ئىلتىماس سۇنىدۇ. بىراق دۆلەت قانۇن قورغانىنى تەۋرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شۈەنجۇاڭ دۆلەتنىڭ تەقىپ قىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ھىندىغا بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

ئاخىر ئادەملىرى ۋە ۋەقەلىكى راست بولغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» نى باشلايدۇ.

دەل چاڭئەننىڭ كۈز كۈنلىرىدە شۈەنجۇاڭ كۆز يەتكۈسىز مۇساپىگە ئاتلىنىدۇ. كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى جىددىي يۈرۈش قىلىپ يىپەك يولى ئۈستىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ، گۇاجۇغا يېقىن قالغاندا مىنگەن ئېتى يىقىلىدۇ. شۈەنجۇاڭ گەرچە مۈشكۈللۈك ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ئىلاج قىلىپ لياڭجۇغا بېرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا شۈەنجۇاڭنىڭ دۆلەتنىڭ تەقىپ

قىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ يولغا چىققانلىقى ھەققى-
دىكى سۆز - چۆچەكلەر بۇ جايغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن
بۇ جاينىڭ ئەمەلدارلىرى بۇددىزمنىڭ تەقۋادار مۇرتلىرى-
دىن بولغاچقا ئۇلار شۈەنجۇاڭنى پېشكەللىكتىن ساقلاپ
قاچۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇ قۇملۇقنى كېزىپ ماڭىدۇ. بۇ جاي مەشھۇر مۇخىيەن
(莫贺延碛) قۇملۇقى بولۇپ، قۇم خۇددى سۇ ئېقىنلىرىدەك
يۆتكىلىپ تۇرغاچقا ئۇ كۆچمە قۇملۇق ياكى قۇملۇق دەريا دەپ
ئاتالغان. شۈەنجۇاڭ مىڭ مۇشەققەتتە ئېۋىرغۇلغا (قۇمۇل)
يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئېۋىرغۇلدا تۇرغان مەزگىلدە ئېدىقۇت
ۋاڭى جۇۋېنتەي خەۋەر تېپىپ شۈەنجۇاڭنى تەكلىپ قىلىدۇ.
ئۇمۇ تەقۋادار بۇددا مۇرتلىرىدىن ئىدى.

شۈەنجۇاڭ بۇ جايدا ئۇزۇن تۇرمايدۇ. بىراق ئۇ سەپ-
پەرگە چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا پادىشاھ ھەر كۈنى ئۇنى
ئۆز قولى بىلەن كۈتۈۋېلىپ ئۇنى سەممىيلىك بىلەن قالدۇ-
رۇپ قالماقچى بولىدۇ. شۈەنجۇاڭ ئامالسىز ئاچلىق ئېلان
قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە
پادىشاھ ئۆز نىيىتىدىن قايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ
يولغا چىققان كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كۆز يېشى قىلىپ
خوشلاشقانىكەن.

شۇندىن كېيىن، ئۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى غەر-
بىي تۈركلەرنىڭ كۈچ دائىرىسىدىن بېسىپ ئۆتىدۇ. قاتمۇ
قات مۇز قاپلىغان تەڭرى تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈشكە توغ-
را كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»

دەبتايان قىلغاندەك قاراملىقتا مۇقەررەر يوسۇندا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر سەمەرقەنتكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە زوروئاستىر دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. شۈەنجاڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، دەريا كېچىپ قۇندۇز دۆلىتىگە كېلىدۇ ھەمدە باكتىرىيە شەھەرلىرى ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چوڭ قارلىق تاغ (ھازىرقى ھىندىقۇش تېغى) پەلەككە تۇتاشقان جىلغا ئېدىرلىرى قار ئاستىدا قالغان. مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇ تاغ ئىچىدىكى بامىئان دۆلىتىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ جايدا ئۇ تاغ باغرىدا تىك قوپۇرۇلغان ئېگىزلىكى 140 — 150 چى (53 مېتىر) كېلىدىغان، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان تاش بۇتلارنى كۆرىدۇ. بامىئاندا 15 كۈن ئەتراپىدا توختاپ، قاتتىق بوران - چاپقۇنغا قارىماي كاپىسا دۆلىتىگە بارىدۇ.

بۇ يەر ھىندىغا يېقىنلا ئىدى. شۈەنجاڭنىڭ ھىندى چېگرىسىغا كىرگەن ۋاقتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جېنگۇەن 2 - يىلى (مىلادى 628 - يىلى) قىش پەسلى ئىكەن. بىراق ئادەتتە شۈەنجاڭ چاڭئەندىن جېنگۇەن 3 - يىلى چىقىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ ھىندىغا يېتىپ بارغان ۋاقتى جېنگۇەن 4 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى) قىشتا بولسا كېرەك.

## 43. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» — 3
## (سىرلىق كەچۈرمىش)

شۈەنجۇاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدە نۇرغۇن ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندە بۇنىڭدىن بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي.

شۈەنجۇاڭ غەربىي - شىمالىي ھىندىغا جايلاشقان ناگاراخارا دۆلىتىگە بارغىنىدا كومپارادىكى ئەجدىھالار پادىشاھى تۇرۇشلۇق غار ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ غاردا بىر ياۋۇز ئەجدىھا بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساكيامۇنى ئوتتۇرا ھىندىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنى باستۇرغانىكەن. شۇندىن تا ھازىرغىچە بۇ غاردا بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتى قېلىپ قالغانمىش».

شۇنىڭ بىلەن شۈەنجۇاڭ شۇ غارغا كىرىپ، بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتىگە تاۋاپ قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ باشقىلاردىن بۇ ھەقتە سۈرۈشتۈرىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئۇنى بارماسلىققا دەۋەت قىلىپ، ھېچكىم يول باشلاشقا ئۇنىمايدۇ. نائىلاج شۈەنجۇاڭ ئۆزى غارغا قاراپ يول ئالىدۇ. يول ئۈستىدە شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق بىر چال ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولىدۇ. بىراق، تاغ يولىغا كىرىش بىلەنلا بەش قاراقچى قىلىچلىرىنى چىقىرىپ: «ھەي، نەگە مېڭىشتىڭ؟»

دەپ ئۇلارنى توسىدۇ.

شۈەنجۇاڭ «غارغا كىرىپ، بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتىگە تاۋاب قىلغىلى ماڭدۇق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قاراقچىلار: «بۇ ئەتراپتا ئوغرى- قاراقچىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلىمىغانمۇ» دەپ تەھدىت سالىدۇ، «ئاڭلىغان، لېكىن بۇددىغا تاۋاب قىلىش يولىدا، ئوغرى - قاراقچى ئەمەس، يىرتقۇچلاردىنمۇ قورقمايمەن. ئوغرى - قاراقچىلارمۇ ئىنسانغۇ! شۇنىسى...» بۇ جاۋابتىن قاراقچىلار خىجىل بولۇپ قالىدۇ ۋە: «راھىبنىڭ دېگىنى يوللۇق، بىز بۇددىغا تاۋاب قىلىشقا بىرگە بارايلى!» دەيدۇ.

غار سۇ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچىنى غەربكە قارايتتى. غارنىڭ ئىچىدە قاراڭغۇلۇقتىن ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. يول باشلىغۇچى چال: «ئىچكىرىگە ئۇدۇل مېڭىپ، قورام تاشقا تاقاشقاندىن كېيىن كەينىڭگە 50 قەدەم يېنىپ، شەرق تەرەپكە بۇرۇلسا، بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتى كۆرۈنىدۇ» دەيدۇ. شۈەنجۇاڭ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە مېڭىپ، دېگەندەك شەرق تەرەپتە قورام تاشقا تاقىشىدۇ. ئاندىن ئۇ قائىدە بويىچە تەقۋادارلىق بىلەن قايتا - قايتا ئىبادەت قىلىدۇ. لېكىن 100 قېتىمدىن ئارتۇقراق ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. يەنە 100 نەچچە قېتىم ئىبادەت قىلىپ ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن قورام تاشتا چوڭلۇقى تەخسىچىلىك بار ئاجايىپ بىر نۇر پەيدا بولۇپلا غايىب بولىدۇ.

شۈەنجۇاڭ ھەم ھەسرەت، ھەم خۇشاللىق ئىچىدە ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى نۇر قايتى-

دىن نامايان بولىدۇ. نۇرنىڭ چوڭلۇقى بۇ قېتىم لىگەنچىلىك چۈشىدۇ ۋە يەنە دەرھال غايىب بولىدۇ. شۈەنجۇاڭ بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتىنى كۆرمىگىچە كەتمەيمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ ھەمدە يەنە ئۇدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساداقەتلىكى بۇددانى تەسىرلەندۈرىدۇ، غار ئىچى بىردىنلا كۈندۈزدەك يورۇپ، ساكيامۇنىنىڭ سۈرىتى قورام تاشتا نامايان بولىدۇ. بۇددانىڭ كەينىدە نۇرغۇن بودساتۋا ۋە مۇقەددەس راھىبلارمۇ نامايان بولىدۇ. شۈەنجۇاڭ غارنىڭ سىرتىدا تۇرغان يول باشلىغۇچى چالغا ۋە بەش قاراقچىغا تېزدىن ئىبادەت چىرىغى ئەكىلىشنى تاپىلايدۇ. چىراق يېتىپ كەلگۈچە بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتى غايىب بولىدۇ. ئۇ چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتىپ: «بۇددا جامالىڭىزنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىشقا نېسىپ قىلسىڭىز» دەپ تىلەيدۇ. بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتى قايتا نامايان بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىرەيلانلا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەنىكەن.

ئەنگلىيە شەرقشۇناسى سامىيىل بېئال بۇ ئىش ھەققىدە توختىلىپ، بۇنى پارسىتىن ھىندىغا تارقىلىپ كىرگەن خۇەندىڭ چىرىغى بولسا كېرەك دەپ قارىغان. بىراق ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات يوق. بۇددانىڭ غايىبانە سۈرىتى ئەكس ئېتىدىغان غار توغرۇلۇق فا شيەن ۋە سۇڭ يۈن قاتارلىقلارمۇ يازغان. بىراق مەزمۇنى جەھەتتە ئوخشىماسلىق بار.

## 44. راست ئادەم، راست ۋەقە بايان قىلىنغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»— 4 (قايتىش)

شۈەنجۇاڭ ھىندىدا ئون نەچچە يىل بىلىم ئېلىپ، جېن گۈەن 10 - يىلى (مىلادى 641 - يىلى) ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىگە چىقىدۇ. ئۇ ھىندىغا قانداق جەبىر-جاپادا بارغان بولسا، قايتىشتىمۇ شۇنداق جەبىر-جاپادا قايتىدۇ. لېكىن، شۈەنجۇاڭنىڭ ئېچىنىدىغىنى ئۇ ھىندى دەرياسىدىن ئۆتكىچە مىڭ-بىر مۇشەققەتتە يىققان بىر مۇنچە بۇددا نوملىرى چۈشۈپ قالىدۇ.

پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن شۈەنجۇاڭ خوتەن پادىشاھىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ بۇ مەملىكەتتە بىر مەزگىل تۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. چۈنكى بەزى ئىشلارنى مەملىكەتكە قايتىشتىن ئىلگىرى پۈتتۈرۈۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۈەنجۇاڭ ئون نەچچە يىل بۇرۇن دۆلەتنىڭ تەقىپ قىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، چېگرىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالدا قايتىشقا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئىدىقۇتتا تۇغۇلغان يىگىت ما شۈەنجى ئارقىلىق چاڭئەنگە ئەۋەتىدۇ. مەكتۇپتا ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشتىكى مەقسىتى ۋە چەت ئەلدە تارتقان مۇشەققەتلىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە يەنە «ھازىر خوتەنگە كەلدىم. بىراق مىنىپ كەلگەن سادىق پىلىم ئۆلۈپ قالدى. نۇرغۇن دىنىي نوملارنى ئېلىپ مېڭىشقا ئات تاپالمىدىم. گەرچە ۋەتەنگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقان بولساممۇ بىراق ئارزۇيۇمدىكىدەك

قايتىپ بېرىپ ئالىيلىرىغا سالام بېرىشكە مۇمكىن بولمىدى» دەپ يازىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ما شۈەنجى قايتىپ كېلىپ تاڭ تەڭرىسى (تەيزۇڭ لى شىمىن) نىڭ قىزغىن جاۋابىنى يەتكۈزىدۇ: «راھىبنىڭ غەربىي رايونغا بېرىپ ھەقىقەت ئىزدەپ قايتىپ كەلگەنلىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشال بولدۇم. تېزدىن قايتىپ كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشكەيلا. باشقا ئەللەردە سانسكرىت تىلى بىلىدىغان ۋە نومنى تەپسىر قىلالايدىغان راھىبلار بولسا ئىختىيار قىلسا بىللە كەلسە بولىدۇ. خوتەنگە ۋە يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرگە راھىبنى يول بويى قوغداشقا، چاكار ۋە ئات ھارۋىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۈم ھەمدە دۇڭخۇاڭ ئەمەلدارلىرىنى كۆچمە قۇملۇققا بېرىپ ئالدىلىرىغا چىقىشىنى، پىشامشان ئەمەلدارلىرىنى چەرچەنگە كېلىپ ئالدىلىرىغا چىقىشىنى بۇيرۇدۇم».

شۇنىڭ بىلەن بىتاقەت بولۇپ تۇرغان شۈەنجۇاڭ خوتەندىن يولغا چىقىدۇ. يول ئۈستىدە ئاللىبۇرۇنلا خارابىلىققا ئايلانغان رورەندىن ئۆتىدۇ ھەمدە 18 يىل بۇرۇن قاچقۇن بولۇپ ماڭغان جايلاردىن ئۆتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى 26 ياشلىق يىگىت (28 ياش دېگۈچىلەرمۇ بار) 43 ياشقا كىرىدۇ.

جېنگۇەن 19 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چاڭئەنگە بارىدىغان قانالدا بىر كېمە تېز سۈرئەت بىلەن كېلىدۇ. بۇ قانال چاڭئەننىڭ غەربىي جەنۇب 30 چاقىرىمدىكى كۈنمىڭ كۆلىدىن باشلىناتتى. باش باھار نامايان بولۇپ تۇرغان ئاۋات كوچىلاردا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. كىشىلەر تاغدەك مال بېسىلغان كېمىگە ۋە باشقىچە كېيىنىۋال-

غان ئوتتۇرا ياشلىق راھىبقا قارىشىپ قالىدۇ. بۇ دەل
19 يىل جاپا - مۇشەققەت تارتىپ، ساماۋى چۆچەكلەردى-
كىدەك ئۇزاق ھىندىدىن قايتىپ كەلگەن راھىب شۈەنجۇاڭ
ئىدى. كېيىدىكى ماللار ئۇ ئەكەلگەن مۇقەددەس كىتابلار
ۋە بۇت ھەيكەللىرى ئىدى.

شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شۈەنجۇاڭ لوياڭدا
تەڭرىگە تاۋاپ قىلىدۇ. تەڭرى غەربىي رايون ئەللىرىنىڭ
ئەھۋالى ھەققىدە سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن: «بۇددا ئېلىدە
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ناھايىتى تەپسىلىي ئىكەن. ئۇنى چو-
قۇم كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقسىلا، كىشىلەر كۆرسۇن» دەي-
دۇ. مانا بۇ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرى-
سى» دېگەن كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى سەۋەبى. شۈەن-
جۇاڭ ئەكەلگەن مۇقەددەس كىتابلارنى دۆلەت ئىشلىرى
سۇپىتىدە مەملىكەتتىكى مۆتىۋەر راھىبلار چاقىرىلىپ تەرجىمە
قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىندىدا دۇنياغا كەلگەن ئۆلىما-
لارنىڭ جەۋھەرلىرى جۇڭگودا دۇنياغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل
تالانت ئىگىسى تەرىپىدىن شەرققە ئەكېلىنىدۇ ھەمدە
سادىقلىق بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 45. گاندارا بۇددىزم سەنئىتى قانداق پەيدابولغان

ماكىدونىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىر قوشۇن باشلاپ
ئۆزىنىڭ كونا دۈشمىنى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاھمىنىد
سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ ۋە مىلادىدىن بۇرۇن
331 - يىلى ئۇنى يوقىتىدۇ. بۇندىن بۇرۇن ئۇ مىسىرنى

بويسۇندۇرغاندا ئىنسانىيەتنىڭ باراۋەرلىكىنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىش سىياسىتىنى بېقىندى مىللەتلەرگە ئومۇمەيۈزلۈك قوللانماقچى بولغان.

ئالېكساندىر پېرسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان باكترىيە (ھازىرقى بالىقنى مەركەز قىلغان جايلار) ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاقشال قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش ئېلىپ باردى. شىمالدا سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى فەرغانىغىچە باردى. بارغانلا يېرىدە ئالېكساندرىيە نامىدا مۇستەملىكە شەھەرلەرنى تەسىس قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇنداق شەھەر 75 تىن ئاشارمىش.

مىلادىدىن بۇرۇن 327 - يىلى يازدا، ئۇ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئۆتۈپ، گاندارىغا باردى. ئاندىن ھىندىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. بىراق پارسا دۆلىتىنىڭ شاھى پارسا باشچىلىقىدىكى پىل قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە ئېقىپ يۈرگەن ئىمپېراتور ئالېكساندىر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا خىلمۇ خىل مەخلۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدە بىر ھېكايە بار. ئالېكساندىر ھىندىدىكى ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ نارازىلىقىنى باستۇرۇشقا نائىلاج قېلىپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، ھىندى دەرياسىنى كېزىپ، دەريا بوغۇزىغا يېقىن جايدىن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە قايتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 323 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ بابىلدا ئەرەبكە يۈرۈش قىلىشقا تەرەددۇت قىلىـ

ۋاقتاندا، ئۆزىنىڭ 32 يىللىق ئەنسىز ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردۇ.

ئالېكساندر قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىدۇ، گاندارا دېگەن جاي چاندىراگوپتانىڭ ماۋرىيە سۇلالىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي چاندىراگوپتانىڭ نەۋرىسى ئاسوكا پادىشاھ رەھبەرلىكىدە بۇ جايدا بۇددىزم ئومۇملاشتۇرۇلدى.

مىلادىدىن بۇرۇن 231 - يىلى پادىشاھ ئاسوكا ئۆلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق بۇ رايونغا باستۇرۇپ كىرگەن گرېكلار بۇددىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا كېرەك. بۇ ئىش توغرۇلۇق باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ بىرى بولغان پادىشاھ مېناندىروس (مىلادىدىن بۇرۇن 80 - يىلى ئالدى - كەينىدە ۋاپات بولغان) نىڭ بۇددىزم مۆتىۋەر راھىبى ناگاسېنا بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىكى «مىلىندا پانھا»، («مىلىندا سوترا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. بۇددىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان گرېكلار تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بۇت ھەيكەللىرى ئويۇشقا، ئىبادەتخانىلار سېلىشقا كىرىشكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇددا ھەيكىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇشۇ جايمىش. بۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇددا مۇرىتلىرى پاتى دەرىخىنى (ھەزرىتى ساكيامۇنى مۇشۇ دەرەخ ئاستىدا ئويغانغانىكەن)، دىنىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلگەن. بۇددا ھەيكىلىگە ئوخشاش نەرسىلەر بولمىغان.

يەنە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى،

كۇسەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى كانىسكا گاندارا بۇددىزم سەنئىتىنى گۈللەندۈرگەن ۋە ئۇنى شەرققە تارقاتقان تۆھپىكار ھېسابلىنىدۇ. كۇسەنلەر ياۋچىلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، شۇنداقلا شىمالىي ھىندى ئەترابلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان. پادىشاھ كانىسكانىڭ دەۋرى كۇسەنىنىڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرى. ئۇنىڭ پايتەختى ھازىرقى پېشاۋا، مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پايتەخت قىلىنغان. فرانسىيىنىڭ بۇددىزم ئارخېئولوگى ئالفورد فۇشى مۇنداق دېگەن: گاندارا بۇددىزم سەنئىتى گرېكلار ئاتا بولغان، بۇددىستلار ئانا بولغان گرېكچە بۇددىزم سەنئىتىدۇر.

گاندارا سەنئىتى مىلادى V — VI ئەسىردە ئېفتالىتلار باستۇرۇپ كىرگەندە ھالاكەتلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

## 46. گرېك سىماسىدىكى بۇددا ھەيكەللىرى قانداق يارىتىلغان

گاندارا بۇددىزم سەنئىتىنى ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئەڭ زور مىراسلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ گرېك مەدەنىيىتىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى بىلەن بۇددىزم مەزمۇنىنىڭ بىرلەشمىسى. شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچلۈك «گۇۋاھچىسى».

گاندارا بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايى روشەنكى ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ئاق، قاڭشالىق، ئورا كۆز كېلىدۇ. گرېك شەكلىدىكى ئىلاھ ھەيكەللىرى ۋە ئادەم ھەيكەللىرىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر گاندارا بۇددا ھەيكەللىرىنى زېۋس، ئاپولو ۋە ئاتېناغا تەقلىد قىلىنغان دەيدۇ.

بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ چاچلىرى ھىندىچە بۇدۇر بولماستىن (كىچىك بۇدۇر) بەلكى دولقۇنسىمان يۇزۇن يارىتىلغان.

ئۇندىن باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرى، كىيىمنىڭ فورمىسى كۆپىنچە سول مۈرىدىن ئوڭ پەشكە چاچما شەكىلدە كېلىدۇ. مادۇلا ھەيكىلى بويۇننى مەركەز قىلغان مەركەزداش چەمبەرسىمان بولىدۇ. گاندارا بۇددا ھەيكەللىرى ئومۇمەن ئاھايىتى تەبىئىي كۆرۈنىدۇ.

ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سىڭگەن. بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن گرېك قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان يوپۇرماق شەكلىدىكى زىننەتلەر، ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۈۋرۈك ۋە قاپارتما (ئوتتۇرىسى ھورپىيىپ چىققان) يۇمىلاق تۈۋرۈكلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 47. ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋېنۇسنىڭ ھەيكىلى قانداق تېپىلغان

گرېك مەدەنىيىتى شەرققە تارقىلىشتا گانداراغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بۇ خىل ئالاھىدە مەدەنىيەتنى

پۈتكۈل غەربىي رايوندا گۈللەندۈردى.

ستېپىن مىرەندە تاپقان قاناتلىق پەرىشتە ناھايىتى داڭلىق. ئۇندىن باشقا، ئۇ مىرەندىن يەنە جۇڭگوغا خاس ياغاچ ئۈستىگە لايدىن قاتۇرۇپ ياسالغان ئاتېنا، ئېروس ۋە ھېگروس ھەيكەللىرىنى تاپقان، ستېپىن گرېك مەدەنىيىتىنىڭ بۇ مىراسلىرىنىڭ ئۆزىگە تاسادىپىي ئۇچراپ قالغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال بولغانمىش.

سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئۆمىكىنىڭ پېرسىيە ئارساس سۇلالىلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى پايتەختى نىسادىن تاپقان ۋېنۇس ھەيكىلى، ستېپىننىڭ ھېلىقى ھەيكەللەرنى تاپقىنىغا ئوخشاشلا زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

ئىمپېراتور ئالېكساندر قازا بولغاندىن كېيىن، بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ ئاسىيا قىسمىغا سېرىگو سۇلالىسىدىكى سۇرىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ پادىشاھلىق زاۋال تاپقاندا پاتىئا دۆلىتى مۇستەقىل بولىدۇ. بۇ پېرسىيىنىڭ ئارساس سۇلالىسى، يەنى جۇڭگولۇقلار ئەنشى (安息) دەپ ئاتىغان پادىشاھلىق بولىدۇ. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى نىسادىكى ئىبادەتخانا ۋە سارايلارنى قېزىپ چىقىپ، يېرىم يالىڭاچ ئىلاھە ھەيكىلىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ۋە ھەر خىل گرېك ئىلاھلىرى چۈشۈرۈلگەن، پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن مۆڭگۈز شەكىللىك رومكا قاتارلىقلارنى «مىلونئوس» دەۋالغىلى قىل قالدى. ھەقىقەتەنمۇ، مەرمەر تاشقا ئويۇلغان كېلىشكەن گەۋدە گرېك ئۇسلۇبىدا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

گەرچە پاتىئا پادىشالىقى گرېكلارنىڭ باكترىيە

پادشاھلىقى بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت جەھەتتە گرېك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇنىڭدىن سىرت تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قىزىل مىڭ ئۆيدىكى تامغا سىزىلغان بىراخمانا راھىبىنىڭ يۈزىنىڭ سىزىلىشى ئېيتىمشلارغا قارىغاندا، ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدا سىزىلغان خرىستوسنىڭ رەسىمىگە ئوخشارمىش.

بۇددىزم سەنئىتىمۇ يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە تارقالغان. بۈگۈن بىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىنى چۆرىدەپ ئورۇنلاشقان نىيە، مىرەن، رورەن قاتارلىق بوستانلىقلاردا كۆمۈلۈپ ياتقان نەرسىلەردىن گاندارا سەنئىتىنىڭ شەرققە تارقالغان ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىنى چۆرىدىگەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان غەربىي رايوننىڭ شىمالىي يولىدىمۇ بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئىزلىرى ئاندا-مۇندا ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە خۇددى كىتابىمىزنىڭ 21-سىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى تاش غار ئىبادەتخانىلاردا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىستېتىملىقىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى گاندارا سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېگەندىن بامىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېگەن توغرۇك.

تاش غار ئىبادەتخانىلىرى گەرچە ھىندىدىن باشلانغان بولسىمۇ، بىراق بامىيان قاتارلىق جايلاردا پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، روشەنكى ئۇلار ئىران تىپىدىكى بۇددىزم سەنئەت شەكلىگە ئىگە.

## 48. بامىئان چوڭ بۇتىنىڭ يۇرتىدا

ئافغانىستاندىكى بامىئان تېغىدا ئويۇلغان چوڭ بۇت، يۈزىنىڭ زەخمىلەنگەن، بىر جۈپ قولى بۇزۇلغان بىچارە قىياپىتى بىلەن يەنىلا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

بامىئان ھىندىقۇش تېغىدا جايلاشقان بولۇپ، بۇددىزم ئەۋج ئالغان جاي. بىراق VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بۇ جايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىسلاملار بۇرۇندىنلا مەبۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇتلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ ۋەيرانە قىلدى.

ئىسلاملار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن خېلى بۇرۇن بۇ جايدىن ئۆتكەن تاڭ راھىبى شۈەنجاڭ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي رايونغا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىدۇ: «پادىشاھ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغ باغرىدا بۇددانىڭ تاش ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، ئېگىزلىكى 150 — 140 چى كېلىدۇ. ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ».

بامىئاندا قىيا تاشقا ئويۇلغان چوڭ ئىككى بۇتتىن باشقا يەنە غار تام سۈرەتلىرى تۈركۈملىرى قاتارلىق بۇددىزم يادىكارلىقلىرى بار. بۇ يادىكارلىقلار بۇرۇن بۇ جايدا ئەچچە مىڭلىغان راھىب تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ جايدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان بۇتلارنىڭ ئەڭ

چوڭ بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 53 مېتىر كېلەرمىش. يېقىندا ب د ت نىڭ ماتارىپ پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى خىراجەت ئاجرىتىپ، بۇ بۇتنى رېمونت قىلغاندا ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىنى قايتا كولىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئېگىزلىكى 55 مېتىر (جيۇيېپ جيەنشى) كېلىدىغان-لىقى ئېنىقلانغان. ياسالغان دەۋرى V — IV ئەسىردە دەپ قارالغان.

يەنە بىر تاش بۇتنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر كېلىدىكەن (يەنە بىر ئېيتىشچە 37 مېتىر)، ياسالغان دەۋرى چوڭ بۇتقا قارىغاندا سەل كېيىنرەك.

بۇرۇن شۈەنجۇاڭ بۇ بۇتلارنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىن ئالتۇن چاقناشىتىكى سەۋەب، بۇ بۇتلارغا ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇن يالىتىلغانلىقتىنمىش.

35 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇتنىڭ تەكچىسى يېنىدىكى پەلەمپەي بىلەن چوڭ بۇتنىڭ بېشىغا چىققىلى بولىدۇ. بۇت تەكچىسىدە ھەر خىل بۇت رىۋايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن تام سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شەكىل جەھەتتىن 35 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇت تەكچىسىدىكى سۈرەتلەر ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇگىمىش. 53 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇت تەكچىسىدىكى سۈرەتلەر ھىندى تىپىغا ئۇگىمىش.

ئەينى ۋاقىتتىكى بامىياننىڭ شەرقىي قىسمى بۇت بارلىققا كەلگەن گاندارا، غەربىي قىسمى بولسا ساسانىلار سۇلالىسى ۋە گرېك مەدەنىيىتىدىكى جايلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەرق-غەرب مەدەنىيىتى جەملەشكەن جۇغراپىيىۋى

شارائىتقا ئىگە. بۇ خىل تەسىر ئىككى بۇتتىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. زور ھەيكەللەرنى ياساش ئەنئەنىسى، ئەسلىدىنلا غەرب مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق.

## 49. قەدىمىي يادىكارلىق تاشلارغا زىيارەت

مىلادىدىن بۇرۇن 326 - يىلى، ئىمپېراتور ئالېكساندىر شىمالىي ھىندىنىڭ پەنجاپ دېگەن يېرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

ئەينى چاغدا، تاشىلا ئىلىم ۋە سەنئەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان جاي ئىدى ھەمدە يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. كانگ ۋادىسىغا بارىدىغان ۋە كانگ ۋادىسىدىن ئېفرات دەرياسى تەرەپكە بارىدىغان كارۋانلار تاشىلاغا چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تاشىلادىن چىقىپ، ھىندى دەرياسىدىن ئۆتكەن گرېك قوشۇنىغا كارانوس (ياخشى تاغا) ئىسىملىك بىر راھىب ئەگىشىپ ماڭغانىمىش. كېيىن ئۇ سىسادا كېسەل بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش پەشتىقىغا چىقىپ، «بابىلدا كۆرۈشەيلى» دەپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقانىمىش.

تاشىلا ھازىر پاكىستانغا قاراشلىق، پايتەخت ئىسلامئابادتىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، 30 مىنۇتتىلا بارغىلى بولىدۇ. تاشىلا مۇزېيىدا گاندارا شەكلىدىكى، يەنى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى قاتتىق سىڭگەن بۇددىزم سەنئەت بۇيۇملىرى قويۇلغان. گاندارا كونا ئىزلىرى ئوخشىمىغان دەۋرگە

خاس ئۈچ شەھەر خارابىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ئوخشىمىغان دەۋردىكى 12 كەنت بايقالدى. يىل دەۋردىن ئالغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئۆمرى مىلادىدىن بۇرۇن 500 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدىن مىلادىدىن كېيىن 500 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان. بۇ جايدا بۇددىزم راۋاج تاپقانلىقى ئۈچۈن، بۇددىزم خارابىلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇندىن باشقا بۇ خارابىلەرنى قازغان ئەنگلىيىلىك جون مارشال، سىركاپ شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى چىنتايئا دېگەن يەردىن زوئوئاست دىنىي ئىبادەتخانىسى دەپ قارالغان گرېكچە قۇرۇلۇش بارلىقىنى سىزىدۇ.

## 5. قەدىمىي جۇڭگودا ئېچىلغان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرى

### 50. خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەن توغرىسىدا تولۇق ئىزدىنىش

دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن خەلقئارالىق چوڭ شەھەر — تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن، بۈگۈنكى كۈندە شىئەن دېگەن نام بىلەن يەنىلا مەۋجۇت. بۇ ھەم چاڭ شۆلياڭ جياڭ جيېشىنى نەزەربەند قىلىپ تۇرۇپ گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىشىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن شەھەر (شىئەن ۋەقەسى) چاڭئەننى ئالدىنقى خەن سۇلالىسى پايتەخت قىلىپ قۇرغان.

خەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. ئۇنى جىن سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ئاندىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىدىن ئىبارەت داۋالغۇلۇق ۋە بۆلۈنۈش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. بۇ ئارىلىقتا چاڭئەن ئۇرۇش يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ خارابىزارلىققا ئايلىنىدۇ. ئارىلىقتا ئۇ بىرنەچچە سۇلالىلارنىڭ

پايتەختى بولغان بولسىمۇ، بىراق، ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولمىغان.

سۈي سۇلالىسى چاڭئەننى قايتىدىن پايتەخت قىلدۇ. ئورنى خەن دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن ئون كىلومېتر جايغا جايلاشقان. يېڭى پايتەخت داشىن دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭدىنىڭ دايې 9 - يىلى (مىلادى 613 - يىلى) داشىڭنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ دەسلەپكى پىلانلىق شەھەر بولۇپ قالدۇ. بىراق سۈي سۇلالىسى 31 يىللا راۋاج قىلدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ سۇلالىسى دەسسەيدۇ. تاڭ سۇلالىسى سۈي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇ. شۇندىن كېيىنكى 300 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ كېلىدۇ.

تاڭ دەۋرىدە چاڭئەننىڭ نوپۇسى 1 مىليون 60 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، باغدات بىلەن بىرقاتاردا تۇراتتى. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. كوچىلىرىدا ئاساسەن سوغدىلارنى ئاساس قىلغان غەربىي رايون سودىگەرلىرى كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ئارىسىدا ياپونىيە ۋە سىئامىلىك چەت ئەلدە تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاندا - ساندا ئۇچرايتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەرقايسى تەرەپتىن كەلگەنلەر جەم بولغان شەھەر ئىدى.

چاڭئەندە غەربىي رايوننىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئومۇملىشىپ قالغان، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن گەپ يوق، بەلكى مۇزىكا، رەسىمچىلىق ۋە ئويۇن -

تاماشا جەھەتلەردىمۇ غەربىي رايوننىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى كەڭ ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا زوروئاستىر دىنى، مانى دىنى، نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار قاتارلىق دىنلار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ شەھەرگە تارقىلىپ كىرىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر خىل دىندىكى ئىبادەتخانىلار بۇ شەھەرنىڭ خەلقئارالىقىغا قايىل قىلارلىق ئىسپات بولالايدۇ.

چاڭئەندە غەربىي رايوندا تۇغۇلغان شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇلارنىڭ فامىلىسىدىنلا ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان جايىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «ئەن» (安) بۇخارادا تۇغۇلغانلار قوللىنىدىغان فامىلە، بىراق ئەن لۇشەن شى سىمىڭ توپىلىڭىدىكى ئاساسىي شەخس ئەن لۇشەن سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان. ئەن لۇشەن ـــ شى سىمىڭ توپىلىڭىدىكى يەنە بىر شەخس شى سىمىڭ. شى (史) دۆلىتى، يەنى كېش (سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى شاكلىس يابۇز) دا تۇغۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلەن، كاڭ (康) فامىلىلىكلەر سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان، شى (石) فامىلىلىكلەر تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ساۋ (曹) فامىلىلىكلەر قوۋادىيانەدە تۇغۇلغان، مى (米) فامىلىلىكلەر مايمىھدە تۇغۇلغان، خې (何) فامىلىلىكلەر كوشانىيەدە تۇغۇلغان. زاۋ (爆) فامىلىلىكلەر خارەزمدە تۇغۇلغان، ۋەھاكازالار.

مىلادى 904 ـ يىلى، جۇ چۈەنجۇڭ (كېيىنكى لياڭنىڭ پادىشاھى) پايتەختنى لوياڭغا يۆتكەپ، چاڭئەندىكى ئوردا ـ ساراي ۋە ئاۋامنىڭ ئۆي ـ جايلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇ يەردىن چىققان يا-

غاچ ماتېرىياللارنى سۇ يولى ئارقىلىق لوياڭغا ئاپارغانىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئاۋات پايتەخت ۋەيران بولىدۇ.

## 51. غەربىي رايون ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى «يۆتكىگۈچى» سوغدىلار قانداق ئادەملەر

سوغدىلار يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرۈپ، شەرق ـ غەرب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر. ئۇلار ئىران مىللىتىدىن بولۇپ، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىغا، بولۇپمۇ زەرەپشان دەرياسى ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان سوغدىيانەگە ئورۇنلاشقان. كۆپ قىسمى زوروئاستىر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇلار سودا ئىشىغا تۇغما ئىقتىدارلىق كېلىدۇ. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» ۋە «كونا تاڭنامە» دە يېزىلغان تۆۋەندىكىچە بايان بۇنىڭغا تولۇق ئىسپات بولالايدۇ.

«(سوغدىلار) ئوغۇل كۆرسە ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قويۇپ، ئالقىنىغا يېلىم سۈركەپ قويىدۇ. بۇ چوڭ بولغاندا ئاغزى تاتلىق، پۇلنى خۇددى يېلىمدا چاپلاپ قويغاندەك تۇتسۇن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەممىسى دېگۈدەك خۇ يېزىقىنى (سوغدى يېزىقى) بىلىدۇ. سودىگەرچىلىككە بەك ئۇستا كېلىدۇ. بىر ياملىق ئۇچچۇنمۇ زېرىكمەي سودىلىشىدۇ. ئەرلىرى 20 يېشىدىن تارتىپلا چەت ئەللەرگە چىقىدۇ. جۇڭگوغىمۇ كېلىدۇ. پايدا چىقىدىغانلا يەر بولسا بارماي قويمايدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا، ھىندىستانغا بارغان راھىب شۈەن‐

جۇڭگو سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ: «ئۆرپ - ئادەتلىرى غەلىتە، دائىم ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ. ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىگە مال - مۈلۈك يىغىدۇ. ئاتا - بالا ئۆزئارا پايدا توقۇنۇشى قىلىدۇ. مال - مۈلكىنىڭ جىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ ئانچە پەرقى يوق. مال - دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ، يېمەك - ئىچمىكى ئاددىي».

ئۇلار قەدىمى يەتكەنلا يەردە مۇستەملىكە تىكلەپ، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇلار يەنە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش باھانىسى بىلەن ئاتلىق مىللەتلەردىن قاتناش بېجى ۋە قوغداش بېجى دېگەندەك باجلارنى ئالىدۇ. ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ستېيىن لوپنۇر ئەتراپىدىن قېزىپ چىققان سوغدى يېزىقىدىكى سودا پۈتۈكلىرى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك سودا پائالىيەتلىرى ئېنىق خاتىرىلەنگەن ئەڭ قەدىمىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۆگە كارۋانلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆگىگە ئەينەك، گىلەم، خۇش پۇراق ماتېرىيالى، ساز قاتارلىقلارنى بولۇشىغا ئارتىپ، يىپەك يولى ئارقىلىق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، چاڭئەنگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمى جىسمىغا لايىق بۇ خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەندىن ئىران پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگولۇقلار بۇ ئادەملەرنى خۇلار دەپ ئاتايتتى. خۇ «胡» دېگەنلەر كۆپىنچە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەنچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىراق تاڭ دەۋرىدە، ئادەتتە سوغدىلارنىلا كۆرسىتەتتى. تاڭ شۈەنزۇڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئەن لۇشەن، شى سىمىڭلار

قوزغىغان توپىلاڭدىمۇ خۇلار ئاساسىي كۈچ قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شائىر يۈەن جېن شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكى نەزمىنى يازغان:

خۇ چەۋەندازلىرى كەلدى چاڭ چىقىرىپ،
تولدى شەنياڭ بىنلەن لوياڭغا كىگىز ۋە ھايۋان گۆشى.
بولدى خۇلارچە ياسانماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى خۇلاسىمات.

بۇنىڭدىن چاڭئەن شەھىرىگە ھەقىقەتەن خۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 52. يۇرتىغا بولغان سېغىنىش

لى بەي «ئۈسمۈرلۈك سەپىرىمدە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

نەۋ جۇۋانلار كىردى شەھەرگە ئات سېلىپ،
ھەممىسى ئاق، كۈمۈش ئېگەرلىك ئات مىنىپ،
چېچەك پەسلى نەگىدۇ بۇ سەيلىسى،
كىرىشەر كۈلۈمسىرەپ مەيخانىغا،
ئۇندا تۇرغان خۇ قىزىغا ئىنتىلىپ.

ئۇندىن باشقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نەڭ گۈللەنگەن دەۋ-

ۋىدە ياشىغان شائىر خې چاۋ «مەيخانىدىكى خۇ قىزىغا بېغىشلاپ» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

باھار پەسلى مەيخانىدا خۇ قىزلىرى خىزمەتتە،
نەغمە ـ ناۋا ساداسى تۈن بويى جاراڭلايدۇ.
ئاق دۇردۇنىدىن كېيىنگەن بۇ ئۇسسۇلچى گۈزەللەر،
قىزىل كىگىز ئۈستىدە يېڭى ئايدەك چاقنايدۇ،
چاڭئەننىڭ غەربىي بازىرى ئاۋات بىر جاي بولۇپ.

مەيخانىلاردا كۆزلىرىنى ھاۋا رەڭ بويىۋالغان خۇ قىزلىرى فوسفۇرلۇق قەدەھلەرگە ئۈزۈم شارابىنى توشقۇزۇپ، بايۋەچچىلەرنى كۈتىدۇ. ئۇلار سېرىق چاچ، كۆك كۆز كەلگەن گۈزەللەردىن بولۇپ، بەزىدە سۈتتەك ئاق بەدەنلىرىنى ئېچىپ قويۇپ، خۇ ئۇسسۇلى ئوينايدۇ.

دوكتور شتيەن گەنجۇنىڭ «ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغان خۇ قىزلىرى» ۋە «خۇچە پىرقىراش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئىسپاتلىق بايانلىرىدا، خۇ قىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ‹خۇچە پىرقىراش ئۇسسۇلى›، ‹خۇچە سەكرەش ئۇسسۇلى، پانۇس ئۇسسۇلى› لىرنىڭ مەشھۇر رولچىلىرى ۋە سوغدىيانە، توخارىستان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇسسۇلچى قىزلار. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئىرانلىق ئاياللار دېسەك خاتا بولماس».

بۇنداقتا، خۇ قىزلىرىمۇ يىپەك يولى بىلەن ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن غەربلىكلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئاياللارنىڭ قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان پامىر

ئېگىزلىكىنى ھالقىپ، پىژ - پىژ قىزىپ تۇرىدىغان تەكلىما-كان قۇملۇقىنى بېسىپ ئۆتۈشىدە قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر سەۋەبلەر باردۇر! لى خېنىڭ «تۈن قاراڭغۇسىدىكى كۆي» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

خۇ بالىلىرى كۆك كۆزلۈك، چاچلىرى بۇدۇر - بۇدۇر،
ئولتۇرىدۇ راۋاقتا، جىمجىت تۈندە نەي چېلىپ،
نەي ئاۋازى تارايدۇ چۈشكەن كەبى ئاسماندىن،
يۇرتلىرىنى ئەسلەيدۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

بۇ شېئىردا كۆك كۆز خۇ قىزلىرىنىڭ ئايدىڭ كېچىدە خۇ نېيىنى چېلىۋاتقانلىقى، نەي ئاۋازىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىشى چىقىپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يات يۇرتتا سەرسان بولۇپ يۈرۈشتەك مىسكىن روھىي ھالىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى سوۋغات سۈپىتىدە جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە لوياڭدا كەڭ تارقالغان چەت ئەل كەيپىياتى — ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى.

كاتتا بەزمىلەردە خۇشال - خۇرام كۆرۈنگەن بۇ خۇ قىزلىرى يۇرتنى ئەسلىگەنلىرىدە يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلماي قويمايدۇ.

## 53. جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن زوروئاستىر دىنى

خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەندە ھەر خىل دىن بولۇپ،

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى بۇ جايدا ئارىلىشىپ كەتكەن. زوروئاستىر دىنى مانا بۇ دىنلارنىڭ بىرى.

مىلادىدىن بۇرۇن VI ئەسىردە، بۇ دىننى تەسىس قىلغۇچى زوروئاستىر ئىراندا ماگى ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

زورو ئاستىر دىنى بىر خىل ئىككى مەنبەچىلىك دىنىي تەلىمات، بۇ دىنىنىڭ مەركىزى — يورۇقلۇق (رەھىمدىللىك) كە ۋەكىللىك قىلغۇچى خۇرامادا ۋە جاھالەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئانخىلامانيۇ. يورۇقلۇق، ساپلىق، ئادىللىق، ھەققەت، بەخت - سائادەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جاھالەت ساپ بولماسلىق، ئادىلسىزلىق، ساختىلىق، بەختسىزلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا زىت كېلىدۇ.

خۇرامادا پەرىشتىلەر قوشۇننى باشلاپ، ئانخىلامانيۇ ئالۋاستىلار قوشۇننى باشلاپ قاتتىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئاخىر قىيامەت كۈنىگە كەلگەندە، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۇرۇشى خۇرامادانىڭ غالىب كېلىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. كىشىلەر دۇنياسى شۇندىن ئېتىبارەن يورۇقلۇق بىلەن رەھىمدىللىككە توشىدۇ. ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلىدۇ، ياخشىلار مۇكاپاتلىنىدۇ، يامانلارغا جازا كۆرىدۇ.

زوروئاستىر دىنى كۆز قارىشىدا، قىيامەت كۈنىدىكى سوراق، ئالۋاستى ساتەن، قايتا تىرىلىش قاتارلىقلار كېيىنكى ۋاقىتتا يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا خېلى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. زورو ئاستىر دىنى مەبۇتقا چوقۇنۇشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چوقۇنىدىغىنى ئوت. بۇ يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى، شۇڭلاشقا بۇ دىن ئاتەش دىنىمۇ دېيىلىدۇ.

بۇ دىن ئاخېمېنىد سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارىئو I نىڭ چوقۇنۇشى بىلەن راۋاج تېپىشقا باشلايدۇ. پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىگە كەلگەندە ھەتتاكى دۆلەت دىنى قىلىندى. مىلادى 226 - يىلى پاتشا پادىشاھلىقىنى ئۆرۈۋېتىپ، ساسانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان ساسانىلار جەمەتىدىكى ئالدىھىر مۇقەددەس ئوتقا ئىبادەت قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. زورو ئاستېر دىنى شىمالىي ۋېي دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىدۇ. سۇي، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاج تاپىدۇ. تاڭ دەۋرىدە «شيەن» (祆) جياۋ دىنى دېيىلىدۇ. «شيەن» (祆) دېگەن خەت «ئاسمان» (天) بىلەن «ئىلاھ» (神) بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان يېڭى خەت.

بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگودا تۇرۇۋاتقان پارسلىقلار، جۇڭگولۇقلاردىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مۇرتلار چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەردە ئاتەش دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىپ، تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ.

ئاتەشپەرەسلەرنى باشقۇرىدىغان ئورگان سابا مەھكىمىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى سابا دەپ ئاتىلىدۇ. سابا دېگەن سۆز سوغدى تىلىدىكى كارۋان باشلىقى، يەنى ساتاۋاخۇ دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىمىش. سابا بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان. سوغدىلار مانا بۇنىڭدىن بۇ دىننى غەربتىن شەرققە تارقاتقۇچىلار ئىران مىللىتىگە ياتىدىغان سوغدى سودىگەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگودا «خۇيچاڭ بۇددا دىنىنى باستۇرۇش» ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. بۇ بۇددا دىنى ۋە زوروئاستىر دىنى قاتارلىق چەتتىن كەلگەن دىنلارنى قوبۇل قىلماسلىقنىڭ ئىنكاسى. نەتىجىدە زوروئاستىر دىنى جۇڭگو جەمئىيىتىدە يوقىتىلىدۇ.

سۇڭبېن چىڭجاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئوت يولى» دېگەن رومانىدا زوروئاستىر دىنىنىڭ ياپونىيىگە تارقىلىپ كىرىش ئېھتىمالى بارلىقى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بەزى ئالىملار ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوتتىن ساقلىنىش بايرىمىدا زوروئاستىر دىنىنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش تەسىرى بار دېيىشىدۇ.

## 54. جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن خرىستىئان دىنى

خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى ئەيسا خرىستىئاننى ئىلاھىي جەھەتتىن ئادىمى خرىستىئان ۋە ئىلاھ خرىستىئان دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. بۇنداق ئىلاھلىق ۋە ئادىمىيلىقنى ئىككىگە ئايرىغان بىرىكمە ھالەت، ئۇلارنىڭ ئۇسۇل جەھەتتە باشقا دىنىي مەزھەپلەر بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئېتىقاد قىلغۇچىلار شەرقىي رىم كونىستانتىنوپ باش روھانىي نېستورىنىڭ تەشەببۇسىنى قوغلىشىپ ھاسىل بولغان بىر مەزھەپ.

مىلادى 431 - يىلدىن باشلاپ نېستورى مەزھىپى «پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ». شۇ يىلى، ئېفېسوستا چاقىرىلغان دىنىي مەجلىستە بۇ مەزھەپكە بىدئەتلىك تامغىسى ئۇرۇل-

دۇ. نېستورى سۈرگۈن قىلىندۇ، ساقلىنىپ قالغان ئېتىقادچىلار شەرقىي رىم پادىشاھى زېنوننىڭ مىلادى 489 - يىلىدىكى زور باستۇرۇشى بىلەن شەرققە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

نۇرغۇن ئېتىقادچىلار پېرسىيىنىڭ ساسانىلار سۇلالىسىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يىپەك يولىنىڭ ساياھەتچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

خرىستىئان دىنى نېستورى مەزھىپى ئېيتىشلارغا قارىغاندا تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 9 - يىلى (مىلادى 635 - يىلى) جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن. ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن كۆرۈنەرلىك تەسىرىدىن، ئۇ ئىرانچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇ پارس دىنى دەپمۇ ئاتالغان. ئىبادەتخانىلىرى پارس ئىبادەتخانىسى دېيىلەتتى. شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 4 - يىلى (مىلادى 745 - يىلى) داچىڭ (روما) دىنى دەپ ئۆزگەرتىشكە پەرمان چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي جىڭجياۋ (景教) دىنى نامىدا نۇرغۇن جۇڭگو مۇرتلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان. بۇنىڭ جەريانى مىلادى 1625 - يىلى شىئەننىڭ شەھەر ئەتراپىدا تېپىلغان «داچىڭ (روما) جىڭجياۋ دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىش ئابىدىسى» دىن ئاساسەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئابىدە دىزۇڭ دەۋرىدە (مىلادى 781 - يىلى) ئەينى چاغدىكى چاڭئەننىڭ يىنىڭفاڭ دېگەن يېرىدىكى داچىڭ (روما) ئىبادەتخانىسىغا سېلىنغان. جىڭجياۋ دىنى دېگەنلىك نۇرلۇق تەلىمات دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

جىڭجياۋ دىنى مۇرتلىرى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن دىن تارقىتىدۇ ۋە جاي - جايلاردا داچىڭ (روما) ئىبادەتخانىلىرى قۇرىدۇ. دۇڭخۇاڭ تاش غاردىن تېپىلغان ماتېرىـ

ياللارغا قارىغاندا، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ دىنىنىڭ
مۇقەددەس كىتابلىرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ. دەسلەپتە تەرجى-
مە قىلىنغان بىر مۇقەددەس كىتابتا مەريەمنىڭ تۇنجى
قىزىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە كىرىستىتىكى ئەيسا قاتار-
لىق ھېكايىلەر تونۇشتۇرۇلغان، ئۇندىن باشقا، سېتىيىن
تاپقان دۇڭخۇاڭ رەڭلىك شايە رەسىملىرىدىمۇ خرىستىئانغا
ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەم سۈرىتى چىققان.

جۇڭگودا يىلتىز تارتىپ قالغان جىڭجياۋ دىنى ئۇزۇن
ئۆتمەي بۇددا دىنى بىلەن بىرگە قاتتىق باستۇرۇشقا ئۇچرى-
غان بولسا كېرەك. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇزۇڭ دەۋرىدە
راۋجياۋ دىنىدىن باشقا ھەر خىل دىنلار مەنئى قىلىنىشقا
پەرمان چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىڭجياۋ دىنىنىڭ ئىبا-
دەتخانىلىرىمۇ ئارقا - ئارقىلاپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.
بۇزۇۋېتىلىدۇ. نۇرغۇن مۇرتلار باشقا دىنغا ئۆتۈشكە مەج-
بۇر بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر قىسىم مۇرتلار-
نىڭ تەسلىكتە غەربىي رايونغا قېچىپ بېرىۋالغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە جىڭجياۋ دىنى
مۇرتلىرى جۇڭگودا ئاساسەن يوقىلىدۇ. بىراق موڭغۇلىيىدە
بۇ خىل ئېتىقادتىكىلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. يۈەن سۇلالى-
سىگە كەلگەندە بۇ دىن قايتىدىن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا تارقىلىشقا باشلايدۇ.

ئالىملار ياپونىيىدە كېچىك ئىسمى جىڭخۇ خۇاڭزى
دەپ ئاتالغان شىڭدى تەيزىنىڭ ئېتىقادىدا خرىستىئان دىنى-
نىڭ تەسىرى بارلىقىنى بايقىغان بەزى ئالىملار جىڭجياۋ
دىنى مەلۇم شەكىل بىلەن نەيلياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

ياپونىيىگە تارقىلىپ كىرگەن دېگەن بۇ قاراشنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا چىڭگىس ناھىيىسى باخۇزەي دېگەن جايدىكى خرىستىئانىزم ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ خېلى كەڭ تارقالغان.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياپونىيىنىڭ گاۋچى تېغىدا داچىڭ (روما) جىڭجياۋ دىنىنىڭ تارقىلىش ئابىدىسىنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقى ئەمەلىيەت.

## 55. جۇزى تەلىماتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مانى دىنى

مانى دىنى مىلادى III ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە بابىللىق مانى دېگەن ئادەم تەسىس قىلغان. ئۇ زوروئاستىر دىنىنى ئاساس قىلغان ھالدا، خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ۋە بابىلنىڭ قەدىمىي دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇرەسسەلەشتۈرگەن دۇنياۋى دىن.

ئۇمۇ زوروئاستىر دىنىغا ئوخشاش، ئىككى مەنبەلىك ئىلاھىيەتتۇر. بىراق زوروئاستىر دىنى رەھىمدىل ئىلاھ خۇرامارانىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ھۇرلۇككە چىقىرىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مانى دىنى بولسا كۈرەشنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى تاشلىغاندا، ئاندىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىنى تاپالايدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.

مانى دىنى پېرسىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاج

تاپىدۇ، بىر مەزگىل ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. بىراق كېيىنچە زوروئاستىر دىنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. تەسىس قىلغۇچى مانىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. نۇرغۇن مۇقەددەس كىتابلار كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدۇ. مانىنىڭ ساھابىلىرى چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار يول بويى جاي - جايلارغا بېرىپ دىن تارقىتىدۇ.

مانى دىنى ئەسلىدىلا بىر خىل خەلقئارالىق دىن بولغاچقا، ھەرقايسى جايلاردا ئىنتايىن ھىمايە قىلىنىدۇ. شىمالىي ئافرىقىدىن ياۋروپاغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرقىي ئاسىياغا تارقىلىپ كىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەشھۇر دانىشمەن ئاۋگوستىنو سىمۇ دەسلەپتە مانى دىنىنىڭ ئېتىقادچىسى ئىكەنمىش. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل تەرىقەت تارقىتىش دىنىي پائالىيەتلەردىن سىرت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقىمۇ خېلى زور رول ئوينايدۇ. يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مانىزم جۇڭگوغا مىلادى 694 - يىلى (زېتيەن ۋۇخۇنىڭ يەنزەي 1 - يىلى) تارقىلىپ كىرگەن، تەرىقەت تارقاتقۇچى سوغدىلار ئىدى.

بۇ دىن جۇڭگو (تاڭ سۇلالىسى) دا ئۆزىنىڭ كۈچىنى پۇختا ۋە ئوڭۇشلۇق كېڭەيتكەن. ئەينى چاغدا ساھابىلەر جەم بولغان چاڭئەن، لوياڭ ۋە ياڭزېجياڭ ۋادىسىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان.

مانى دىنى تاڭ سۇلالىسىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە تارقىلىپ كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ

دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. مىلادى 755 - يىلى، سوغدى ۋە
تۈرك قېنىدىن بولغان ئەن لۇشەن (ئوگلۇك) ئەسكەر تارتىپ
قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا لوياڭنى ئىشغال قىلىدۇ، كەينىدىنلا
چاڭئەننى ئالىدۇ، تاڭ سۇلالىسى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.
مانا بۇ ئوگلۇك - سۆيگىن توپىلىڭى دېگەن شۇ. تاڭ
سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ 3 - ئەۋلاد خاقانى ئەسكەر تارتىپ، ئوتتۇ-
را تۈزلەڭلىككە كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوگلۇك - سۆي-
گىن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
تاڭ سۇلالىسىدە ناھايىتى زور پىكىر بايان قىلىش ھوقۇ-
قىغا ئىگە بولىدۇ. مانى دىنى ئىبادەتخانىسى مەخسۇس
ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سېلىنغان. يەنە بىر ئېيتى-
لىشچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى تۇرۇشلۇق جايى بولغان
موڭغۇلىيىنىڭ قارابار جاسوندا تىكلەنگەن ئابىدىدە، 3 -
ئەۋلاد خاقانىنىڭ مىلادى 763 - يىلى ئوگلۇك - سۆيگىن
توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، دۆلىتىگە قايتقاندا تۆت مانى
راھىبىنى بىللە ئەكەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن بەزىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى
شۇنىڭدىن كېيىن بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. بىراق
پروفېسسور خۇيافۇدۇڭدا، ئۇيغۇرلارغا قاراشلىق زېمىندىكى
سوغدىلار، ئېھتىمال بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن شۇ جايدا
مانى دىنىنى تارقاتقان بولسا كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى مىلادى 839 - يىلى يىمىرى-
لىدۇ. تاڭ سۇلالىسىدىكى مانى دىنىمۇ باستۇرۇلۇش بىلەن

كاساتلىشىدۇ. بىراق خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن ساھابىلەر بۇ خىل ئېتىقادنى يوشۇرۇنچە ساقلاپ قالىدۇ. بەزى ئالىملار جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە باش كۆتەرگەن جۇزى تەلىماتى ئىچىدە مانىزىمنىڭ تەسىرى بار دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى فۇجيەن چۈەنجۇدىكى ئۆلىما شىياڭ چياۋيۈەن، مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى چۈەنجۇدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن دەيدۇ. جۇزى ياشلىق دەۋرىدە چۈەنجۇدا يېزا ئەمەلدارى بولغان، بۇ ھەممەيلەنگە مەلۇم.

## 56. ئىران مەدەنىيىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەتلىرىگە قانداق ئۇمۇملاشقان

ئىراننىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى چاڭئەن ۋە لوياڭدا ئەۋج ئالىدۇ. چەت ئەل پۇقرالىرى دىنىي ۋە سەنئەت جەھەتتىلا تولۇق گەۋدىلىنىپ قالماستىن، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىمۇ سىڭىپ كىرىدۇ. بىز مەرھۇم دوكتور شىتيەن گەنجۈنىڭ تەكشۈرۈش ئىسپاتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەت جەھەتلەردىكى ئىران پۇراقلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

كىيىم - كېچەك جەھەتتە، ئەينى چاغدا كىشىلەر خۇلارنىڭ كىيىمى، باش كىيىمى، ئۆتۈكلىرىنى بەس - بەستە كىيىشەتتى، چاڭئەن ۋە لوياڭنىڭ ئەتراپىدىن

چىققان لاي ھەيكەللەردىن بۇلارنىڭ ئىران مىللىتىگە خاس كىيىم - كېچەك ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. قارىغاندا مەيلى ئەر - ئايال بولسۇن گالستۇكلۇق كىيىمىنىڭ ئۈستىگە پىلاش، رىدا، تونغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىدىن باشقا، ئاياللارنىڭ كىيگىنى ئۇزۇن كۆڭلەك، ئەرلەرنىڭ كىيگىنى شىمغا ئوخشايتتى. چاچنىڭ تۇگۈنچىسى ۋە گىرىم قىلىشىدىنمۇ ئىرانچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆزىگە زەڭگەر ۋە كۆك گىرىم قىلىشىمۇ غەربىي رايون ئۆرپ - ئادەتلىرىگە كىرىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك جەھەتكە قاراپ باقايلى، كەيپۇەن يىلىدىن كېيىن، خۇ تامىقى دەپ ئاتالغان بىر خىل تاماق بىر مەھەل ھۆكۈم سۈردۇ. بولۇپمۇ ئىسلزادىلەرنى خۇ تامىقى بىلەن تەمىنلەش شەرت بولۇپ قالغان. خەلق بەك ياخشى كۆرىدىغىنى خۇلارنىڭ گۆش نېنى، بۇ خىل ناننى خۇلار چاڭئەن بازىرىدا ساتقان، ئۇنىدىن باشقا يەنە تانار، پولۇ قاتارلىق خۇ تائاملىرىمۇ بار.

ھاراقمۇ غەربىي رايوندىن كىرگەن ئىسىل ئىچىملىك. مۇنداق بىر رىۋايەت بار: تاڭ تەيزۇڭ ئىدىقۇتقا ئىستىلا قوشۇنى ئەۋەتكەندە، ئۇلارغا ئۈزۈم ئۇرۇقى ئەكەلدۈرگەن. پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن سەككىز خىل مۇسەللەس ياساپ ۋەزىرلىرىگە ئىنئام قىلغان. چاڭئەن مەيخانىلىرىدا خۇ قىزلىرى بەگزادىلەرگە قۇيۇپ بەرگىنى مۇسەللەس بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەي ئۆي - ئىمارەتكە كەلسەك، بۇ جەھەتتە كىيىم-

كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش ئىران ئۆرپ ـ ئادەت‌لىرىنىڭ تەسىرى بارمۇ يوق، تېخى ئېنىق ئەمەس. بىراق پادىشاھ شۇەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا ـ ساراي بىناكارلىقىدىن بۇ خىل تەسىرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يازلىق سارايلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

«بۇ قۇرۇلۇشلاردا، مەلۇم بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق سۇنى ئېگىز يەردىن ئۆگزىگە باشلاپ، يەنە مەلۇم بىر خىل ئەسۋاب بىلەن سۇنى ئۆگزىنىڭ ئەتراپىدىن تۆۋەنگە يامغۇرسىمان چۈشۈرىدۇ.» (دوكتور شىتيەن: «چاڭئەندە باھار»). بۇ كىشىگە ئىراننىڭ تەسىرى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەمما ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئىبادەتخانا جەھەتلەردە جۇڭگونىڭ بىناكارلىق ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىران يادىكارلىقلىرىدىن يەنە دىن، رەسىم، ئۇسسۇل، ئويۇن، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلار چاڭئەن ۋە لوياڭنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىران تەسىرى ئەۋج ئالغان دەۋر بارلىققا كېلىدۇ.

## 57. ئىران ئۇسلۇبىدىكى نەقىش دېگەن نېمە

جۇڭگو رەسىمچىلىكى قارىغاندا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىران تەسىرىگە ئۇچرىغان. بىراق ئەمەلىي نەرسىلەر كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەسىرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش تەس. شۇ چاغدىكى خوتەنلىك مەشھۇر

رەسسام، راھىب ۋېي چېيىنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىدا ئىراننىڭ قاپارتما رەسىم سىزىش ئۇسۇلى بارمىش. بۇندىن باشقا، تاڭ دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق رەسسام ۋۇ داۋشۇەننىڭ مەنزىرە رەسىملىرىدىمۇ قاپارتما ئۇسۇلنىڭ تەسىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

رەسىمچىلىك، ھەيكەلتىراشلىق، يىپەك توقۇلما قاتارلىقلاردىكى رەڭلىك نەقىشلەردىمۇ ئىران ئۇسلۇبىدىكى نەقىشچىلىك تەسىرى مەۋجۇت. ئىران ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن گرېك رەسىمچىلىكىنىڭ يېڭى نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىنىپ سىزىلغان نەقىشلەر دۇڭخۇاڭ ۋە يۈنگاڭدىكى ئىبادەتخانىلارنى بېزىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزئارا ئېلىشىشى گەۋدىلىنىدىغان نەقىشلەر ۋە گۈل - گىيا، ئۇچار قۇش نەقىشلىرىمۇ ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە خاس ئىران ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەرگە كىرىدۇ. ئىككى ھايۋاناتنىڭ ئۆزئارا ئېلىشىشى ئاساسىي تېما قىلىنغان نەقىش، قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ «پەسىل ئالمىشىش سىمۋولى» بولسا كېرەك.

بۇ نەقىش نۇسخىلىرى، ھەر خىل قول سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بىرگە دېڭىزدىن ھالقىپ ياپونىيىگە كەلگەن، بۇنى ھازىر، جېڭساڭ ئىبادەتخانىسى ۋە فالۇڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن. مەسىلەن، مەشھۇر دەرەخ تۈۋىدىكى سەتەڭ رەسىمىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە دەرەخ ئاستىدىكى

بىر - بىرىگە ماس كەلگەن ھايۋانات نەقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆپ ئۇچرايدىغان ئىران ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەر.

## 5-8. سىركىچىلىك ۋە توپ ئويناش قەيەردىن كېلىپ چىققان

خەن دەۋرىدىن باشلاپ تارقىلىپ كىرگەن سېھىرگەرلىك، سىركىچىلىك، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ.

چاڭئەن شەھىرىدىكى سىئېنىسى ئىبادەتخانىسى، چىڭلۇڭ ئىبادەتخانىسى، يۇڭشۇ راھىبلار ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئاۋات جايلاردا سەنئەتكارلار پىچاق يۇتۇش، ئوت يۈرگەش، قىلىچ ماھارىتى، قىلىچ ئالماي ئات تۇسۇش، دارۋاز، خادا ئويۇنى، (ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇچىدا سىرك ئويناش) قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ھاسىل قىلاتتى.

بۇنداق سەنئەتكارلار، سېھىرگەرلەر ياكى كۆز بويىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەملەرمۇ غەربىي رايون ئەللىرىنىڭ پادىشاھىغا تۇتۇلغان سوۋغىسى سۈپىتىدە يىپەك يولى ئارقىلىق كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىم ئىمپېرىيىسىدىن كەلگەنلەرمۇ بولسا كېرەك. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كۆز بويىغۇچىلار ھىندى كەندىرىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن سىرك ماھارىتى كۆرسىتەرمىش.

ئۇنىڭدىن باشقا سىركىچىلىك بىلەن ئوخشىمايدىغان

ئويۇنلاردىن توپ تېپىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، كۆچ سىنىشىش ۋە توپ ئويناش قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ مەنبەسى پارس بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرق ۋە غەربكە تارقىلىپ كىرىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىسىلزادىلىرى ۋە ھەربىيلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان. غەرب تەرەپتە ياۋروپاغا تارقىلىپ كىرىدۇ، شەرقىي تۈركىستان، شىزاڭ، ھىندىستان قاتارلىق ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەللەر ئارقىلىق جۇڭگو (تاڭ) غا تارقىلىپ كىرىدۇ. ئاندىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئارقىلىق دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ياپونىيىگە تارقىلىپ كىرىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، توپ ئويناش ئويۇنى پىڭئەن سۇلالىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر شەكىللەندۈرگەن ئوردا مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئويۇن بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن كەڭ كۆلەمدە تارقالغان.

## ٩٥. قەغەز ياساش غەربكە قانداق تارقالغان

خەلقئارالىق مەدەنىيەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە پورەكلەپ ئېچىلدى. كىشىلەر بۇ خىل گۈللىنىش ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇشتى.

ئەمما، دەل مۇشۇ چاغدا، تارىخىي ئۆزگىرىشنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى سوغدىلارغا زەربە بەرمەكتە ئىدى. ئەرەب قوشۇنى غەربتە كۆتۈرۈلگەن ئىسلامىيەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاجاۋۇزچىلىقنى باشلايدۇ. سوغدىلارنىڭ ئاساسىي بازىلىرى بولغان سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلار، ئىسلامنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى قۇتايبانىڭ ھۇجۇمىدىن بۇرۇنلا قولدىن

كېتىدۇ. قۇتايبا ئۆلگەندىن كېيىن، سوغدىلار تۇرۇشلۇق
جايدا تۈركەش قوشۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، تۈركەش قو-
شۇنى ئۇزۇن ئۆتمەي خۇاڭ (黃) فامىلىلىكلەر ۋە خېي (黑)
فامىلىلىكلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ ئۆزئارا سوقۇشىدۇ. بۇ
خىل ئەھۋال ئاستىدا تاڭ سۇلالىسى خېي فامىلىلىكلەرگە
ياردەم بېرىدۇ، شى دۆلىتى (ھازىرقى تاشكەنت) خۇاڭ فا-
مىلىلىكلەرگە ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى
ئەسكەر تارتىپ تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىدۇ.

گاۋگۇلىدا تۇغۇلغان گاۋ شيەنجژ تاڭ سۇلالىسىنىڭ
قوشۇنىنى باشلاپ يۈرۈش قىلىدۇ. مىلادى 750 - يىلى تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنى كۇچارغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تاش-
كەنتكە تەھدىت سالىدۇ ۋە تىنچلىق تۈزۈشكە ماقۇل بولۇش
نىقابى ئاستىدا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختى-
نى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. تاشكەنت ئۇرۇش مەيدانىغا ئاي-
لىنىدۇ ۋە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. پادىشاھ تۇتقۇن
بولۇپ چاڭئەندە كاللىسى ئېلىنىدۇ. مىڭبىر مۇشەققەتتە
قېچىپ قۇتۇلغان شاھزادە سوغدى ئەللىرىگە ئېچىنىشلىق
بۇ ئەھۋاللارنى شىكايەت قىلىدۇ.

گاۋ شيەنجژنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشى سوغدى ئەللىرى-
نىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇلار ئەرز سۇنىدۇ، بۇ ئەرزنى
يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئاباسىلار سۇلالىسىنىڭ مۇرۇ شە-
ھىرىدە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمرانى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شەھەت
باشچىلىقىدىكى قوشۇننى سوغدى ئەللىرىنىڭ قوشۇنلىرى بى-
لەن بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىغمۇ-
تىغ تۇرغان كۇچارغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. يەنە

بىر تەرەپتە، گاۋ شيەنجى بۇ ئاخباراتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مىلادى 751 - يىلى يازدا، تالاس دەرياسى بويىدا ئىككى قوشۇن جەڭ قىلىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى داڭلىق تالاس ئۇرۇشى دېگەن شۇ. ئۇرۇش ئاخىر سالاسۇن قوشۇنىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە تاڭ قوشۇنىدىن 50 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، 20 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ قەيت قىلىشىچە، 30 مىڭ تاڭ قوشۇنىدىن پەقەت 1000 چە ئادەم تىرىك قالغان.

ئەسىرلەر ئىچىدە قەغەز ياساشنى بىلىدىغان ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار تېز ئارىدىلا سەمەرقەنتتە قەغەز ياساش زاۋۇتى قۇرۇپ، قەغەز ئىشلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار كەشىپ قىلغان قەغەز غەربكە تارقاشقا باشلايدۇ. باغدات، دەمەشق ۋە قاھىرە قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن قەغەز زاۋۇتلىرى قۇرۇلىدۇ. مىسىرنىڭ قەدىمدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان سايپىروس (بىر خىل گىيا) قەغەز بىلەن قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قەغەز، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كاساتلىشىپ، جۇڭگولۇقلار كەشىپ قىلغان قەغەز دۇنياۋى قەغەز بولۇپ قالىدۇ.

## 60. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەب نېمە

تالاس ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى زور بىر بۇرۇلۇش. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ئاس-

يا شەرقتىكى جۇڭگو كۈچ دائىرىسىدىن غەربتىكى ئىسلامىيەت كۈچ دائىرىسىگە كۆچىدۇ. جاڭ چيەننىڭ بۈيۈك سەپىرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقنى بىر ئىلگىرىلەش، بىر چېكىنىش دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگو ئەزەلدىن پۈرسەتلەرنى قولدىن بەرمەي ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ بارغان خىلمۇ خىل كېڭەيمىچىلىكى تالاس ئۇرۇشىدا قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ.

مىلادى 755 - يىلىدىكى ئوكلۇك - سۆيگۈن توپىلىڭى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئوكلۇك - سۆيگۈن توپىلىڭىدىكى ئاساسىي شەخس ئەن لۇشەننىڭ ئەجدادى سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان سوغدى، ئۇنىڭ ئاپىسى سوغدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەن» (安) دېگەن فامىلىنى سوغدىيانىنىڭ بۇخارا شەھىرىدە تۇغۇلغان ئادەملەر قوللىنىدىغان فامىلەمىش. «لۇشەن» (祿山) سوغدى تىلىدا پارلاق نۇر دېگەن مەنىنى بېرەرمىش. ئەينى چاغدا، تاڭ سۇلالىسى چېگرا رايوننى قوغداش ئورگانلىرىدا ئون نەپەر پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئەلچى تەسىس قىلغان، پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئەلچىگە نۇرغۇن مەخسۇس لەشكەر سەپلىنىپ، كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلغان. ئەن لۇشەن ئون نەپەر پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇمچە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۈچ دائىرىسىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئىدى.

پادىشاھ شۈەنزۇڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ھازىرچە تىلغا ئالمايلى. ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىم دەۋرى، يەنى تيەنباۋ يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قېرىدىپ بارا - بارا كاردىن چىققانلىقى بىلىنىشكە باشلىدى. بۇ

سەتەڭ خانىشى ياڭ گۈيخېي بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە بې-
رىلىپ كېتىپ خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى بىلەن كارى بولماي-
دۇ. شۇەنزۇڭدىن قالسىلا دۆلەت ھوقۇقىنى تۇتقان بىلىمسىز،
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر شەخسىيەتچى سىياسىيون لى لىنپۇ،
پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن خانىش ياڭ گۈيفېينىڭ بىر نەۋرە
ئاكىسى ياڭ گوجۇڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.
ياڭ گوجۇڭ ئەن لۇشەن كۈچ دائىرىسىنىڭ زورىيىپ كې-
تىشىدىن قورقۇپ، شۇەنزۇڭغا ئەن لۇشەننىڭ ئاسىيلىق قىلىش
نىيىتى بار دەپ چېقىشتۇردۇ. ئەن لۇشەن بۇنىڭدىن خەۋەر
تېپىپ، قاتتىق چۆچۈيدۇ ۋە ئەسكەر باشلاپ ياڭ گوجۇڭنى
باستۇرماقچى بولىدۇ. ئەن لۇشەننىڭ ئەسكىرى 200 مىڭغا
يېتەتتى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە لوياڭنى ئىشغال قىلىۋال-
دۇ. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى گەرچە قايتۇرما زەربە ئۇيۇش-
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆنسېرى ئوسال ھالغا چۈشۈپ
قالىدۇ. ياڭ گوجۇڭ تۇڭگۇەن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئەن لۇشەن قوشۇنى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ
چاڭئەننى ئالىدۇ. شۇەنزۇڭ بۇ خەۋەپ - خەتەر ئىچىدە خانىش
ياڭ گۈيخېينى ئېلىپ چاڭئەندىن قېچىپ كېتىدۇ، سەنشى
ئۆلكىسىنىڭ ماۋېي لەڭگىرىگە يېتىپ كەلگەندە، قوشۇنلىرى
قاتتىق نارازىلىق ئىچىدە ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغايدۇ.
ياڭ گوجۇڭ بىلەن خانىش ياڭ گۈيفېي ئۆلىدۇ. يەنە بىر
تەرەپتە ئەن لۇشەن قوشۇنى ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ،
ئەن لۇشەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەن چىڭشۇ
دەسسەيدۇ، لېكىن ئۇمۇ سەركەردە شى سىمىڭ تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەن لۇشەنگە ئوخشاشلا، شى سىمىڭمۇ يات مىل-

لەتتىن ئىدى، يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىمۇر خانلىقىنى قۇرغان سوغدىياندىكى شەھىرى سابىزلىق ئىدى.

ئىچكى پارچىلىنىشتىن ئىسيانچىلارنىڭ ھالى بارغانسېرى خارابلىشىدۇ. شى سىمىڭمۇ ئوغلى شى چاۋىيى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ياردىمى بىلەن، سەككىز يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى 763 - يىلى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئوڭلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭىدىن زەئىپلەشكەن تاڭ سۇلالىسى چېگرا رايوندىكى يات مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە سىرىق ياغلىقلار توپىلىڭىغا ئۇچراپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يىمىرىلىشكە يۈزلەندى.

مىلادى 845 - يىلى خۇيچاڭ بۇددانى چەكلەش ھەرىكىتى يۈز بېرىپ خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەندە پىشىپ يېتىلگەن بۇددىزم، ئاتەشپەرەس زوروئاستىر قاتارلىق دىنلارنى باستۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئىرانچە گۈللىنىشكە خاتىمە بېرىلىدۇ.

## 61. ياپونىيىگىچە سوزۇلغان «يىپەك يولى» ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئەينى يىللاردا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر دەپ تونۇلغان خەلقئارالىق شەھەر چاڭئەننىڭ كوچىلىرىدا كۆك كۆز خۇلار، ھىندىلار ۋە ئۇيغۇرلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيىدىن ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەلچىلەرمۇ بار.

رىمدىن ئۇدۇل شەرقتىكى چاڭئەنگە تۇتىشىدىغان بۇ ئۇزۇن قاتناش لىنىيىسى دېڭىز ئارقىلىق ياپونىيىگە ئۇلىنىدۇ. جېڭساڭ ئىبادەتخانىسى يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى دەپ قارىلىدۇ. بۇ يول ئارقىلىق مۇقەررەر ھالدا چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرى، بىلىملىرى ۋە ئىدىيىسى قاتارلىقلار ياپونىيىگە كىرىدۇ.

ئەمدى بىز جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئەھۋالىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەيلى.

ئەڭ قەدىمىي يازما خاتىرىلەردە ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى قەيت قىلىنغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەڭ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان. مىلادى 589 - يىلى، سۈي سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا ياپونىيە سۈي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. 1 - قېتىملىقى مىلادى 600 - يىلى، 2 - قېتىملىقى 607 - يىلى، 3 - قېتىملىقى 608 - يىلى، 4 - قېتىملىقى 614 - يىلى بولۇپ، جەمئىي تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ھەر قېتىمقىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق:

كېمە ئەترىتى نەنبو① دىن يولغا چىقىپ، سىبتو ئىچكى دېڭىزى ئارقىلىق جۇزىغا بارىدۇ. بۇ يەردىن يىچىدۇي ئارىلى بىلەن شۇەنخەي دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتۈپ چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ماڭىدۇ. بوخەي قولتۇقىدىن ئۆتۈپ سەندۇڭ يېرىم ئارىلىغا بارىدۇ.

① ئوساكانىڭ قەدىمىي ئىسمى — ت.

ئاندىن قۇرۇقلۇق يول بىلەن لوياڭغا بارىدۇ.

شياۋېي مىيزى 2 - قېتىم سۈي سۇلالىسگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىدۇ. تەرجىمان ئەنزو فۇلى بىرگە بارىدۇ. ئەينى چاغدا، سۈي سۇلالىسى ئىككىنچى ئەۋلاد پادىشاھ ياڭدىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قۇدرەت تاپىدۇ. مۇنداق بىر رىۋايەت بولغان: ئەينى ۋاقىتتا، ياپونىيىنىڭ تەخت ۋارىسى شىڭدى دۆلەت مەكتۇپىدا: «كۈنچىقار تەرەپنىڭ تەڭرىسىدىن كۈنپاتار تەرەپنىڭ تەڭرىسىگە مەكتۇپ. ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپ يازىدۇ. بۇ سۈي پادىشاھى ياڭدىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ: «بەدۆلەرنىڭ مەكتۇپ يېزىشى نەقەدەر بىھۆرمەتلىك بۇ» دەيدۇ. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قامۇس دەپ ئېيتىشقا بولىدىغان «دىۋان مۇئەسسەسىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈكلىرى» دىمۇ ياپونىيىنىڭ بۇ خىل تەكەببۇرلۇقى ئەيىبلەنگەن.

بۇ خىل ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشتىكى بىر مەقسەت جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە سۈي سۇلالىسگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئارىسىدا تالىپلارمۇ بار.

سۈي سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ سۇلالىسى دەسسەيدۇ. يېپەك يولىدا غەربىي رايون ئادەملىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. چاڭئەننى مەركەز قىلغان تاڭ مەدەنىيىتى مىسلىسىز ھالدا خەلقئارالىق تۈسنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ داخې سۇلالىسى مىلادى 630 - يىلى چۈەنشاڭ يۈتيەنچيۇ ۋە دورىگەر خۇيرىمېن قاتارلىقلارنى 1 - تۈركۈم ئەلچى قىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە

ئەۋەتىدۇ. بۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى. شۇندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلىدۇ.

بۇ مەزگىل دەل ياپونىيىنىڭ فېينياۋ، نەيلىياڭ ۋە پىڭئەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ ھەم چوڭ قۇرۇقلۇق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇ خىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىغۇچىلار ئەلۋەتتە تاڭ سۇلالىسىدا ئوقۇپ قايتقان شۆنفاڭ، زۇيچېڭ، كۇڭخەي، شەنشاڭ يىلياڭ، جىبېي جېنبېي قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇلار ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چاۋشيەنلىك بار. ئۇلار ياپونلارغا سىڭىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ياپونىيىگە بېرىش نىيىتىدىن يانماي ئاخىرى مەقسىتىگە يەتكەن مۆتىۋەر راھىب جيەنجېننىڭ ئىش ئىزلىرى ئادەمنى ئەبەدىي تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا خەتتاتلىق، ئويمىچىلىق، تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ، دېڭىز ئاتلاپ كەلگەن بۇ ئادەملەر مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى يارىتىدۇ.

## 62. ئەيلىياڭ چوڭ بۇتى بىلەن جىڭساڭ ئىبادەتخانىنىڭ يىپەك يولى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار

خەلقئارالىق تۈسكە ئىگە فېينياۋ، نەيلىياڭ دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چەتتە تۇرۇپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ۋە راھىبلارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئەلۋەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. چەت ئەلدىن ياپونىيىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغانلارنىڭمۇ زور تۆھپىسى بار ئەلۋەتتە.

ياپونىيىگە كەلگەن راھىبلار ئىچىدە، جيەن جېننىڭ ساداقەتلىكى ھازىرغىچە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇن ئىسىملارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ھىندى براھمان راھىبى بۇدمىشىيەننا، تاڭ راھىبى داۋشۇەن، لىنيى راھىبى فوجې قاتارلىقلار. بۇدمىشىيەننا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تيەنپىڭ 8 - يىلى (مىلادى 736 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە بارغان نائىب ئەلچى جۇڭچېڭ مىڭدەي ياپونىيىگە قايتقاندا ياپونىيىگە بىللە كەلگەن. قەيت قىلىنىشىچە ئەينى چاغدا شۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن لى مىيى ئىسىملىك بىر پارسمۇ بارمىش. گەرچە ئۇنىڭ ياپونىيىگە كېلىشتىكى مەقسىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى بىزگە نامەلۇم بولسىمۇ، بىراق بىرمىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى كۆك كۆز غەربىي رايون ئادەملىرىنىڭ ياپونىيىنىڭ كوچىلىرىدا يۈرگەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، دۇڭخۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىكى لوسانا بۇت ۋە جىڭساڭ ئىبادەتخانىسىدىكى پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئىشلىتىدىغان بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېەن-پىڭ، نەيلىياڭ دەۋرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى. ئەگەر يىپەك يولى بولمىغان بولسا بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق دېيىش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

لوسانا بۇتى جەزمەن گرېك مەدەنىيىتى، ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى پارس مەدەنىيىتى، بامىئان قاتار-لىق ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭ بۇتلار، دۇڭ-خۇاڭ مىڭ ئۆيى، شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى يۈنگاڭ ۋە لۇڭمېن چوڭ بۇتى، شىنلوچېڭچۇەن تاش غارىدىكى تاش بۇت قاتارلىق بۇددىزمنىڭ ھەر خىل شەجەرەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىشچە، چوڭ بۇت ئۇر چاچقان كۈنى (تېەنپىڭنىڭ شېڭباۋ 4 - يىلى، مىلادى 752 - يىلى) ھەربىي ئەمەلدار، مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە راھىبلاردىن بولۇپ جەمئىي 20 مىڭ ئادەم قاتناشقانمىش، «ئاتمىشەيلەن دۇمباق چېلىپ» مەيدانغا چىققانمىش، تەنتەنىلىكى مىسلىسىز بول-غانمىش، بۇ مۇراسىمغا قاتناشقانلار ئۆزلىرىنى جەننەتتە كۆرگەندەك ھېس قىلىپتۇمىش.

تېەنپىڭنىڭ شېڭباۋ 8 - يىلى (مىلادى 756 - يىلى) خان ئانا گۇاڭمىڭ پادىشاھ شېڭۋۇنىڭ خۇسۇسىي بۇيۇملى-رىنى دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىغا ھەدىيە قىلىدۇ. بۇ نەرسى-لەر دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىدىكى بۇت ئورىدىسىنىڭ ئارقا

دەرۋازىسىدىكى ئامبارغا قويۇلىدۇ. بۇ ئامبار جىڭساك ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان. «جىڭساك» ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي بىر سۆز ئىدى. باج پۇلى ساقلىنىدىغان ئامبارلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئاتىلىدۇ. بىراق، ئۇزۇن تارىخىي دەۋر جەريانىدا، جايلاردىكى «جىڭساك» لار بىر - بىرلەپ يوقىلىشقا باشلايدۇ. پەقەت دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىدىكى «جىڭساك» لا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر «جىڭساك» ئىبادەتخانىسى تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇنىڭ دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىدىكى پادىشاھ شېڭۋۇنىڭ خۇسۇسىي بۇيۇملىرى قويۇلغان جاي ئىكەنلىكى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ.

كېيىن پېڭئەن دەۋرگە كەلگەندە، دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىنىڭ لوسوخانىسىدىكى بۇددا رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ۋە باشقا بۇيۇملار جىڭساك ئىبادەتخانىسىغا يۆتكىلىپ، جىڭساك ئىبادەتخانىسىدىكى بىباھا بۇيۇملارنى تېخىمۇ موللاشتۇرىدۇ.

جىڭساك ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان بىباھا بۇيۇملاردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى غەربىي رايون، بولۇپمۇ پارس سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىڭساك ئىبادەتخانىسى يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى لەڭگىرى دېگەن سۆز كېلىپ چىققان. مېنىڭچە بۇ پىكىرنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدە قوللىنىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. شۇڭلاشقا يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى نەيلياڭ شەھىرى دېيىش مۇمكىن.

## 6. يايلاق، بوستانلىق ۋە مۇنبەت دالىلاردىكى بەزمە — ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى ئىمپېرىيىلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى ھەققىدە ئىزدىنىش

### 63. ئارىيانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى ئىمپېرىيەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى

ئارىيانىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى «ئېسىلزادە»، ئىران تىلىدىمۇ شۇنداق. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە: ئارىيانلار ئەسلى بالقان يېرىم ئارىلىدىن جەنۇبىي روسىيە ئەتراپىغىچە بولغان يەرلەردە ماكانلاشقان. نەچچە قېتىم جەنۇبقا كۆچۈپ، ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ، ئىرانلىقلارنىڭ ۋە ئارىيان مىللىتىگە تەۋە ھىندىلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولۇپ قالغان.

ئارىيانلار، مىلادىدىن بۇرۇن 2000 - يىلىنىڭ دەس-

لىپىدىلا جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلاپ، ئىران ئېگىزلىكىگە كېلىدۇ. يەنى مىلادىدىن بۇرۇن 1500 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 3000 - يىلىدىن باشلاپلا مىس قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ھىندى دەريا ۋادىسىدا گۈللەنگەن. كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە ھىندى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى تېز يوقالغان، لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. يەنە بەزىلەر بۇنى ئارىيانلارنىڭ تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئارىيانلار بۇرۇنقى دراۋىدا قاتارلىق ئاھالىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، شىمالىي ھىندىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئارىيانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشى مىلادىدىن بۇرۇن 1000 - يىلى باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بالقان يېرىم ئارىلىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كىلىت مەدەنىيىتىنى يوقىتىدۇ، مانا بۇلار قەدىمىي گرېكلارنىڭ ئەجدادلىرى. ئۇلاردىن باشقا يەنە خىتتىلار كىچىك ئاسىيادىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئۇلار شۇ جايدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئارىيانلار بولىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇن 2000 - يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئارىيانلار ئىران ئېگىزلىكىگە كىرىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مېدىئالار مىلادىدىن بۇرۇن VIII ئەسىردە ھەممىدىن بۇرۇن بۇ جايدا پادىشاھلىق دۆلەت قۇرىدۇ. مېدىئالار مىسوپوتامىيىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تېزدىن قۇدرەت تاپىدۇ. شۇ چاغدا، شاملار قۇرغان ئاسسىرىيا، مىسوپوتامىيىدە ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئاس-

سىرىيا بىلەن مىدىيا ئوتتۇرىسىدا دائىم توقۇنۇش بولۇپ تۇرىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 1000 - يىل ئالدى - كەينىدىن باشلاپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 600 - يىل ئالدى - كەينىگىچە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئۈزۈلمەيدۇ. ئاخىر مىلادىدىن بۇرۇن 612 - يىلى، مىدىيا بىلەن يېڭى بابىل ئىتتىپاقلىشىپ، ئاسسىرىيانىڭ پايتەختى نىنۋىرنى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئاسسىرىيا شۇنىڭدىن كېيىن يىمىرىلىدۇ.

مىسوپوتامىيىدە قەدىمدىن نۇرغۇن دۆلەت قۇرۇلغان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە شام تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئاسسىرىيانىڭ مەغلۇپ بولۇشى، شام مىللىتى ئىچىدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئارىيانلارنىڭ مىسوپوتامىيىدە قىلغان غەلىبىسىنى نامايان قىلىدۇ.

## 64. ئاتلىق مىللەت سىكسايلار كىملەر

سىكسايلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن، تارىختا ئاتلىق كۆچمەنچىلەر بىلەن دېھقانچىلىق مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق ۋە كۈرەش قايتا - قايتا يۈز بېرىدۇ. سىكسايلار قەدىمىي دېھقانچىلىق مەدەنىيەت جەمئىيىتىگە ئېغىر تەھدىت سالىدۇ. ئۇلار تارىختا ئەڭ دەسلەپكى قۇدرەتلىك ئاتلىق مىللەت دۆلىتىنى قۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلغان دەۋرى ۋە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

سىكسايلار قارا دېڭىز ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان لىممېرىيانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، كاۋكاز ئارقىلىق ئىران تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىدۇ. قەدىمىي زاماندا، ئىران مىدىيا پادىشاھ-

لىقى ۋە مىسوپوتامىيىدىكى ئاسسىرىيا پادىشاھلىقى شۇ جايغا
ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ھېرودوت مۇنداق دېگەن: سىكسايلار
ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى مىدى-
ئالارنى 28 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت سورىغان، بىراق رەھىم-
سىزلىكى ۋە دېھقانچىلىقتا سەل قارىغانلىقىدىن، تېرىلغۇ
يەرلەر چۆل - جەزىرىگە ئايلانغان.
شۇنىڭ بىلەن سىكسايلار جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا
قايتىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆچ دائىرىسى غەربتە ھازىرقى
شەرقىي گېرمانىيە ئەتراپىغىچە، شەرقتە كوبان دەريا ۋادى-
سىغىچە بولغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايلىرى دون دەر-
ياسى بىلەن دىنېپىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايدا بولۇپ،
ئۇلار شۇ جايدا دۆلەت قۇرغان ھەمدە غەربىي ئاسىيادىكى
بوستانلىق شەھەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنغان.
ھەتتا مىدىئا پادىشاھلىقى ئاسسىرىيا پادىشاھلىقىنى يو-
قىتىدۇ. ئاخمىنىد سۇلالىسى پۈتۈن غەربىي ئاسىيادا قۇدرەت-
لىك دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنمۇ، سىكسايلارنىڭ پائالىيىتىدە
يەنىلا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى كونترول قىلىپ
تۇرغان شەرقىي ياۋروپادىن جەنۇبىي روسىيىگىچە بولغان جاي-
لاردا، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرگە قايتا -
قايتا تاجاۋۇز قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخمىنىد سۇلالىسىنىڭ
پادىشاھى دارىئوس سىكسايلارنى باستۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ.
مىلادىيىدىن بۇرۇن 512 - يىلى ئۇ شۇ مەقسەتتە بۈيۈك يۈرۈش
ئېلىپ بارىدۇ. دارىئوس ئالدى بىلەن ئىراننىڭ شەرقىي شى-
مال قىسمىدىكى كۆچمەنچىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئى-
راندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن قوشۇننى شەرقىي ياۋرو-

پاغا يۆتكەپ، دىنېپىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ۋولگا دەريا ۋادى-
سىغا باردى. گەرچە دارىئۇس يۆتكۈل سىكسايلار تۇرۇشلۇق
جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، پىيادە ئەس-
كەرلەرنى ئاساسىي كۈچ قىلغان پارس قوشۇنى سىكسايلارنىڭ
ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان كىچىك قوشۇن-
لىرىنى يوقىتىشقا ئامالسىز قالدى. سىكسايلار پارسلارنىڭ
چوڭ قوشۇنى بىلەن تۇتىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ پارس
قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىپ، ئۇلارنى هالسىزلان-
دۇردى. دارىئۇس هەل قىلغۇچ غەلىبە قىلالماي، ئىككى ئاي-
سىق ئىستىلادىن كېيىن مەملىكىتىگە قايتتى.

بىراق، دارىئۇسنىڭ ئىستىلاسى گەرچە سىكسايلارنى يو-
قىتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىكسايلارنىڭ سىرتتا تاجاۋۇز
قىلىشىغا كونترول قىلىش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭدىن كې-
يىن، سىكسايلار پارس ئاخمېنىد سۇلالىسىگە، مىدىيە پادىشاهلى-
قىغا تاجاۋۇز قىلغاندەك كەڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلمايدۇ.
كېيىنچە پارس ئاخمېنىد سۇلالىسى بىلەن زومىگەرلىك تالى-
شىپ غالىب كەلگەن ماكېدونىيە سىكسايلار بىلەن ئۇرۇش قى-
لىدۇ. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ دادىسى، ماكېدونىيە پادى-
شاهى فىلىپ دەسلەپتىلا سىكسايلار بىلەن بىر مەيدان
جەڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى، ئىمپېراتور ئالېكساندىر پارسقا
يۈرۈش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىكسايلارغا هۇجۇم قى-
لىشنى پىلانلايدۇ. بىراق هۇجۇم ئۇتۇقلۇق بولمىغان. ئەك-
سىچە سىكسايلار تەرىپىدىن ۋەيران بولۇپ، مەغلۇپ بولىدۇ.

ئاخىرى، سىكسايلار يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سارما-
تىئانلار تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ.

## 65. ئاتلىق كۆچمەنچىلەر بىلەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار قانداق باشلانغان

مەلۇم كۆز قاراشتىن ئالغاندا، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ
ۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىنى تۈگىمەس ئۇرۇش تارىخى دەپ
ېيتىشقا بولىدۇ.

ئاخمېنىد سۇلالىسى دەۋرىدىكى پارس ئىمپېرىيىسى
ارىيانلار ئەڭ دەسلەپ قۇرغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت.
ۇنىڭ هەربىي قوشۇنى پىيادىلەر بىلەن ئاتلىقلاردىن تەر-
ىب تاپقان. بۇ ئارىلاشما قوشۇن ئاخمېنىد سۇلالىسىنى
ۇزۇنغىچە چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قالدى. بىراق تەڭ-
ىشى يوق ئاخمېنىد قوشۇنىنىڭ باستۇرۇلماي كەلگەن ئىككى
ۇشمىنى بار ئىدى. بىرى، شىمالىي ئاتلىق مىللەت سىكساي-
ر. يەنە بىرى، ئېگېي دېڭىزىدا زومىگەرلىك قىلىدىغان
رېكلار ئىدى.

سىكسايلار بىلەن گرېكلار ئىسلاھ قىلىنغان هەربىي
ۇشۇن ۋە ئۇرۇش تېخنىكىسى بىلەن پارسلارغا زىتلىشىپ
ېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىكسايلار دېھقانچىلىقنى ئاساس
ىلغان مەدەنىيىتى جەمئىيەتكە تەهدىت سېلىپ تۇرغان،
ۇنيا تارىخىدا ئەڭ بالدۇرقى كۆچمەنچىلەر ئىمپېرىيىسى.
كسايلار ئاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قوراللىرى يەڭگىل،
رۇشقا ماھىر بولۇپ، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، دۈشمەنگە

يامغۇردەك ئوقيا ياغدۇرالايدۇ. كىچىك - كىچىك سەپ
بولۇپ، پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بارالايدۇ. ئۇلار دۈشمەن-
نىڭ زور قوشۇنىغا ئۇچراپ قالسا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش
ئېلىپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت زەربە
بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننى ئامالسىز قالدۇ-
رىدۇ. ئۇلار بەزىدە زور قوشۇن تەشكىللەپ، دۈشمەنگە
شىددەت بىلەن زەربە بېرىپ، شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىرى-
دۇ ۋە شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىدۇ. سىكسايلارنىڭ بۇ خىل
ئۇرۇش تاكتىكىسى كېيىنچە ئاتلىق كۆچمەنلەرنىڭ 2000 يىل
داۋام قىلغان ئۇرۇش ئەندىزىسى بولۇپ قالدۇ. ھونلار،
تۈركلەر ۋە چىڭگىزخان دەۋرىدىكى موڭغۇللارمۇ مۇشۇ تاك-
تىكىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىسىنى
قۇرغان.

قەدىمكى زاماندا، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى جەمئىيىتى-
دە ناھايىتى بالدۇرلا سىنىپ بۆلۈنۈپ چىقتى. ھەربىي
قوشۇنلارمۇ مەخسۇس كەسپىي گۇرۇھلارغا ئايلىنىدۇ. لېكىن
كۆچمەنلەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار گەرچە دۆلەت قۇرۇش
باسقۇچىغا كەلگەندىمۇ يەنىلا قەبىلە جەمئىيىتىنىڭ قويۇق
ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلاردا ھەربىي قوشۇن
ئەركىن قەبىلە خەلقلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ياشقا تولغان
ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسكەر ھېسابلى-
نىدۇ. بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەن زامانلا سەپكە ئاتلىنىدۇ.
چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارغا
تاپشۇرۇلىدۇ، دېگەن تۈزۈم بار. شۇڭلاشقا، ئاخمېنىدلار
بىلەن سىكسايلار ئوتتۇرىسىدا ھەربىي قوشۇننىڭ تەشكىللى-

نىش ۋە تاكتىكا جەھەتتە، بۇ خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما پەرقى مەۋجۇت.

گرېكلار بىلەن سىكسايلار ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ئەمما گرېكنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن ئاسىيادىكى مۇتلەق دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار. گرېكلار ئېغىر جابدۇلغان پىيادە ئەسكەرلەرنى زىچ تۆت چاسا سەپكە تىزىش تاكتىكىسىغا ماھىر. بۇنداق قالقاننى ئالدىغا تۇتۇپ، تۆت چاسا سەپ ياسىغاندا يىراقتىكى دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ قانچە شىددەتلىك بولۇشىغا قارىماي دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن يېقىندىن تۇتۇشقىلى بولىدۇ. بۇ خىل يېقىندىن ئېلىشىش جېڭىدە چەۋەندازلارنىڭ ئاجىزلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. زىچ تۆت چاسا سەپ بولۇش تاكتىكىسى تايپەنىڭ كەشىپ قىلغان يانتۇ شەكىللىك سەپ بولۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. ئالېكساندىر بۇ خىل تاكتىكىنى قوللىنىپ، دالىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا پارس قوشۇنىنى يەڭگەن. رىممۇ بۇ تاكتىكىنى جانلىق ئىشلىتىپ بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىيادە ئەسكەرلەر دۆلەتنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان ئەركىن دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان. سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ بۇ ئاساسى تەدرىجىي يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭدىشى يوق رىم قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى كەسپىي خاراكتېرلىك ياللانما ئەسكەرلەر گورۇھىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. رىم بىلەن پاتىئالار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا پا-

تىئالارنىڭ يېنىك چەۋەندازلىرى بولغاچقا، رىم قوشۇنلىرى
قايتا ـ قايتا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئاتلىق كۆچمەنلەرنىڭ
قوشۇنلىرى ھەققىدە، ھۇنلار ياكى موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى-
نىڭ ئەمەلىيىتىنى تەكشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
ئىشقىلىپ ئۇلار ئۇزاق بىر مەزگىل دۇنيادا ئەڭ قۇدرەت-
لىك قوشۇن بولۇپ كەلگەن.

## 66. تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر ئاسىنا قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى تۈركلەر قانداق مىللەت

غەربتىكى ساسانىلار سۇلالىسى پاتىئانلارنى ئۆرۈۋەت-
كەن ۋاقىت (مىلادى 226 ـ يىلى) دەل جۇڭگونىڭ كېيىن-
كى خەن سۇلالىسى زەئىپلىشىپ، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبا-
رەت ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىگە كىرگەن ۋاقتى ئىدى. شۇندىن
تارتىپ تا سۈي سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتنى قايتا بىرلىككە
كەلتۈرگۈچى بولغان داۋالغۇلۇق دەۋردە ھەر خىل كۆچمەن-
لەر شىمالىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ، تەرەپ ـ
تەرەپتە دۆلەت قۇرۇلىدۇ. ۋېي پادىشاھلىقىدىن كېيىن،
شىمالىي جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جىن سۇلالىسى
ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىغا چېكىنىپ كېتىدۇ.
شىمالىي جۇڭگو پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆچمەنلەرنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىدا قالىدۇ. مانا بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى بەش خۇ،
16 پادىشاھلىق دەۋرى بولىدۇ.
مىلادى 589 ـ يىلى سۈي سۇلالىسى ئۈچ يېرىم
ئەسىر داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىپ، جۇڭ-

گونى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن، موڭغۇلىيەدىن ئۆتتۈرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا هوندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان قۇدرەتلىك بىر كۆچمەنلەر ئىمپېرىيىسى بار ئىدى.

مانا بۇ تۈركلەر بولىدۇ.

تۈركلەر تېلېنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. ئۇلار ئالتاي سىستېمىسىدىكى تۈركىي مىللەتلەرگە مەنسۇپ. ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرەتتى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاسىنا قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇدرەت تاپىدۇ.

ئاسىنا قەبىلىسى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بىلەن مەشهۇر.

تۈركلەر سۇي سۇلالىسى بىلەن تىركىشىدۇ. كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشىدۇ. ئەھۋال هونلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن تىركىشكەن ئەھۋالغا ئوخشاش، سەددىچىن سېپىلىنى ئوتتۇرىلىق قىلغان تىركىشىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى خەن سۇلالىسىگە نىسبەتەن قۇدرەتلىك بولسا كېرەك. لېكىن تۈركلەرمۇ هونلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىدى. تۈركلەرنىڭ كۈچ دائىرىسى مانجۇرىيەدىن ئارال دېڭىزىغىچە باراتتى. تاڭ سۇلالىسىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى كۈچ دائىرىسىگە ۋە شەرقىي تۈركىستانغىچە ھەمدە پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز كۈچىنى غەربىي تۈركىستانغىچە يەتكۈزىدۇ. تاڭ سۇلا-

لىپى كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈن كىچىك ئاسىيانى ئىستىلا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرققە سىلجىپ كىرگەن ئىسلامىيەت كۈچلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا شەرقىي ئاسىيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ھەربىي تىركىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ.

تۈركلەرنىڭ سۇي تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشىش مىلادى 582 - يىلى تۈركلەرنىڭ سابىرى خاقان قوماندانلىقىدىكى 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سۇي سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كەسكىنلىشىشكە باشلايدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ گاۋزۇڭمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئەۋلادتىن كېيىن ئاندىن ئۇنى يوقىتىدۇ. بۇ غەلىبىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوننى غەم - غۇسسىسىز باشقۇرىدۇ. مىلادى 907 - يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى بەربات بولىدۇ. جۇڭگو قايتىدىن V دەۋر ۋە ئون پادىشاھلىقتىن ئىبارەت سىياسىي بۆلۈنۈش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرۈشىدىكى مەقسىتى ھونلارنى بېسىپ تۇرۇش ئىدى. سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇشىدىكى مەقسىتىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇش سىياسىتىدىن ھاسىل بولغان بۇ خىل مەقسەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە

ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاما ئۈچىنچى قۇدرەتلىك كۈچ تۇبۇق ئارقىدىنلا جەنۇب تەرەپتىن يىپەك يولىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ خىل كۈچ ئۆزئارا ئېلىشىدىغان دەۋر خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ.

## 67. گرېكلەشكەن مەدەنىيەت مەركىزى — ئالېكساندىرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

گرېتسىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تا ھىندىنىڭ غەربىي قىسمىغىچە بولغان ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنىڭ كەڭ تېررىتورىيىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىستىبلاچى ئىمپېراتورنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان شەھەرلەر بولۇپ، جەمئىي 70 ئەتراپىغا بارىدۇ. بۇ شەھەرلەر ئىچىدە كېيىنكى تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغىنى — مىسىرنىڭ نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ غەربىي گىرداۋىغا جايلاشقان. ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئىسكەندىرىيىدۇر.

ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ئىمپېراتور ئالېكساندىر قازا بولغاندىن كېيىنكى «ۋارىسلىق ئۇرۇشى» دا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىر ماكېدونىيە ۋە گرېكلارنىڭ ئانتىگو سۇلالىسى، مېسوپوتامىيە، ئىران ۋە كىچىك ئاسىيادىكى سېلېۋكى سۇلالىسى ۋە مىسىردىكى تولېمى سۇلالىسى قاتارلىق كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق

قىلغان تولىمى I سۇتېر نېرو دەرياسى ئېغىزىدىكى
ئىسكەندىرىيىنى پايتەخت قىلىدۇ. تا مىلادىدىن بۇرۇن
304 - يىلىغىچە بۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا،
بۇ شەھەر 13 ئەۋلاد پادىشاھنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىنى
بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن ئورتاق گۈللىنىدۇ
ۋە زەئىپلىشىدۇ. قىسقىسى ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا
دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ سودا پورتلۇقى
ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ جايدا سودا قىلىنىدىغان
ئاساسىي تاۋارلار ياغاچ ماتېرىياللىرى، مېتال، ئۈزۈم ھارىقى،
زەيتۇن يېغى، تۇزلۇق بېلىق، مېۋە، ئات، قۇل، ياقۇت، پىل
چىشى، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، يىپەك رەختى قاتارلىقلار
بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن تاۋارلار ھىندى ۋە
ئەرەب دېڭىزىدىن سېتىۋېلىنغان. بەزى نۇرغۇن تاۋارلار
ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىرىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سودا
ئالماشتۇرۇشتا چەتكە چىقىرىلغان ماللار ئومۇمىي قىممىتى
دائىم چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ماللار ئومۇمىي قىممىتىدىن
ئېشىپ كەتكەن، بۇ شەھەر شەرق - غەرب سودىسىدىكى
سودا پورتى بولۇپلا قالماي ئۆزىنىڭ سانائىتىمۇ ناھايىتى
تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئەينەك
مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ قەدىمىي مىسىردىن تارالغان ئەنئەنىۋى
سانائەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن قالسا ساپال
قاچا، مېتالدىن ئويۇپ ئىشلەنگەن قول سانائەت بۇيۇملىرى،
توقۇلما بۇيۇملار (كەندىر ۋە قوي يۇڭى قاتارلىقلار)،
مۇسىيك① ئەتىر - ئاق گەجدىن ياسالغان سەنئەت

① مۇسىيك — بىر خىل ئويما قول سەنئەت بۇيۇمى.

بۇيۇملىرى قاتارلىقلارمۇ زور مىقداردا چەت ئەلگە ئىمپورت قىلىنغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك مىسىر تولىمى سۇلالىسىنىڭ پايتەختى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ سودا پورتى ئىسكەندىرىيە مانا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ، 500 مىڭ ئاھالىسى بار، ئەينى زاماندا دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خەلقئارالىق شەھەر بولۇپ قالغان. گرېكچە شەھەرلەردىكى شاھمات تاختىسىنىڭ كاتەكچىسىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە كوچىلاردا سىبنات، ئاۋام ئۇيۇشمىسى، ئىبادەتخانىلار، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار رېتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا پورت ئېغىزىدىكى باروس ئارىلىدا 100 مېتر ئېگىزلىكتە چوڭ بىر ماياك قوپۇرۇلغان. بۇ شەھەر شۇ چاغدىكى سەنئەتلەرنىڭ جەۋھىرىنى توپلىۋالغان.

بۇ شەھەر سىياسىي ۋە سودا - سانائەتنىڭ ئەڭ زور مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گرېكلەشكەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پەن - تېخنىكا مەركىزى ئىدى. ئۇردا كۇتۇپخانىسىدا 500 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان، پادىشاھ جەمەتى تەسىس قىلغان تەتقىقات ئورنىدا شەرق ۋە غەربتىن تەكلىپ قىلىنغان ئاتاقلىق ئالىملار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، مېدىتسىنا قاتارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتتا گرېكلەشكەن دۇنيانىڭ

ڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتكەن. لېكىن، كلوپاترا Ⅶ ① نىڭ
خىرقى يىللىرىدا بۇ جايىنى رىم بېسىۋالدۇ. پورت شەھ
نىڭ تەقدىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدۇ. تارىخشۇناس
ستوسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «تاشلىۋېتىلدى».
رىختا ئۆتكەن رىم پادىشاھلىرى ئىسكەندىرىيە بىلەن باشقا
يونانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەن، شۇنداقلا ئىس
ندىرىيە بىلەن پۈتۈن مىسىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەن.
ۇنقەرز بولغان مىسىر خەلقى پەقەت رىملىقلار ئۈچۈن
ر تېرىيدىغان بىچارە دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى.

## 68. يىپەك يولىنى توسۇپ ياتقان غەربىي
## شىيا دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تەخ
ىنەن 60 يىل قالايمىقانچىلىق دەۋرى يەنى بەش دەۋر
ە ئون پادىشاھلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي سۇڭ سۇلالىسى ھەرقايسى ئەللەرنى
رلىككە كەلتۈردۇ. جۇڭگو كەيفېڭنى پايتەخت قىلغان
ۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەم قويىدۇ. سۇڭ سۇلالى
ىنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەھۋالى
ېلى بەك ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ سىرتقا تۇتقان سىياسىتى
اسىپ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىمالدا لياۋلار
كىدان) دولەت چېگرىسىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ.

① كلوپاترا Ⅶ (مىلادىدىن بۇرۇن 69 — 30) مىسىرنىڭ ئايال پادى
شاھسى، گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر.

غەربتە ئوردۇسلار، گەنسۇ تەرەپتە تىبەتلەردىن بولغان تاڭغۇتلار تەسىس قىلغان غەربىي شىيا باش كۆتۈرۈپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىسىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپلا تۇردى.

مىلادى 1115 - يىلى جۇرجىتلار مانجۇرىيىدە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار لياۋنى يوقىتىپ، جىن سۇلالىسىنى قۇردى. لياۋدىكى يېلۇداشى بىر قەبىلىنى باشلاپ، غەربكە قېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي لياۋنى (قارا كىدان) قۇردى. جۇرجىتلار داۋاملىق جۇڭگو زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ مىلادى 1127 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنى ئىشغال قىلدى. سۇڭ پادىشاھى گاۋزۇڭ چياڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كېتىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن لىنئەن (خاڭجۇ) نى ۋاقىتلىق پايتەخت قىلدى. قايتىدىن قۇرۇلغان سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبىي سۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدىدىكىسى شىمالىي سۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

غەربىي شىيانى قۇرغان تاڭغۇتلار ئىچىدىكى تۇبۇ قەبىلىسى ئەسلى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياكانلاشقان، تاڭ دەۋرىدە ئوردوسقا كۆچۈپ بېرىپ كۆچمە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن قەبىلە ئىدى.

شىياجۇدىكى تاڭغۇتلار ئەڭ بالدۇر تاڭ سۇلالىسىگە قارايدۇ. كېيىن سۇڭ سۇلالىسىگە قارايدۇ. بىراق كېيىنچە ئەدرىجىي مۇستەقىل بولىدۇ. قەبىلە باشلىقى لى جىچيەن ئاقتىغا كەلگەندە، ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، شىياجۇ ۋە لىڭجۇ قاتارلىق جايلارنى بېسىۋا-

لىدۇ ۋە يەنە ئەسكەر چىقىرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى بېسىۋالدۇ، بىراق لى جىچيەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى لى دېمىڭ دەسسەيدۇ (مىلادى 1004 - يىلى). لى دېمىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەپلىشىپ قېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسايىش پەيدا بولىدۇ.

لى دېمىڭ (تەيزۇڭ) غا ئۇنىڭ ئوغلى لى يۈەنخاۋ (جىڭزۇڭ، مىلادى 1038 — 1048 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇر- غان) ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ مەمۇرىيلىقتىمۇ، ھەربىيلىكتىمۇ يېتىشكەن ئادەم ئىدى، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن دادى- سىدىن بۇيان مەركىزى مەھكىمە قىلىپ كەلگەن شىڭجۇ (نىڭشىيا) نى شىڭچىڭ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، دۆلەت پايتەختى بىلەن تەگداش شەھەر قىلىپ قۇرىدۇ. كېيىنچە بۇ يەردىن ئۆتكەن ماركوپولو بۇ جاينى ئېگرىنغايە ۋە قالاچان دەپ ئاتىغان. ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددىست- لار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەنە نۇرغۇن ئىسلام مۇرتلىرىمۇ بارمىش. نېستورى مەزھىپىدىكى چىرايلىق خرىستىئان ئىبا- دەتخانىلىرىدىن ئۈچى بارمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ جاي دۇنيا بويىچە تۆگە يۇڭى توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورنى ئىكەنمىش ھەمدە بۇ جايدىن يەنە ئالىي سۈپەتلىك قوي تىۋىتى توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلارمۇ چىقىدىكەن. لى يۈەنخاۋ جۇڭگودىن ئۆگىنىپ، مەدەنىي يادىكارلىق تۈزۈمىنى رەتكە سالغان، 1038 - يىلى پادىشاھ نامىنى قوللانغان. دۆلەت نامىنى غەربىي شىيا دەپ

ئاتىغان. غەربىي شىيا دېگەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ دۆ-
لەتنى ئاتىشى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېگىخەيىنىڭ شەرقىي
قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىپ، تىبەتلەر بىلەن سوقۇشىدۇ.
شەرققە يۈرۈش قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم
قىلىدۇ. غەربىي شىيا 1044 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن
تەسلىكتە ئىناقلىشىپ، مۇنداق بىتىم تۈزدى، غەربىي شىيا
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىگە باج تۆلمەيدۇ.
ھەر يىلى سۇڭ سۇلالىسىدىن 153 مىڭ توپ شايى - ئەتلەس
ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈمۈش ۋە چاي ۋەھاكازالارمۇ
بار. شۇندىن باشلاپ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى
خېشى كارىدورى تاڭغۇت غەربىي شىيا دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىغا قارايدۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن
خىلمۇ خىل ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار، پەقەت يىپەك
يولىنى كونترول قىلىشنىڭ ئۆزىدىلا يۇقىرقىدەك پەرقلەر
بار، كېيىن چىڭگىزخان كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، غەربىي
شىيانى يوقاتماقچى بولىدۇ. 1227 - يىلى چىڭگىزخان
ئۆلۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ،
شەرق - غەرب قاتناش لىنىيىسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن
بۇ دۆلەتنىڭ ئۇ يەردە توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرۇشىغا بول-
مايتتى ئەلۋەتتە.

مەشھۇر دۇڭخۇاڭ، 1035 - يىلى غەربىي شىيا كونت-
روللۇقىدىكى شاجۇ چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان. دۇڭخۇاڭ
تاش غارىدىن تېپىلغان نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەر مۇشۇ
ئەسىردە ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ زور ھەۋىسىنى قوزغىدى.
دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرىدە، V ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە

بولغان بۇددا نوملىرى، ئاتەش دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ تە-رىقەتلىرى ۋە باشقا قەدىمىي ھۆججەتلەر بار. نىمە ئۈچۈن XI ئەسىردە بۇنداق زور مىقداردىكى ھۆججەتلەر تاش غار ئىچىگە پېچەتلىنىپ تاشلانغان؟ خۇددى جىڭشاڭ جى-شىنىڭ رومانى «دۇگخۇاڭ» دا تەسۋىرلەنگىنىدەك، غەربىي شىيا قوشۇنلىرى شىياجۇغا ھۇجۇم قىلغانلىق تۈپەيلىدىن مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈ-چۈن بۇ خىل قاتتىق پېچەتلەش تەدبىرى قوللانغان. بۇ خىل كۆز قاراش مۇۋاپىق. بىراق يەنە مۇجمەل جايلىرى-مۇ بار.

غەربىي شىيا ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ يېزىقىنى تەسىس قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ كىتابلىرىنى تەر-جىمە قىلدى. بولۇپمۇ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تارقىتىش ئەۋج ئالدى. ياپونىيىدىمۇ دوكتور شىتىيەن تۈگ-شىيۇگغا ئوخشاش غەربىي شىيا تىل - يېزىقىنى تەتقىق قى-لىدىغان مەشھۇر ئالىملار بارلىققا كەلدى.

# 7. ئەرەبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى

## 69. ئىسلام دۆلىتىنى باشقۇرۇپ تۇرغان خەلىپە تۈزۈمى قانداق تۈزۈم

مىلادى 632-يىلى، مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن قىسمەن رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ.

مۇھەممەد پەيغەمبەر تەسىس قىلغان تۈزۈم ئاجايىپ بولۇپ، ئۇ بىر ياقتىن، بىردىنبىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىي ئورتاق گەۋدە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەم سىياسىي دۆلەت ئىدى. ئىسلام دىنىدا ئادەمدىن باشلاپ، نۇھ، مۇسا، ئەيسا قاتارلىق بىر يۈرۈش پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئورۇن باسقۇچى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد مەشھۇر سىياسىي داھىي بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئورۇن باسقۇچىنىڭ يوقلۇقىنى ئالغاندا ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئەمدىلا گۈللىنى-

ۋاتقان ئىسلام گۇرۇھى ئۈچۈن دەسلەپكى بۆھران بولدى.
بۇ خىل بۆھراندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەلىپە تۈزۈمى بارلىق-
قا كەلدى. خەلىپە دېگەن سۆز «ئاللا ئەلچىسىنىڭ ۋارىسى»
دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن سىياسىي - دىنىي ھوقۇقنىڭ رەھبىرى
خەلىپە دېيىلگەن. ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئادىتى
بويىچە خەلىپە دىنىي ئۇيۇشمىلاردىكى ئاقساقاللار ئىچىدىن
سايلىنىپ چىقىدۇ. دىنىي ئۇيۇشمىلار سايلاپ چىقىرىلغان
راشىدۇ خەلىپە بارلىققا كېلىدۇ. بۇرۇن پەقەت تۆت ئەۋلاد
ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ. لېكىن كېيىن
ئۇمەۋى سۇلالىسى، ئابباس سۇلالىسى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيە-
سىگە كەلگەندە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇش شەكلىنى
قوللىنىدۇ. نەتىجىدە XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە داۋام
قىلىدۇ.

ئىسلام گۇرۇھى خەلىپە تۈزۈمىنى بېكىتىش ئارقىلىق
بۆھراننى ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن راشىدۇ خەلىپە دەۋ-
رىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن باشقا رايونلارغا زور
ئىستىلا باشلىنىدۇ. خەلىپە يېتەكچىلىكىدىكى ئەرەب قوشۇن-
لىرى ئالدى بىلەن، ئىراق ۋە سۈرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەر-
قىي رىم ئىشغالىيىتىدىكى پەلەستىن، سۈرىيە ۋە مىسىرنى
تارتىۋالىدۇ. ساسانىلار سۇلالىلىقى دەۋرىدىكى پېرسىيە ئىمپېرى-
يىسىنى تارمار قىلىدۇ. ئىراق ۋە ئىراننى ئۆزىگە قارىتى-
ۋالىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ.

ئۇلار ئىستىلا قىلغان شەھەرلەردە بىرمۇنچە ھەربىي
شەھەرلەرنى قۇرىدۇ. ئاز دېگەندە نەچچە يۈزمىڭ ئەرەب-

لەر ئىستىلا قىلىنغان جايلارغا كۆچۈپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىـ
لەن ئولتۇراقلاشقان خەلق بىلەن كۆچمەن چارۋىچى
خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق بۇ زور ئىستىلا ئاخىر
ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سۇرىيە
ھاكىمى مەۋىيە خەلىپە بولۇپ، دەمەشقنى پايتەخت قىـ
لىدۇ. ئۇ خەلىپىلىكنى مىراس تۈزۈمگە ئۆزگەرتىپ ئۇمەۋى
سۇلالىسى دەۋرىنى باشلايدۇ. ئۇمەۋى سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇ-
شى بىلەن ئىچكى ماجىرا تۇغۇلۇپ، نەتىجىدە شىئە مەزھە-
پى بارلىققا كېلىدۇ. شىئەلەر پەقەت مۇھەممەدنىڭ كۈيئوغ-
لى، 4 - ئەۋلاد خەلىپە ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىس-
لامنىڭ ھەقىقىي ئىمامى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شىئەلەر را-
شىدۇلار تەرىپىدىن بىد ئەتلەر دەپ قارىلىپ، ئۇلار ئوتتۇ-
رىسىدا دائىم توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇلار
ئىران، ھىندى، ئىراق ۋە يەمەن قاتارلىق جايلاردا مۇرتلار-
غا ئېرىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئىستىلا ئۇرۇشى داۋاملىشىۋېرى-
دۇ. شەرقتە، ئەرەبلەر سوغدىيانىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن
تۇتۇشىدۇ؛ غەربتە شىمالىي ئافرىقىدىن ئىبېرىيە يېرىم ئارى-
لىغىچە ۋە فرانسىيىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
جايلارغىچە ئىستىلا دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا
بۈيۈك ئىسلام ئىمپېرىيىسى بىلەن شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسى
ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت دەپ ماختىناتتى.
ئەمما، تاڭ سۇلالىسى زەئىپلىشىش جەريانىدىلا بۆلۈنۈشكە
باشلايدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇ-

لالىسى بىلەن ھەرقايسى خەلىپىلەر ئوتتۇرىسىدا يىپەك يولى
ئارقىلىق بېرىش - كېلىش بولۇپ تۇرغان.

## 70. پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن قانداق يوقىتىلغان

مۇسۇلمان ئەرەبلەر (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرەب مىللەتلىرى) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئىراق، سۇرىيە ۋە مىسىرنى ئىشغال قىلدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادى 632 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مىسىر بولسا 642 - يىلى ئىشغال قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئېفرات دەرياسى ۋە دەجلە دەريا ۋادىسىدىن سۇرىيىگىچە ۋە نىل ۋادىسىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىن دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ ماكانى ئون يىل ئىچىدىلا ئىستېلا قىلىندى.

ئىراق شىمالىي ئافرىقىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن 70 يىل سەرپ قىلىندى. ئىراننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن 637 — 651 يىللىرىچە تەخمىنەن 15 يىل سەرپ قىلىندى. ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىسى يېزداگىرد ئىراقنىڭ ستېسىفون شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئىران ئېگىزلىكىدە تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ، ئەسكەر توپلاپ، ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ ياردەم سوراش ئۈچۈن يىپەك يولى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتتى.

«تاڭنامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى» نىڭ پىرسىيە دۆلىتى دېگەن بابىدا مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ: «يېزداگىرد تەختكە ئولتۇرىدۇ (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېڭگۇەن 12 - يىلى) (مىلادى 368 - يىل) ئەلچى پويىباننى پادىشاھغا سوغا تۇتقىلى ئەۋەتىدۇ ۋە پادىشاھغا تىرىك ياتاق يىلىنى تەقدىم قىلىدۇ.» باشقا ماتېرىياللاردا، جېڭگوەن 12 - يىلى خاتا، 13 - يىلى بولۇش كېرەك دەپ قەيت قىلىنىدۇ. مەيلى قايسى يىلى بولسۇن سېتىشغىن شەھىرىنىڭ قولدىن كېتىشى مىلادى 637 - يىلى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەلچى ياردەم سورىغىلى كەلگەن ئەلچى بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، تاڭ تەيزۇڭ ئەسقاتمىغان. جاۋاب مەكتۇپ بەلكىم «ياردەم قوشۇن ئەۋەتەلمەيمىز. ھەزرەتلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەرەبلەر بىلەن تىنىچلىق توختىمى تۈزۈشتىن باشقا ئامال يوق» دەپ يېزىلغان بولسا كېرەك.

شۇنداق بولسىمۇ، يېزداگىرد مىلادى 641 - يىلى چوڭ قوشۇن باشلاپ ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ھەمەدانگە يېقىن ئىچكى دېڭىز ۋاندىيەدە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئەرەبلەر بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، ئىراننىڭ شەرقىدىكى خوراسانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادى 651 - يىلى، ئۇ مېرۋى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ تۈگمىنى ئىچىدە يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە بۇ يىلى ساسانلار سۇلالىسىنىڭ بەربات بولغان يىلى دېيىلىدۇ.

لېكىن يېزداگىردنىڭ ئوغلى پىروزنى ساسانلار سۇلالىسى

سىنىڭ ساقىندى ۋەزىرلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ، چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئىراننىڭ شەرقىي چېگرىسىدا ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن ئەرەب قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. تاڭ گاۋزۇڭ شاڭيۈەننىڭ 1 - يىلى يىل ئاخىرىدا (مىلادى 675 - يىلى 1 - ئايدا) چاڭئەنگە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ. ئىستېلاغا قارىغاندا تاڭ سۇلالىسى مەرھۇم ئىسلزادىگە ئوڭ قول سەنگۇنلۇكىنى بەرگەن.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن پارسلار چاڭئەن ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار يېزداگىرد III تەختكە ئولتۇرغان يىلنى خېلى ۋاقىتلارغىچە يىلنامە قىلىپ قوللىنىپ كەلگەن. شىئەننىڭ شەھەر ئەتراپىدا قېزىۋېلىنغان ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پەھلىۋى يېزىقى، يەنى ئوتتۇرا ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان مەلۇم بىرسىنىڭ قەبرە ئابىدىسى تېخى يېقىنقى ئىش. ئەينى ۋاقىتتا جىڭدۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يىتېڭ يىجياۋ جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ قەبرە ئابىدىسىنى شەرھىيلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. نەتىجىدە، بۇ قەبرە ئابىدىسىنىڭ ئىگىسى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاز ساندىكى ھەشەمەتلىك جەمەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

### 17. سوغدىيانە مەدەنىيىتى بىلەن توخارىستان مەدەنىيىتىنىڭ قانداق پەرقى بار

ئىران ئېگىزلىكىدىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغىلى ئاتلانغان ئەرەبلەر، يول بويى قاتـ

تىبىق قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئەتراپىدا ئۆز كۈچلىرىنى ئورناتقىچە، تەخمىنەن بىرەر ئەسىر ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەرەب چەۋەندازلىرى دەسلەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يەتكەن ۋاقىت ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 2 - ئەۋلاد خەلىپە ئۆمەر تەختتە ئولتۇرغان (مىلادى 644 — 643 - يىلى) ۋاقىتمىش.

ئەرەبلەر نىھاۋەندە پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەشكىللىك قايتۇرما زەربىسىنى تارمار قىلغان ۋاقىت مىلادى 641 - يىلى. شۇندىن كېيىن تا ئۆمەر سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئەرەب قوشۇنى ئىران ئېگىزلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەرەبلەر بۇ جاينى تۇخارا (Tukhara) دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سۇلالىسىدىكى يازما ماتېرىياللاردا توخولو (吐火罗) دەپ يېزىلغان.

سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىي غەربىدە تەخمىنەن 65 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قەشقەر جايلاشقان. بۇ يەردە جەنۇبقا مېڭىپ، ئامۇ دەرياسىغا تەخمىنەن 70 كىلومېتىر قالغاندا، تۆمۈر قوۋۇق دەيدىغان بىر جىلغا بار. VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ جايدىن ئۆتكەن شۈەنجاڭ: «ئەتراپى تاغلىق، تاغلىرى ئېگىز، گەرچە تار جىلغا يوللىرى بولسىمۇ ناھايىتى خەتەرلىك، ئىككى ياقىسى داۋان كەلگەن، رەڭگى تۆمۈرگە ئوخشايدۇ» قەدىمدىن مانا بۇ جىلغىدا قارىمۇ قارشى ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان، يەنە شۈەنجاڭنىڭ دېيىشىچە، تۆمۈر قوۋۇق چېگرا ئامىرلىمىسى بولۇپ، بۇ جاي-

نىڭ شىمالىدا سوغدىيانە، جەنۇبىدا توخارىيە بارئىكەن.
شۈەنجۇاڭ مۇنداق دەيدۇ: «سوغدىيانا بىلەن توخارىيەنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ پەرقى بار. مەسىلەن، توخار ھەرىپى 25 بولۇپ، سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. سوغدى يېزىقى بولسا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدۇ. توخار ھۆججەتلىرى سوغدى ھۆججەتلىرىدىن كۆپ، تارقىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، توخارىيىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى سوغدىيانىدىن خېلى يۇقىرى تۇرىدۇ.
يەنە شۈەنجۇاڭنىڭ ئېيتىشىچە، سوغدىيانىدە بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. بىراق توخار دۆلەتلىرىدە (27 دۆلەت بار دېگەن رىۋايەت بار) بۇددا دىنى يەنىلا گۈللىنىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۈۋەنىنىڭ پايتەختى — كىشلەر كىچىك خان ئوردىسى دەپ ئاتايدىغان شەھەردە ئىبادەتخانىدىن 100 نەچچىسى بارمىش. راھىبى ئەينى ۋاقىتتا 3000 گە يەتكەنمىش. بۇنىڭ ئەكسىچە سوغدىيانادا ئاتەش دىنى قاتتىق ئەۋج ئالغانمىش.
ئەرەبلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادى 654 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوغدىياناغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىن نەچچە كىلومېتر كېلىدىغان مايمارغىچە بارغانمىش. ئەمما، ئەينى چاغدا سوغدى ئەللىرى ۋە توخار ئەللىرى ئەرەبلەرگە قاتتىق ئۆچمەنلىكتە بولغان. جۇڭگولۇقلارغا بىر خېل ئەنئەنىۋى يېقىنچىلىق ۋە ھۆرمەت پوزىتسىيىسىدە بولغان.

ميلادى 751 - يىلى تالاس ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسى ئەرەبلەرگە يېڭىلدى. شۇندىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ غەربىي يېرىمى ئىسلام مۇرتلىرى ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. بۇددىزم تېخىمۇ شەرققە چېكىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسىيادىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى بارا - بارا يەر ئاستىغا غەرق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتتى.

## 72. قىسقا ئۆمۈرلۈك شەھەر — ئاۋۇشىدىنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى، ئۇلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ غەربىي يېرىمىنى كونترول قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئىشلىرى ئۈچۈن ئەرەبتىن نۇرغۇن ئىختىساسلىق ئادەملەرنى بۇياققا ئەۋەتتى. بۇ ئىختىساسلىق ئادەملەر ئىچىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە نەتىجە قازانغىنى ئەمىر قۇتايبا.

قۇتايبا ئەسلى ئەرەب ئوتتۇرا ئېگىزلىكىدىكى خېشىلا قەبىلىسىدىن بولۇپ، ميلادى 670 - يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. ئۇمەۋى سۇلالىسىنىڭ دانا ھۆكۈمرانى ئابدۇلمالىك تەرىپىدىن شەرق ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ھاججاج ئىبنى يۈسۈفنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، خۇراسان ھاكىملىقىغا كۆتۈرۈلدى.

**هاججاج ئەرەبستاننىڭ تائىف دېگەن يېرىدە تۇغۇل-**
غان. دەسلەپتە مەدرىستىدە ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، نام-
رات تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىن ھەربىيگە قاتناشقان. ئۇرۇش
مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانداق پايدا
كۆرمىگەن. كېيىن ئەرەب غەربىي دېڭىز قىرغىقىدا يەرلىك
ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ھاۋا كىلىماتى
ناھايىتى ئىسسىق بولغانلىقتىن ۋە خىزمىتىگە ئىشتىياقى
بولمىغانلىقتىن ئىشنى تاشلاپلا كەتكەنمىش. لېكىن ئۇ سۇ-
رىيىگە بېرىپ، ئومەۋى سۇلالىسى خەلىپىسىگە بىۋاستە قاراش-
لىق نازارەتچىلەر قوشۇنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى
كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ تېزدىن ئۆرلەپ
كوخاغا ۋالىي بولغان. بۇ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپە ئىدى.
ھاججاج كاج ھەم زالىم ئادەم بولغاچقا دۈشمىنى ناھايىتى
كۆپ ئىدي. ھەتتا «مىڭ بىر كېچە» دىمۇ ئۇ ۋەھشىي ئەمەل-
دارنىڭ تىپىكى سۈپىتىدە نەچچە يەردە چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە
ئۇ ئىقتىدارلىق ئۇلۇغ سىياسىيون ئىدى. ئۇنىڭ قوتايىبانى
شەرققە ئەۋەتىشى تەخمىنەن مىلادى 704 - يىلىنىڭ ئاخى-
رىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەججاج دەجلە دەريا
ۋادىسىدا، يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان باغدات شەھىرى
بىلەن بەسرە پورتى ئارىلىقىدا ئارۋېيشىد (مەنىسى، ئوتتۇ-
رىلىقتىكى شەھەر) شەھىرىنى سالدۇرۇۋاتاتتى. كېيىن ئۇۋالىي
مەھكىمىسىنى شۇ جايغا يۆتكەيدۇ ۋە كۈچلۈك قوشۇن تۇر-
غۇزىدۇ. بۇ جاي ئىراقنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ قالىدۇ.
مىلادى 762 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ شىمالىي تەرى-
پىدە باغدات شەھىرى قۇرۇلۇپ ئارۋېيشىدنىڭ ئاۋاتلىقىنى

ئېگىلەپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ شەھەر يەنىلا بۇ رايوندا 2-مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئۇ زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ. دەجلە دەرياسىنىڭ يۆتكىلىشىدىن بۇ شەھەر ئاستا-ئاستا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئورنىمۇ ئۆچۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە ئارخېئولوگلار بۇ ئورۇننى ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللىرى روشەنلەشىدۇ. قىسقىسى، بۇ شەھەر يىپەك يولىدا بىر مەھەل كۆزگە كۆرۈنگەن قىسقا ئۆمۈرلۈك چوڭ شەھەردۇر.

قۇتايبانىڭ خۇراسان ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىشتە بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورگانى مورغاپ دەرياسى ۋادىسىدىكى مەرۋى شەھىرىدە، باشقۇرۇش تەۋەسى خۇراساننىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بەلگىلىمە بويىچە، پەقەت شەرق ۋالىيسى ھاججاجنىڭ نازارىتىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. قۇتايبا بۇ ۋەزىپىدە تا 715-يىلىغىچە، جەمئىي ئون يىل تۇرىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋادىسىدىكى غەربىي تۈركىستان ئەرەب كۈچلىرىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

## 7.3. يىپەك شەھىرى پاگاندانىڭ خارابىلىققا ئايلىنىشى

قۇتايبا مەرۋى شەھىرىدە تەختكە چىققاندىن كېيىن دەرھال قوشۇن تەشكىللەپ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئىشىغا جىددىي كىرىشىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچى مۇگاتلا دەپ ئاتالغان ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن كەل-

گەن پىداكارلار ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىيگە قاتناشقان ئىران يەرلىك خەلقلىرىدىن تەشكىللەنگەن. مۇگاتىلار قۇتايبانىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئىپتىشلارچە تەخمىنەن 47 مىڭ ئادەم ئەتراپىدا بار ئىكەنمىش. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى ۋاقتىدىن كۆپەيگەن، ئىران يەرلىك خەلقلىرىدىن بولغان سەنگۇنلەر ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك زومگەرلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ھەممەپەس سۇپىتىدە بىر يەرگە جەم بولۇشىدۇ.

ئۇرۇش ھەر يىلى دېگۈدەك ئەتىيازدىن كۈزگىچە ئېلىپ بېرىلىپ قىش كۈنى ئادەتتە ئارامدا بولىدۇ. ھاجىجاج بىر ياقتىن قۇتايبانى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىشقا يۈيرۈپ، يەنە بىر ياقتىن ئۆزى بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنۇر قاسىمنى ھىندىغا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ سەنگۇنلۇكىگە تەيىنلەيدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ ۋەزىپىسى مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىش ئىدى. مۇنداق بىر قىزىق ۋەقە يۈز بەرگەن: ئىپتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئىككىيلەن كىم ئالدى بىلەن جۇڭگوغا كىرسە شۇ ئاشۇ جاينىڭ ۋالىيسى بولىدۇ دەپ توختام تۈزۈشكەنمىش. گەرچە بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق جاسارەتنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

قۇتايبانىڭ بىرىنچى قەدىمى، ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئالدى بىلەن توخارستاننى تىزگىنلەش، ئاندىن كېيىن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىگە (بۇ رايون ئەرەبچىدە مۇۋەرەئۇننەھر ناھار دەپ ئاتىلىدۇ) يۈرۈش قىلىشقا تەرەددۇت قىلىش ئىكەن.

مۇۋەھرىم ناجار رايونىدىكى بىرىنچى نىشان بۇخا-

رانى مەركەز قىلغان. بوستانلىق ۋادىلار، مىلادى 706 - يىلى، بۇ 54 مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر باشلاپ، ئامۇر شەھىرى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شەرققە سىلجىيدۇ. بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى پاگاندا شەھىرىنى قورشايدۇ. بۇ شەھەرنى جۇڭگولۇقلار بۇرۇن بى دۆلىتى (毕国) دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرى كارۋان تەشكىللەپ يىپەك يولى بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدا قاتنىغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن باي شەھەر دەپ نامى بار.

قۇتايبا بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىشتىن ئاۋۋال بۇ جايدىكى شەھەر خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگوغا سودا قىلغىلى كەتكەچكە شەھەر بىكار قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار نۇرغۇن مال - دۇنيا ئەكەلگەن ۋە ئەرەبلەر تۇتۇپ كەتكەن شەھەر خەلقىنى تېگىشىۋالغان. كۆچمىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شەھەر قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. قۇتايبانىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئېلىپ بارغان ئىستىلاسى پاگاندا شەھىرىنى ئىشغال قىلىشتىن باشلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەردە مەسچىت قۇرۇلىدۇ. نۇرغۇن شەھەر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئىتائەت قىلىدۇ. بىراق، قايسى ۋاقىتتىندۇر بۇ شەھەر خارابىلىشىشقا باشلايدۇ. شەھەر خەلقى بۇ جايدىن كۆچۈپ كېتىدۇ. شەھەر جىن - ئالۋاستىلار ماكانىدەك خارابىلىققا ئايلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادى 1832 - يىلى، ھايات - ماماتىغا قارىماي ئەرەبىستانغا كەلگەن ۋە ئامۇ دەرياسى تەرەپكە ساياھەت قىلغان ئەنگلىيە ئوفىتسېرى ئالېكساندىر بانىس (بۇخارا بانىس دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر)

بۇخارا شەھىرىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە تەخمىنەن 23 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ ئىنس - جىن يوق چۆللۈكتە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن پاكاندا شەھىرىنىڭ ئىزىنى تاپىدۇ. كېيىن مىلادى 1913 — 1914 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى ل. ئا. كىشىن؛ مىلادى 1939 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئا. ياكوۋسكى ئىككىيلەن پاكاندا شەھىرى ئىزىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

## 74. قىزىل قۇملۇق ۋە ئەرەب قوشۇنى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ — بۇخارا شەھىرى (1)

سەنگۇن قۇتايبا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو بىلەن سودا، بېرىش - كېلىش ئارقىلىق گۈللەنگەن پاكاندا شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئاندىن بۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ، بۇخارا شەھىرىنى مەركەز قىلغان بۇخارا بوستانلىق ۋادىلىرىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئۈچ يىل سەرپ قىلىپ، مىلادى 709 - يىلىغا كەلگەندە بۇ رايونغا ئېلىپ بارغان ئېستېلاسىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ.

ئەينى چاغدا، بۇخارا خۇدات سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. بۇ سۇلالىنىڭ خەلقى قانداشلىق جەھەتتىن جۇڭگولۇقلار دېگەندەك خۇ ئادەملىرىگە كىرەتتى. ئۇلار كۆك كۆز، ئاق تەنلىك، قاڭشالىق ۋە بوز چاچلىق ئاق تەنلىكلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ھازىرقى تاجىكلار.

بۇخارا، ئۇنىڭ ئاددىيغىنا مەنىسى مۇنداق ئىككى خىل:

بىرى، پۈتۈن بۇخارا رايونىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى بولۇپ تۇرغان بۇخارا شەھىرى؛ يەنە بىرى، بۇخارانى چۆرىدىگەن بۇخارا بوستانلىق ۋادىلىرى. كېيىنكى دائىرىدە نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلار بار. بۇ شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلار ئىچىدە، ئۆز ئالدىغا بەگ بولۇۋالغان نۇرغۇن خانلار بار. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق شەھەر قەلئەلىرى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك دۆلەت بولۇۋالغان.

بىراق، قۇتايبا بۇ رايونغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە بۇخارا بوستانلىق ۋادىسىدىكى كىچىك دۆلەتلەر بۇخارا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. بۇخارا خۇدات سۇلالىسىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار بىرلىككە كېلىپ، بىر خىل ئىتتىپاقداش تەشكىلاتقا ئوخشاش دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

بۇخارا بوستانلىق ۋادىسى شىمال ـ غەرب ۋە جەنۇب ئۈچ تەرەپتىن قىزىل قۇملۇق بىلەن ئورالغاچقا، كىشىلەر قۇملۇق بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سې-پىل سېلىۋالغان. ئەڭ قەدىمىي ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ جايدا ئىنسانلار بىلەن قۇم ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ كەلگەن.

VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدا بۇخارا خۇدات جەمەتىگە بىر ئايال پادىشاھ ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئەسلى سابىق پادىشاھنىڭ خانىشى بولۇپ، سابىق پادىشاھ قازا بولغاندىن كېيىن كىچىك شاھزادىنى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ قويۇپ، ھاكىمىيەتنى ئۆزى تۇتقان، 30 يىلغا قەدەر دانا سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. قۇتايبا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە كىچىك شاھزادە قۇرامىغا يېتىپ قالىدۇ. ماناب بۇ پادىشاھ دوسا-بوت شۇ، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا (مەسىلەن: «دىۋان

مۇئەسسەسىنىڭ ئەمەلىي پۇتۇكلىرى» 999 - جىلد) ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەنجۇاڭ پادىشاھقا جىددىي ياردەم سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ مەكتۇپ قۇتايبا ئۆلگەندىن كېيىن دوسابوت ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا قاتتىق ئۇرۇنۇۋاتقان چاغدا يېزىلغان. ۋاقتى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى (مىلادى 719 - يىلى) غا توغرا كېلىدۇ.

قەيت قىلىنىشچە، قۇتايبا بۇخارا خان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. ئۇ چاغدا قۇتايبا بىلەن قاتتىق ئېلىشقان پادىشاھ دوسابوت بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋاردان خۇدات بولۇپ، ئۇ، بۇخارا بوستانلىقىنىڭ شىمالىي گىرداۋىدىكى ۋاردان شەھىرىنىڭ خوجىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قەيت قىلىنىشچە، سوغدىيانە ۋە فەرغانە قاتارلىق جايلاردىنمۇ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىلگەنىمىش.

ئۇندىن باشقا ئەرەب تارىخشۇناسى تابارىنىڭ قەيت قىلىنىشچە، جۇڭگو پادىشاھىنىڭ جىيەنى تۈرك قۇربۇگانىڭ 200 مىڭ ئەسكەر باشلاپ، قۇتايبانىڭ قوشۇنىنى بىردىنلا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا سۈر توقاي قىلىۋېتىدۇ. قۇربۇگانۇڭ زادى قانچە ئەسكەر باشلاپ بارغان، بۇ توغرۇلۇق ئالىملار ئىچىدە ئىختىلاپ بار. ئەمەلىي ئەھۋال ئېنىق ئەمەس.

بۇمۇ يىپەك يولى تارىخىدا تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغان مەسىلە.

ئەڭ ئاخىرى قۇتايبانىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بۇخارا شەھىرى ھازىرغىچە مەۋجۇت. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. تارىختا بىر مەھەل زىلزىلە كەلتۈرگەن ھەرقانداق شەھەرنىڭ گۈللەنگەن مەركىزىدە يۆتكىلىش بولماي قالمايدۇ. مەسىلەن، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. باغداتنى مىسالغا ئالايلى. ئابباس سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىن ھازىرغىچە بۇ شەھەر مەركىزىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ. ئۇ دەجلە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن شەرقىي قىرغىقىغا يۆتكەلگەن، شەرقىي قىرغاقتا يەنە داۋاملىق شىمالدىن جەنۇبقا يۆتكەلمەكتە. بىراق بۇخارا شەھىرىنىڭ كونا كوچىلىرىدا قۇتايبا دەۋرىدىن ھازىرغىچە دېگۈدەك ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. مەسىلەن، شەھەر ئىچىدىكى خان شەھىرى قاتارلىقلار يەنىلا ئەينى يىللاردىكى ئورنىدا. ئەلۋەتتە، شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر بۇرۇنقىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ئىش. ئالدى بىلەن ئاھالىنىڭ زىچلىقى ۋە تورسىمان قاناللار سوزۇلغان مۇنبەت يەرلەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بۈگۈنكى كۈندىكى قىزىل قۇم ئىچىگە مەركەزلەشكەن. مىلادى 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگى B. A شىشكىن ھازىرقى بۇخارا شەھىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ 30 كىلومېتر مېڭىپ قىزىل قۇم-

لۇقتا كىرگەن. كەڭ دالىدا قەدىمىي ئىزلارنىڭ تارقىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ خەۋىرى ئىلىم - پەن ساھەسىنى قاتتىق جەلپ قىلغان. تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەھۋال ئاي- دىڭلاشتۇرۇلغان. بۇخارانىڭ ئەتراپىدىكى 200 كۋادرات ئىنگلىز لىسى (51.800 گېكتار) كېلىدىغان دائىرىدە قەدىمىي زاماندا ئوردا - سارايلار ۋە راۋاقلار قاتار - قاتار چېتى- شۇرۇلگەن. نۇرغۇن ئاھالىلەر بىر جايغا جەملىشىپ ئۆز مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ خۇرافشاھ خارابىسى كىشى- نى جەلپ قىلىدۇ. ئۇ جايدىكى تەخمىنەن 90 گېكتار كې- لىدىغان يەردە ئاۋات كوچىلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن.

## 76. خۇرافشاھ ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىرى

بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل قۇملۇقتا نۇر- غۇن دۆڭلۈك (تۆپىلىك ئىزلىرى) تارقالغان بىر جاي بار. بۇ تۆپىلىكلەرنىڭ ئاستىدا شەھەر، يېزا - قىشلاق، شەھەر سېپىللىرى، ئوردا - ساراي قاتارلىقلار كۆمۈلگەن. ئەگرى - بۈگ- رى تارالغان قەدىمىي قاناللارنىڭ ئىزىنىمۇ ئاندا - ساندا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

ئەرەبلەر ئىستېلاسى دەۋرىدىكى بۇخارا چوقۇم ھازىرقى- دىن تېخىمۇ چوڭ، ئاھالىسى كۆپ بولسا كېرەك.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ خۇرافشاھ رايونى شۇنداق:

ئۇ جايدا ئەرەب ئىستىلاسى دەۋرىدە بۇخارا ھۆكۈمرانى
بۇخار خۇداتنىڭ كۆركەم ئوردا سارايلىرى بار. بۇ كونا
ئىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى قېزىپ چىقارغان. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن، قىزىل زال، شەرقىي زال، غەربىي زال دەپ
ئاتالغان ئۈچ زالدىن كىشىلەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆرپ- ئا-
دەتلەرنى نامايان قىلىدىغان تام رەسىملىرى تېپىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ئې-
لىپ بېرىلغان قېزىش ئىشى خېلى بۇرۇنلا-ئېلىپ بېرىلغان.
چار روسىيە دەۋرىدە، روسىيە سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىشتىن
(مىلادى 1866 - يىل) بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سىر دەر-
ياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى چىمكەنتكە تەكشۈرۈش ئۆمى-
كى ئەۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ تۇنجى قېتىمى
ئىكەن. مىلادى 1875 - يىلى كونا سەمەرقەنت ئىزىدا،
ھازىرقى ئافراشىيابتا قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل قېزىش
ئىشى 100 يىل داۋام قىلىدۇ. ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ. تېخى
يېقىندا بۇ جايدىكى ئوردا ئىزىدىن تام رەسىملىرى تېپىل-
غان. بۇنىڭ ئىچىدە خۇرافشاھ تام رەسىملىرى، سوغدىيانا-
دىكى ھەر خىل تام رەسىملىرى ئىچىدىن ئالدى بىلەن قۇم-
لۇقتا تېپىلغىنى بۇخار خودات سۇلالىسىنىڭ ئوردىسى، ئې-
گىز مۇنار ۋە مۇستەھكەم قەلئە ئىچىگە قۇرۇلغان نۇرغۇن
خانىلەرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە مىلادى III ئەسىر ئەتراپىدا
سىزىلىنغان بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار بار. يەنە مىلادى VI ئە-
سىردىن كېيىن سىزىلىنغان يېڭى قىسىمى دەپ قارالغانلىرىمۇ
بار. ئۇنىڭدىكى تام رەسىملىرى ۋە لاي ھەيكەل بىزەكلەر
قاتارلىقلار ئېيتىشلارغا قارىغاندا VII ئەسىر ئەتراپىدىكى

نەرسىلەرمىش. بىراق كىشىلەرنىڭ بۇ جايدىكى تام رەسىملىرى قۇتايىبا ئىستېلاسىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى دېگەن قارىشىمۇ خېلى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇلارنىڭ IV—VI ئەسىر ئارىلىقىدىكى نەرسىلەر بولۇش ئېھتىمالى زور.

ئوردىنىڭ ھەرقايسى زالىنىڭ تورۇسى تۈپتۈز ئورنىتىلغان. يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر قاتار تىزىلغان. ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەركىزىي چوڭ زال چۈشكەن ۋە تۆت ئەتراپىغا بېكىتىۋېتىلگەن ئۇزۇن ئورۇندۇقلار ئورنىتىلغان ئۆيلەر سېلىنغان. قىزىل ساراي دېگەن ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر زال. ئۇنىڭدىكى تام رەسىملىرى ئەتراپىغا تىزىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن سەل يۇقىرىراقتىن باشلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسلى تورۇسقىچە سىزىلغانىكەنمىش. ھازىرقى قالدۇق تام رەسىملىرى ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە يېتىدۇ. بۇ تام رەسىملىرى يۇقىرى ۋە تۆۋەن بولۇپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. تۆۋەنكى قىسمى پىلغا مىنىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدا ھەربىر پىلنىڭ ئۈستىگە ئىككىدىن ئادەم مىنگەشكەن يولۋاس ياكى يىلپىزغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قاناتلىق غەلىتە ھايۋانلار بىلەن بولغان ئېلىشىش سىزىلىدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈش مەلۇم ئارىلىق قويۇلۇپ، ئۇدۇللا ئۈزۈلدۈرمەي سىزىلغان. پىلنىڭ رەڭگى خىلمۇ خىل. پىلغا مىنگەنلەر ئوردا خادىملىرى ۋە لەشكەر. لەشكەرلەر يېنىك تون يېپىنچاقلىنىۋالغان، بۇ بىر خىل بايۋەچچىلەرچە كىيىنىش. ئۇلارنىڭ باش كىيىمىمۇ خۇددى

دى پادىشاھنىڭ تاجىسىدەك كۆركەم ھەم قاملاشقان.

ئوردىنىڭ شەرقىي زالى ئۇزۇنلۇقى 17 مېتر، كەڭلىكى 11 يېرىم مېتر كېلىدىغان چوڭ زال. كىشىلەر بۇ پادىشاھنىڭ رەسمىي قوبۇل قىلىش زالى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بۇ زالنىڭ تاملىرى تام رەسىملىرىگە توشقانىكەن. بىراق ئېغىر ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان. پەقەت جەنۇبىي تام ۋە غەربىي تامدىكى بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. غەربىدىكى تام رەسىملىرىدىن ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۈستىدە سولدىن ئوڭغا كېتىپ بارغانلىقى ۋە سوقۇشۇۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چوڭ زالنىڭ غەربىدىكى تام رەسىملىرىدە رەسمىي قوبۇل قىلىۋاتقان قىزغىن كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرغان شەخسنى چالا - بۇلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، شۇنىسى پەقەت شىم ۋە ئاياغ قاتارلىق ئاياغ قىسمىلا قالغان.

خۇرافشاھ ئوردىسى مىلادى XIII ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە گۈللەنگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي قىزىل قۇمغا غەرق بولغان. ئەرەبلەر بۇ جاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن بۇخارخۇداتنىڭ ئائىلىسى ھىماتقا ئېلىندى. بۇخارا شاھ ئوردىسىدا تۇرغان بەگ - تۆرىلەرنىڭ سانى خۇرافشاھ ئوردىسىدا ياتقانلارغا يەتمەيدۇ.

مىلادى 783 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بىنيات شاھ خۇرافشاھ ئوردىسىنىڭ بىر خانىسىدا ئۆزىنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بىر توپ چەۋەندازنىڭ يىراق تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئوردا ئالدىغا كېلىپ ئۇدۇل زىياپەت بولۇ-

ۋاتقان ئۆيگە كىرىدۇ ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماي بىنياتـ
نىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى باغدات
خەلىپىسى ئەل ماخدايىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قاتىللىق قىلغان.
بىنيات شاھ شۇ ئوردا ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەنمۇ؟ بۇمۇ
يېپەك يولىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

## 77. سەمەرقەنتنىڭ قوغۇشۇن تۇرۇبىلىق سۇ يولى

مىلادى 712 ـ يىلى قۇتايبانىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
بىر يىلى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن خارەزمنى بويسۇندۇرـ
دۇ. ئارقىدىنلا ھېچبىر توسالغۇسىز سەمەرقەنتنى قورشايـ
دۇ. ئەينى چاغدا، سەمەرقەنتنىڭ پادىشاھى گۇلاھ ئىدى.
تاڭ دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا ۋۇلىجا (乌勒伽) دەپ يېز
زىلغان. بۇ يەردە كىشىگە بۇرۇن بانچىكەنت مۇزېيىدا كۆرگەن
مۇشۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قويۇلغان تەڭگە پۇلـ
لارنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ، چوقۇم بۇخارا پادىشاھى جەمەتىگە
ئوخشاش سوغدى تىلىدا سۆزلەيدىغان ساقاللىق ۋە كۆك
كۆزلۈك خۇلاردىن بولسا كېرەك.
گۇلاھ شاھ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى خىجى دۆـ
لىتى (赫支国) (ئەرەبلەر چاج 察赤) دەيدۇ. ھازىرقى
تاشكەنت. تاڭ دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە شى دۆلىتى (石国)
دەپ ئېلىنىدۇ. مېنىڭ قازا بولۇپ كەتكەن گېنجىڭ ئىسىملىك
بىر دوستۇم بار بولۇپ، ئۇ، شىنشى ناھىيىسىدىن ئىدى. ھاـ
زىرغىچە يادىمدا باركى، ئۇ دائىم ماڭا، مېنىڭ ئەجدادىم

قەدىمكى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتتىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداشلىرىمىز ئىچىدە ھازىرغىچە غەربىي رايون ئادەملىرىنىڭ چىرايى ساقلىنىپ قالغان، دەيتتى؛ ئۇنىڭ قاش ـ كۆزلىرىدىن بۇ خىل ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. ئەگەردە بۇ راست بولىدىكەن، ئۇنداقتا ياپونىيىدە يىپەك يولىنى بېسىپ، جۇڭگودىن ياپونىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تاشكەنت ئادەملىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. بۇ خىل ئېھتىمالىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەرەبىستاندا تاشكەنتتاي ئىسىملىكلەر خېلى ئۇچرايدۇ. ئىئوردانىيىدىمۇ بۇ خىل ئادەملەر جەملەشكەن بازارلار بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاشكەنتتىن كەلگەن بولۇپ، قايسى چاغلاردىدۇ مەككىگە ھەجگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە فەرغانە قاتارلىق جايلاردىن ياردەم سوراپ قارشىلىق قىلماقچى بولىدۇ. بىراق ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قۇتەيبە قوزغىغان ھۇجۇم ناھايىتى تېز بولۇپ، خارەزىمنى تېزدىن ئېلىپ، ئۇ يەردە شەھەر ساقلىغۇچى قىسىم قالدۇرۇپ، دەرھال سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا گۇلاھ بىلەن تىنچلىق ئورنىتىدۇ. تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ پۈتۈن تېكىستى ئەرەب تارىخىي كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان.

ئەينى زاماندىكى سەمەرقەنتنىڭ ئورنى ھازىرقى سەمەرقەنتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئافراشاپ چۆلىگە جايلاشقان. شەھەر رايونى شەھەرىستان دېيىلىدۇ. زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قۇرغاق تۆپىلىكنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېگىز سېپىل سېلىنغان. شەھەرنىڭ سىرتىغا سېپىلنى چۆرىدىتىپ خەندەك قېزىلغان. X ئەسىر ئەرەب

جۇغراپىيەشۇناسلىرى قالدۇرغان يازما خاتىرىلەرگە قارىغان-
دا شەھەرىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قانالدا قوغۇشۇندىن ياسال-
غان يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىلىرى بولۇپ، شۇ تۇرۇبا ئارقىلىق
سۇنى كوچىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى چوڭ مەيدانغا باشلاپ،
ئاندىن كوچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سۇ يەتكۈزگەن. ئە-
رەبلەر بۇ جاينى ئىستېلا قىلىشتىن بۇرۇنلا بۇ خىل ئۇس-
كۈنە مەۋجۇت ئىكەن. X ئەسىرگە كەلگەندە، ئاتەشپە-
رەسلەر بۇ خىل يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىسىنى باشقۇرۇش ئى-
شىنى ئىشلىگەن. ئۇلار گەرچە يات دىندىكىلەر بولسىمۇ بۇ خىل
باشقۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئادەم بېشى
بېجى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىدىن خالاس قىلىنغان.

قۇتايبا بۇ جاينى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇنمۇ سەمەر-
قەنتلىكلەر مۇشۇنداق يەر ئاستى سۇ يولىغا تايىنىپ ياشىغان.
ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرىستاننىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، شەرق
دەرۋازىسى چىنباب (جۇڭگو دەرۋازىسى) دەپ ئاتىلاتتى.
بۇ يىپەك يولى ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن يىپەك ۋە باشقا
بۇيۇملار سودىسى ئېلىپ بېرىشتىن قويۇلغان ئىسىم: شىمال
دەرۋازا بۇخاراباب دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق ئاتاشتىكى
سەۋەب، بۇ دەرۋازىدىن زەرەپشان دەرياسى بويلاپ غەربكە
ماڭسا بۇخاراغا بارغىلى بولاتتى.

جەنۇبىي دەرۋازا قەشقەرباب دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەل-
ۋەتتە بۇ جايدىن چىقىپ قەشقەر ۋە تۆمۈر دەرۋازا ئارقىلىق
ئامۇ دەرياسىنىڭ كېچىكى تېرمىزغا بارغىلى بولىدىغان-
لىقىدىن شۇنداق ئاتالغان. قۇتايبا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن
تەخمىنەن 80 يىل ئىلگىرى راھىب شۈەنجۇاڭ چوقۇم مۇشۇ

دەرۋازا ئارقىلىق ھىندىغا كىرگەن بولسا كېرەك. بۇ دەرۋازا يەنە چوڭ دەرۋازا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

غەربىي دەرۋازىنىڭ يەنە بىر ئىسمى نەۋباھارباب (يېڭى ئىبادەتخانا دەرۋازىسى). ئۇنىڭ يېڭى ئىبادەتخانا دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبى، يېڭى ئىبادەتخانىدىن باشقا يەنە ۋىخارا دەيدىغان بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بارلىقىدىن بولغان. ئەرەبلەر دەرۋازىنى باب دەيدۇ. دېمەك بۇ ئىسىملار ئەرەبلەر ئىستېلاسىدىن كېيىن قوللىنىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىدىن ئاۋۋال، بۇ جايدا ئىران تىلى قوللىنىلاتتى. شەھەر دەرۋازىلىرى دەرۋازا دېيىلەتتى.

قۇتايبا بۇ دۆلەتنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن شەھەرستانىنىڭ شىمالىي تۆپىلىكىدىكى قەلئەدە كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزىدۇ. گۇلاھ شاھ ۋە سەمەرقەنت سودىگەرلىرى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا شەھەرستاندىن چىقىپ ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى خالەنكاز دېگەن يەردە يېڭى شەھەر قۇرغان.

### 78. سوغدىلار نېمە ئۈچۈن ئىچكى ئۇرۇش قىلغان

سەمەرقەنت شاھى گۇلاھ بىلەن ئەرەب سەركەردىسى تۈزگەن تىنچلىق بىتىمى مۇنداق بەلگىلەنگەن: سەمەرقەنت ھەر يىلى پادىشاھقا سوۋغا تاپشۇرۇش، كۈچلۈك سوغدى قوشۇنى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش، سوغدى ئەسكەرلىرى سەمەرقەنت شەھىرىدىن چىقىپ كېتىش كېرەك. شەھەرستاندا مەسچىت قۇرۇش كېرەك، ۋەھاكازالار.

گولاھ شاھ ئالتە يىلدىن كېيىن تاڭ پادىشاھى شۈەنزۇڭغا يازغان خېتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى سوقۇشتا

قۇتايبانىڭ سەمەرقەنتكە قىلغان ھۇجۇمىنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ خەتنىڭ ئەسلى تېكىستى سوغدى تىلىدا يېزىلغان بولسا كېرەك. بىراق «دىۋان مۇئەسسەسىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈكلىرى» 999 - جىلدتا خەنزۇچە تەرجىمە تېكىستى بار.

«بۈندىن ئالتە يىل بۇرۇن ئەرەب ئالىي سانغۇنى ئەمىر قۇتايبا چوڭ قوشۇن باشلاپ بۇ يەرگە كەلدى. بىز بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بىز دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەردۇق. بىزدىمۇ زور چىقىم بولدى. ئەرەب ئەسكىرى ناھايىتى جىق بولغاچقا، بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىدۇق. بىز شەھەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ قورغاننى قوغداپ تۇردۇق. ئەرەبلەر شەھەرنى قورشىۋالدى. (دۈشمەن) 300 تاش ئېتىش ھارۋىسى بىلەن سېپىلنى ئۈچ يەردىن تېشىۋەتتى. بىزنىڭ شەھىرىمىزنى باستۇرۇۋالماقچى بولدى. ئالىيلىرىنىڭ شەپقەت ياغدۇرۇپ بىر تۈركۈم خەنزۇ ئەسكەرلىرى ئەۋەتىپ، بىزنى بۇ مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىڭىزنى تىلەيمىز. (ئايىغى قىسقارتىلدى)».

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇتايبانىڭ ئىنىسى باشلاپ ماڭغان ئالدىنقى قوشۇنىنىڭ ئۆزىدىلا 20 مىڭ ئادەم بار ئىكەن. ئۇنداقتا پۈتۈن قوشۇندا ئاز دېگەندە 60 — 50 مىڭ ئادەم بولۇشى مۇمكىن. تاش ئېتىش ھارۋىسى (ئېنگلىزچە Catapule. يەنى بىر خىل تاش ئېتىش قورالى) سەمەرقەنتنىڭ شەھەر سېپىلىنى ئۈچ يەردىن بۆسۈپ تاشلىغان. ئەينى چاغدا شەھەر سېپىلى سالغاندا خەندەك كولاپ، خەندەكتىن چىقىرىلغان توپىلارنى دۈۋىلەپ سېپىل

قىلغان. بۇ خىل سېپىل ناھايىتى مۇستەھكەم بولسا كېرەك. ھازىرقى ئاخىراشىپ خارابىلىقىدا ئۇنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ كىشىگە شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ.

گۇلاھ شاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى، سودىگەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەمەرقەنتتىن ئايرىلىپ، سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن تۆت فارسا (تەخمىنەن 24 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايدا قايتا فرانكاز شەھىرىنى قۇرىدۇ. بۇ شەھەر زەرەپشان دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان.

قۇتايبا ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا راخمانىنى ھاكىم قىلىپ سەمەرقەنتتە قالدۇرىدۇ. ئۆزى ئەسكەر باشلاپ داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ قوشۇنىنى ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. ئىران مىللەتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇننى چاچ (تاشكەنت) كە ئەۋەتىدۇ. ئۆزى ئەرەبلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى فەرغانىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قوقاننى ئىشغال قىلىدۇ.

قۇتايبا ئىستېلا قىلىنغان جاينىڭ خەلقىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. ئەينى زاماندىكى ئەرەب شائىرى مۇنداق يازغان:

ئۇلجا يىغىپ قۇتايبا بولدى كۈن - تۈن ئالدىراش،
تاغ مىسالى بايلىقتا تولۇپ كەتتى ھەممە ياق.
كىيدى خىشلا ئادىمى پادىشاھلىق تاجىنى،
تۈيۈپ - تۈيماي يىل سىرى قاراچىقا كىردى ئاق.

سەمەرقەنتنى ئېلىش ۋاقتىدا قۇتايبا يېڭى بويسۇن
ۇرۇلغان بۇخارا ۋە خارەزىمدىن ئەسكەر يۆتكەيدۇ.
ۇلارنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئاپىرىپ سەمەرقەنت ئەسكەرلىرىگە
الىدۇ. مەجبۇرىي يۆتكەلگەن بۇ ئەسكەرلەر ئابىد دېيىلىدىكەن.
ۇ سۆز ئەرەبچىدە بىر توپ قۇل دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

شۇ چاغدا بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقنىڭ كۆپىنچىسى
ۇلار (ئىران مىللىتى) ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە،
ۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «ئۇرۇشپەرەس» مىللەتلەردىن
ىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ زاماندا بىر مىللەتلىكلەر بىر —
ىرىنى قىرغىن قىلىدىغان، قان بەدىلىگە قان ئالىدىغان
ېررورلۇق كەيپىيات ئەۋج ئالغان. 500 يىلدىن كېيىن،
ىڭگىزخانمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئالدى بىلەن بۇخارانى
ىشغال قىلىپ، ئاندىن بۇخارا ئەسكەرلىرىنى سەمەرقەنتكە
الغان. بۇ ھەقىقەتەن تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى.

تارىخشۇناس تاباررنىڭ ئېيتىشىچە، سەمەرقەنت شاھى
ۇلاھ بۇ خىل قېرىنداشلار ئارا قىرغىنچىلىق بولۇپ
ەتكىنىگە قۇتايباغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. لېكىن ھېچبىر
ۈنۈمى بولمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇتايبا قوشۇنى ئىچىدە «مەرگەن
وقياچىلار» دەپ ئاتالغان خىللانغان قىسىم بارلىقى شۇ
چاغنىڭ ئۆزىدىلا مەلۇم ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ ئەسكەر سانى
10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى يەرلىك يۇقىرى تەبىقە پەرزەنتلىرىدىن تەشكىل
لەنگەن بولۇپ، مەخسۇس قوغدىغۇچى قىسىم سۈپىتىدە
جەڭ مەيدانىدا جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ.

## 79. قۇتايبا تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ؟ (1)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا قۇتايبانىڭ چاچ (تاشكەنت) قا ئەۋەتكەن قوشۇنى چاچنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سىر دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ئىستىلا قىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان.

ئۇنىڭدىن سىرت قۇتايبا ئۆزى باشلاپ ماڭغان قوشۇن فەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قوقاننى ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن دەريادىن ئۆتۈپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ كاسان شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇ مىلادى 713 - يىلى دەل تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ يىلنامىنى كەييۈەن يىلنامىسىگە ئۆزگەرتكەن ۋاقىت ئىدى.

شۇ يىلى ئەرەبتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر چاڭئەنگە يېتىپ كېلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇلار تەگرىگە تىزلىنىپ سالام بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن چاتاق چىقىدۇ. ئەرەب تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەلچىلەر مەملىكىتىگە قايتىپ بېرىپلا دەمەشققە بارغان. ئۇ يەردە زامانىسىنىڭ خەلىپىسى ئارۋالىد ئۇلارنى قوبۇل قىلغان. بىراق، بۇ ئەلچىلەرنى قۇتايبا ئەۋەتكەن. ئادەتتە ئۇلار دوستانە سودا ئالاقىسى ئورنىتىش مەقسىتىدە ئەۋەتىلگەن دەپ قارىلىدۇ.

(1)

قۇتايبا مېرۋى (مارۇ) شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ،

713 - يىلىنىڭ قىش پەسلىنى ئۆتكۈزگەن ئېھتىمالى سار، ئىككىنچى يىلى، ئۇ يەنە سىر دەرياسىغا يۈرۈش قىلدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى چاچ (تاشكەنت) غا كىرىپ، ئۇ يەرگە بازا قۇرۇپ قويۇپ، بۇ شەھەرنىڭ شىمالىي شەرق تەرىپىدىكى ئىسفىجاب① قا يۈرۈش قىلدۇ. بۇ جاي تاشكەنتتىن تالاسقا بارىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېكەت، يەنى شۈەنجۇاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە قەيت قىلغان (白水城) شەھىرى.

بەزىلەر قۇتايبا ئىسفىجابتىن تالاسقا بېرىپ، بۇ يەردىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا كېلىپ، تۇرپان (ئېدىقۇتنىڭ غەربى) دىن قومۇلغا بارىدىغان يىپەك يولىدا داۋاملىق يۈرۈش قىلماقچى بولغان، دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بۇ يولدا بۇرۇندىنلا سوغدىلار يۈرۈپ كەلگەچكە، يول بويى ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىلىرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قۇتايبا سوغدىلارغا ئىستېلا قىلىشنى ئاساسي جەھەتتىن ئاياغلاشتۇرغان، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر تەرەپتىن سوغدىلارنىڭ سودا يولىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرنىڭ سوغدىلارغا تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇشتەك ستراتېگىيىلىك مەقسەتكە يەتكەن. بۇلار مەرھۇم دوكتور خامىلتون گىببىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى.

يەنە بىر خىل ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇمەۋى سۇلالىسىنىڭ شەرق ئەمىرى قۇتايبانىڭ بىۋاستە باشلىقى.

① ئىسفىجاب — تالاسنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا. يەنى ھازىرقى سايرام.

قوشۇمچە ئارقا تىرەكى ھاججاج، ھىندىغا يۈرۈش قىلدۇراتقان مۇھەممەد ئىبنۇر قاسىم بىلەن قۇتەيبەنى جۇڭگونى ئىسلاھ قىلىشقا رىقابەتلىشىشكە سالغان. بۇنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى تاڭ سۇلالىسى تەڭرىسىنى باش خان دەپ تونۇغان. گەرچە قۇتەيبە بۇ جايلارنى ئىستېلا قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى بىر كۈن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ بىر جەڭ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى مۇقەررەر ھالدا ئويلاپ يەتكەن.

بىراق، شۇ يىلى كەچ يازدا قۇتەيبەنىڭ ھىمايىسى ھاججاجنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ مەشھۇر ھاكىم ئاشقازان راكىدەك بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ۋاھىتتا ۋاپات بولىدۇ. بۇ شۇ يىلى 6 - ئايدىكى ۋەقە.

## 80. قۇتەيبە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ (2)

قۇتەيبە ھىمايىچىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەربىي ئىشلاردىن باش تارتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ مېرۋى شەھىرىگە قايتىپ بارىدۇ. خەلىپە ئارۋالىد مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىدۇ. بىراق ھاججاجنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خوراساندا داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. بارا - بارا قۇتەيبەنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى

تۇرىدىغانلار چىقىشقا باشلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھاججاجنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى كەلگەن كۈنى ئىراقنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلاردا ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلگەنىكەن.

ھاججاج كىشىلەر قەلبىدە شۇنچىلىك ۋەھىمە قوزغىغانكى، ئۇنىڭ مۇسىبىتى كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بولغان. بۇ خىل ئەھۋال، بىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا يۈز بەرگەن غەيرىي خەۋەر تارقالغاندا، ھەرقايسى جايلاردىكى باي تۆرىلەرنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كەتسە كېرەك①.

مىلادى 715 - يىلى قۇتايبا ئائىلىسىنى مېرۋىدىن سەمەرقەنتكە كۆچۈرۈپ باردۇ. ئۇ يەنە ئامۇ دەرياسى كېچىكىدىكى قوغداش قىسمىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قوشۇن باشلاپ فەرغانىگە باردۇ. ئۇ خەلىپە ئارۋالىدىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپقاچقا، ئەگەر خەلىپە تۆگەپ- تاتىپ قالسا، تېخىمۇ چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى قائىدە بويىچە، خەلىپەمنىڭ ۋارىسچىسى ۋالىدىنىڭ دادا بىر، ئانا بۆلەك ئىنىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى قەبىھ بولۇپ، ھاججاج بىلەن قۇتايبانى ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ كۆرەتتى. چۈنكى ھاججاج قاتارلىقلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ خەلىپەلىككە ۋارىسلىق قىلىشىغا جىنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان.

① 1582 - يىلىدىكى بىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ —— ت.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتايبا، سۇلايمان تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن فەرغانىگە قىلغان ئىستىلاسىنى ئادا قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قەشقەرگە كىرىپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىنى ئىشغال قىلماقچى بولىدۇ. ئەرەب تارىخچىسى تايبارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇتايبا شۇ يىلى فەرغانىدىن قەشقەرگە قىلغان ئىستىلاسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. شۇڭلاشقا قۇتايبا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىرگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەرەب جياڭجۈنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا 1200 نەچچە يىلدىن بېرى ھەممەيلەن شۈبھىسىز ئىشىنىپ كەلگەن. بىراق، 1921 - يىلى، 20 ياش چامىسىدىكى خاملىتون گىب شۇ يىلىدىكى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ئىنستىتۇت ژۇرنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، قۇتايبانىڭ فەرغانىدىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

گىب: شۇ يىلى 8 - ئاي ياكى 9 - ئايدا قۇتايبانىڭ قول ئاستىدىكىلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇنى فەرغانىدە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشىغا ھەرگىز ۋاقىت چىقمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئەرەبلەرنىڭ سۇلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى توغرۇلۇق خاتىرە كۆرۈلمەيدۇ. بۇلار قۇتايبانىڭ يۈرۈش قىلالىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاساسىي دەلىل.

بۇ ئىككى خىل قاراشنى تېخى پۈتۈنلەي جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا تايبارنىڭ كېيىنكىمۇ قىلچە ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

قۇتايبا ھەققەتەن تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا بارغانمۇ ياكى جاسارەتلىك ئىرادىسىنى ئادا قىلىپ بولالمايلا ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ بۇمۇ يېپەك يولىدىكى تېخى ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. قۇتايبانىڭ تۇساتتىن ئۆلۈپ كېتىشى، ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمىنى سۇلايماننىڭ خەلىپە بولۇشى توغرىسىدىكى ئېلان چىقىرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەن.

## 81. ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلغان سەمەرقەنتنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى

سەنگۇن قۇتايبا تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان سەمەرقەنت شەھىرى، كېيىنچە مۇھىم ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە گۈللەندى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تالاس ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن تاڭ سۇلالىسى ئادەملىرى ئىچىدە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى بىلىدىغانلار بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسى بويىچە ئەڭ ئاۋۋالقى قەغەز ياساش زاۋۇتى سەمەرقەنتتە قۇرۇلدى.

خىلمۇ خىل قەغەزلەر ئىشلەپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە خىرئاۋۇن قەغىزىنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ئوبدان ئىدى. قەغەز كەشپ قىلىنىشتىن بۇرۇن غەربىي ئاسىيادا كىتاب ئاساسەن مىسىرنىڭ سامان قەغىزىگە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قوي تېرىسىگىمۇ يېزىلاتتى. خىرئاۋۇن قەغىزىمۇ سامان قەغىزىنىڭ ماكانىنىمۇ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ھازىرغىچە ئىسلام دۇنياسىدا تېپىلغان قەغەزلەر ئىچىدە خىرئاۋۇن قە-

غىزى ئەڭ قەدىمىي قەغەز ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قەغەز مىسىردىن قېزىپ چىقىلغان. ياسالغان ۋاقتى مىلادى 796 — 815 - يىللىرى. ئۈستىگە ئەرەبچە يېزىق يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىرائىمان دەيدىغان قەغەزمۇ ئىشلەنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ خىل قەغەز سىرائىمان بىن راشىدنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانمىش.

ئۇ«مىڭ بىر كېچە» دە چىقىدىغان ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى خارۇن ئەل راشىد دەۋرىدە خوراسان (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى) مالىيە باشلىقى بولغان ئادەم. يەنە جاخار قەغىزىمۇ بار. ئۇ بارماق قەبىلىسىدىكى جاخارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. جاخار بولسا خارۇن ئەل راشىدنىڭ ۋەزىرى ۋە تۇغقىنى، «مىڭ بىر كېچە» دە خارۇن ئەل راشىد ئوتتۇرىغا چىقىقاندا جاخار بىلەن قازى ماسىل ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. جاخار قەغەز ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت مەكتۇپلىرىنى سامان قەغەزگە يېزىشتىن ئاق قەغەزگە يېزىشقا ئۆزگەرتىشنى تەكلىپ قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تارىخىي قەغەز، تاھىر قەغەز، نوپ قەغەز قاتارلىق قەغەزلەر بار. بۇ قەغەزلەرمۇ ئوخشاشلا قەغەز بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي شاھ - تۆرىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

قەغەز پارس تىلىدا كاغاز، ئەرەب تىلىدا كاغاد دېيىلىدۇ.
مىلادى 935 — 969 - يىلىغىچە مىسىرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، سۇرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىفھىدى سۇلالىسىنى مۇھەممەد بىن دېۋغۇز قۇرغان، ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانىدە تۇغۇلغان. ئىفھىدى فەرغانە ۋە سوغدى يېرىدىكى پادىشاھ جەمەتىنىڭ نامى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ۇ ئۆزىنى ئەل ئىقھىدى دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا بۇ سۇلالىـ
ىڭ نامى ئىدى. بۇ سۇلالىنىڭ ۋەزىرى جاخارىن ھىسابا
ەمەرقەنت قەغەزىنى مىسىرغا ئاپىرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن
اھىرەدىمۇ قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى ۋە قەغەز-
ىڭ ئېسىللىقى بىلەن داڭ چىقاردى.

شۇندىن كېيىن، قەغەز غەربكە تارقىلىپ ئىسپانىيىگە
ېتىپ بارىدۇ. ۋالېنسە بىلەن ئاركەنت ئارىلىقىدىكى خاتىبا
ەغەز زاۋۇتى ئىسپانىيە بويىچە ئەڭ قەدىمى قەغەز زاۋۇتى
ېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، مەدەنىيەت ئالماشـ
ۇرۇشتا يۈكسەك تۆھپە قوشقان ۋە نۇرغۇن ئىختىساسلىق
ادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئىسلام شەھىرى
ەمەرقەنت، تەخمىنەن 500 يىل گۈللەندى. مىلادى
122 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇن باشلاپ بۇخارانى ئىشغال
ىلدى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، كەينىدىنلا سەمەرقەنتكە
ەجەللىك زەربە بەردى. ئامما ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ شەھەر
ەدىمى سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە قايتا قۇرۇپ
ىقىلدى. بۇرۇنقى كوچىلار چۆل - جەزىرىگە ئايلاندى. بۇ خا-
ابىنى، ھازىر قەدىمى تارىخى يازمىلاردا قەيت قىلىنغان
ۆلان دېگەن يەردىكى پادىشاھ جەمەتىنىڭ نامىنى قوللىنىپ
افراشاپ دەپ ئاتايدۇ.

بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بىر ئەسىردىن ئارتۇق
اقىت داۋام قىلدى. مەلۇم قىلىنغانلىرى، مىلادى 1913 -
ىلى بىر قىسىم تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تېپىل
ان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇلارنىڭ بىرەر پارچىسىمۇ ساق

لىنىپ قالمىغانمىش. مىلادى 1665 - يىلى بۇ جايدىكى 23-
نومۇرلۇق قېزىش نۇقتىسى، يەنى VII ئەسىر سوغدىلار دەۋرى-
دىكى ئوردىدىن بەش خىل رەڭلىك تام رەسىمى تېپىلغان.
بۇ، VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سەمەرقەنت شاھى
ۋارفۇمېن («يېڭى تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى») دا
(发呼拂) دەپ ئېلىنغان «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»
دا (拂呼慢) دەپ ئېلىنغان، تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنى سوغ-
دىيانە دۇتۇڭلۇقىغا تەيىنلىگەن) نىڭ ئوردىسىغا تۇخارى-
يىدىكى ساغانىيان دۆلىتىنىڭ ئەلچى ئۆمىكى ئوردىغا كىرى-
ۋاتقان چېغىدىكى كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن رەسىم بولۇپ،
رەسىمدە بېشىغا سۇمرۇغ پېيى قىستۇرۇلغان تاج كىيگەن،
ئۇچىسىغا سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيگەن، يېنىغا قىلىچ ئاس-
قان، قول قوشلاپ تازىم قىلىپ تۇرغان ئىككى ئادەم سى-
زىلغان. ئۇلار يىراق چاۋشيەندىن كەلگەن مېھمانلار بولۇپ،
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار كورىيە ئەلچىلىرى بولسا كېرەك.
(«چاۋشيەن ئىلمىي ژۇرنىلى» جاۋجى 1951 - يىلى 7 -
ئايدا تارقىتىلغان. 80 - سانىغا بېسىلغان. شۈي زې ۋېي-
گۇاڭ، ماۋشوينى ئىككىلەن يازغان، سەرلەۋھىسى» ئافرا-
شاپ شەھىرىدە قېزىپ چىقىلغان تام رەسىملىرىدىكى كورىيە
ئەلچىلىرى»).

چاۋشيەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادى، بۈگۈنكى سەمەرقەنتتە يەنە
خېلى باردەك قىلىدۇ. بۇ تام رەسىمى، شۇ دەۋردىن تارتىپلا
قاتناش ئالاقىسى باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا ئافراشاپ پادىشاھ ئوردىسىدىكى تام رەسىملىرى يەنە،
يىپەك يولىنىڭ چاڭئەنگە قاتناپلا قالماستىن، بەلكى چاۋ-

شېئىن يېزىم ئارىلى بىلەنمۇ بىۋاسىتە تۇتاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 82. سوغدى مەدەنىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان بەشكەنت ۋە موك تېغى ھەققىدە رىۋايەت (1)

سەمەرقەنتتىن زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ شەرققە تەخمىنەن 60 كىلومېتىر ماڭسا بەشكەنت شەھىرىگە كېلىدۇ. ئارىلىقتا ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستاننىڭ چېگرىسى كېسىپ ئۆتۈلىدۇ. بۇ چېگرىدىن ئۆتكەندىلا تۈركىي مەدەنىيىتى بىلەن ئىران مەدەنىيىتىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

بەشكەنت، بەش شەھەر دېگەن مەنىدە، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب جۇغراپىيە كىتابلىرىدا ئۇ «بەش جاز» دەپ قەيت قىلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا تۇپراقلىرى مۇنبەت مېۋىلىك باغلار بارمىش. بۇ باغلاردا بادام، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر بارمىش. ئېتىزلار ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانمىش. ھازىرقى بەشكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۆپىلىكتە، قەدىمىي بەشكەنت شەھىرىنىڭ كونا ئورنى بار. بۇ ئىككى تۆپىلىكتىن كىشىلەر بىرىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسى، يەنە بىرىنى پايتەختنىڭ (شەھەرىستان) ئورنى دەپ قارىشىدۇ.

قۇتايبا سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغاندا قەدىمىي بەشكەنتكە تىۋاسىتچۇ (ئەرەب تارىخچىلىرى تىۋاشانچى

دەپ ئاتايدۇ) ئىسمىلىك بىر سوغدى پادىشاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

مىلادى 720 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمىدا، بۇ پادىشاھ ۋە بەشكەنتتىكى، بارلىق شەھەر ئاھالىلىرى شەھەرنى تاشلاپ كېتىشتى. ئەينى چاغلاردا، بىر شەھەرنىڭ بۇ خىل سەۋەبلەردىن قۇرۇپ كېتىشى دائىم يۈز بېرىدىغان ئەھۋال بولسا كېرەك.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادى 637 - يىلى مۇسۇلمان ئەرەب قوشۇنلىرى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ستايشفىنگە توساتتىن بۆسۈپ كىرگەندە، پادىشاھ يازدا چىرد III دىن تارتىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىغىچە قېچىپ كەتكەن. پۈتۈن شەھەردە ئىنسجىن قالمىغان.

شۇنىڭدىن قارىغاندا، بەشكەنتكە ئوخشاش كىچىك پادىشاھلىقنىڭ پايتەختىنىڭ قۇرۇق قېلىشى، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى، يۇرتىدىن ئايرىلغان سوغدىلار توپ - توپ بولۇشۇپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن. بۇ خىل ئىش، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ۋە ئەرەبلەرنىڭ ھۆججەتلىرىدە قەيت قىلىنغان، بۇنى يېقىنقى زاماندىكى پەلەستىن مۇساپىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايدا شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەندى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە سوغدى مەدەنىيىتى شۇندىن ئېتىبارەن زەئىپلەشتى.

بەشكەنتتىن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا زەرەپشان دەرياسى بار. بۇ دەريانى بويلاپ شەرققە يۈرگەندە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا موك دېگەن بىر تاغ بار. مىلادى 1932 - يىلى مۇشۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىكى شەھەر ئىزىدىن ئاجايىپ بىر نەرسە تېپىلدى.

بىركۈنى بىر پادىچى بالا شەھەر ئىزىدىكى قۇملۇقتىن يېرىم سېۋەتتەك بىر نەرسىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنى تارتىپ قارىسا دەل تالدىن توقۇلغان سېۋەت بولۇپ، ئىچىگە نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەر قاچىلانغانىكەن.

پادىچى بالا ئۇنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. ھۆكۈمەت نەق مەيدانغا دەرھال ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ.

## 83. سوغدى مەدەنىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان بەشكەنت ۋە موك تېغى ھەققىدە رىۋايەت (2)

ئالىملار شەھەر ئىزىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، نەتىجىدە قۇم دۆۋىسىدىن تېخىمۇ كۆپ قەدىمىي ھۆججەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاپىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بەزىلىرى تېرىگە، بەزىلىرى تارىشىغا، يەنە بەزىلىرى قەغەزگە يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە خاس نەرسىلەر بولۇپ، كۆپىنچىسى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتلەر، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەبچە، تۈركچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر مىلادى

717 — 719 - يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇلار قۇتايبا ئۆلۈپ، نەچچە يىلدىن كېيىن يۇقىرىنىڭ يەرلىك ئەرەب ھاكىملىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلار ئىدى. بەشكەنت پادىشاھى تۇۋا-ستىچۇ شاھ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا مىلادى 722 - يىلى ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. موكتىكى تاغلىق شەھەر ئېھتىمال شۇ ئۆلگەن جاي بولسا كېرەك.

ئەرەب تارىخچىسى تايبارىنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا بەشكەنت شاھى تۇۋاستىچۇ (تۇۋا شانىچ) مىلادى 721- يىلى ئەتراپىدا ئۆز خەلقىنى باشلاپ ئابخار شەھىرىگە كۆچۈش قىلغان. بۇ ئابخار شەھىرى، ئېھتىمال ھازىرقى موك تېغىدا تېپىلغان شەھەر ئىزى بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارى-غاندا، بۇ شەھەرنىڭ مۇستەھكەم سېپىلى ھەممە مۇستەھكەم شەھەر مۇنارلىرى بولغان. قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان كېسەك ئىشلىتىلگەن. قەدىمكى ھۆججەتلەردىن باشقا، يەنە پۇل، تامغا، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملار، ساۋۇت - دۇبۇلغا قاتارلىق نەرسىلەر، يىپەك رەخت ۋە پاختا رەختنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېرىگە ئورالغان ياغاچ قالقان ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن چەۋەندازلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ قورالنىڭ گەرچە ئۇچى بىلەن ئاياغ تەرىپى يوق بولسىمۇ، بىراق ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

موك تاغ شەھىرىدىكى سىزىش كىشىلەر ئۈچۈن بىر خىل

رىغبەتلەندۈرۈش بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تاجىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئەمىر تاجى مۇزېيى قاتارلىقلار ئورتاق ھەمكارلىشىپ، پروفېسسور ئا. ي. ياكوۋسكىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىلادى 1946-يىلىدىن باشلاپ بەشكەنت قەدىمىي شەھىرىگە بولغان كەڭ كۆلەملىك قېزىش باشلاندى.

بۇ V ئەسىردىن باشلىنىپ VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان سوغدىلارنىڭ سېپىللىق شەھىرى ئىدى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن تاشلىنىپ قېلىپ، قايتا گۈللىنەلمەي، غايىبانە بىر شەھەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۇلۇڭىدا غەپلەتتە قالغان. ئۇ پومپېي① غا ئوخشاش يالقۇن تاغ كۆلى ئاستىغا كۆمۈلگەن ئەمەس ھەمدە تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى شەھەرلەرگە ئوخشاش كۆچمە قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەنمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بەشكەنتنى قېزىش نەتىجىسىدە، VIII—VI ئەسىر ۋاقتىدىكى خۇلارنىڭ شەھەر تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولغان. مەيلى ئۇردا ساراي ياكى خەلق ئۆيلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى ھالىتىنى ئەينەن كۆرسەتكەن. رەڭگارەڭ تام رەسىملىرى بارىيەردىن 50 نەچچىسى تېپىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇ خارابە XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەسلى قىياپىتى بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن؟ بۇ يېشىلمەي كەلگەن يەنە بىر سىر.

---

① پومپېي — ئىتالىيىنىڭ نابولىس ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەر، مىلادىدىن بۇرۇن VII ئەسىردە قۇرۇلغان، مىلادى 79-يىلى، شۇ ئەتراپتىكى ۋەسۇۋى يالقۇن تېغى پارتلاش سەۋەبىدىن پۈتۈن شەھەر كۆمۈلۈپ كەتكەن.

## 8. يىپەك يولىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەت — ئالېكساندىر ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئاياللار دۆلىتىگىچە

### 84. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ رىۋايىتى قەدىمىي ياپونىيىگە يېتىپ بارغانمۇ؟

يىپەك يولىنىڭ يىپەك ۋە باشقا ھەر خىل يەرلىك مەھسۇلاتلار توشۇلىدىغان قاتناش يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دىن، سەنئەت ۋە ئىدىيە قاتارلىقلار ئالماشتۇرۇلىدىغان يول ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر مۇشۇ يول ئارقىلىق شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە تارقىلىپ كەلگەن. بۇ توغرۇلۇق كىشىلەر شۇنى دەرھال ئېسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىنكى، ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئىش ئىزلىرى بىلەن توقۇلغان ئالېكساندىر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يىپەك يولى بىلەن ھەر يەرلەرگە تارقىلغان.

ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئىش ئىزلىرى تەپسىلىي

ايان قىلىنغان يازما خاتىرىلەر ئىچىدە، گرېك ئاررىئا-
وس① نىڭ يەتتە توملۇق «ئالېكساندىرنىڭ يىراققا يۈ-
ۈش قىلىش خاتىرىسى» ئەڭ دەسلەپكىسى ھېسابلىنىدۇ.
اپتور مىلادى 95 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇغۇلغان،
ىلادى 175 - يىلى قازا بولغان. بۇ كىتاب گەرچە
الېكساندىر ۋاپات بولۇپ تەخمىنەن 400 يىلدىن كېيىن
ېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئادەتتە ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىشەنچ-
ىك دەپ قارىلىدۇ.

بىراق ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار بۇ خىل كىتابلارنى
نچە ئوقۇمايتتى. لېكىن رىۋايەت شەكلىدە يېزىلغان ئالېك-
ساندىر ھېكايىلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇيتتى. ئالېكساندىرنىڭ
ۇستازى پەيلاسوپ ئارىستوتېل② نىڭ جىيەنى، ئىمپېراتور-
ىڭ يېقىن دوستى كاللىستېنىس③ نىڭ ئەسىرى مۇشۇ
ىلغا كىرىدۇ. كاللىستېنىس ئىمپېراتور بىلەن بىرگە يۈرۈش-
ە قاتناشقان. ئۇنىڭ بىلەن ھالاۋەتتە، جاپادا بىللە بولغان.
ېيىنچە ئىمپېراتورنىڭ بەزى قىلمىشلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ
زىنى ساماۋىلاشتۇرۇۋېلىشىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن،
ىلادىدىن بۇرۇن 327 - يىلى ئىمپېراتور تەرىپىدىن ئۆلت

① ئاررىئانوس (Arrianos) تەخمىنەن 95 — 175 - يىللى) —
گرېك تارىخشۇناسى — ت.

② ئارىستوتېل (Hristoteles) مىلادىدىن بۇرۇن 384 — 322 - يىلى) —
قەدىمىي گرېكلەرنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئالىم. پىلاتوننىڭ
شاگىرتى — ت.

③ كاللىستېنىس (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 370 — 327 - يىلى) —
گرېك تارىخشۇناسى، ئالېكساندىر بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلغان.

تۆرۈۋېتىلگەن. كاللىستېنىس ئالېكساندىرنى تەرجىمىھال شەكلىدە يازماستىن بەلكى ئۇنى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بىر شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. بۇ ئېھتىمال كېيىنكىلەر كاللىستېنىسنىڭ نامى بىلەن يازغان نەرسە بولسا كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى مىسىرنىڭ ئالېكساندىر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق مەلۇم بىر گرېك ئەدىبى رەتلەپ چىققانىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھېكايىلەر دەسلەپتە گرېك تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئىمپېراتورنىڭ ھايات چېغىدىكى ھەر خىل ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. ئىمپېراتور ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ھېكايىلەر كۆپتۈرۈلۈپ تارقىلىشقا باشلىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ بارا - بارا بېيىتىلىپ، رەڭگا رەڭ تۈس ئالغان.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايىلەر يىپەك يولىدا تېزدىن تارقىلىدۇ ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس تىلى (پەھلىۋى تىلى) ھىجراي تىلى، سۈرىيە تىلى، ئەرەب تىلى ۋە ئېفىئوپىيە تىنلى قاتارلىق ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغۇچىلار ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولماستىن، بەلكى، ئۆز مەيلىچە ھەر خىل خىيالىي ھېكايىلەرنى قىستۇرۇپ ماڭغان. پارسلار ئالېكساندىرنى پارسلىق دېسە، مىسىرلىقلار ئۇنى مىسىرلىقنىڭ ئوغلى دەپ ئالېكساندىرنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئادىمى قىلىۋالغان.

ئەرەبلەر ئالېكساندىرنى ئال ئىسكەندەر دەپ ئاتايدۇ ۋە ياكى «ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئادەم» دەيدۇ. «قۇرئان» دىمۇ بۇ توغرۇلۇق رىۋايەت بار.

ئالېكساندرغا ئائىت بۇ خىل رىۋايەتلەرنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ شەرقتىكى جۇڭگوغا تارقىلىپ بارغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھىندى، مالايا، تايلاند، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەرگىمۇ تارقالغان.

يېقىندا ئوكاموتوكېنچى ئەپەندى: ئالېكساندرنىڭ رىۋايەتلىرى، يىپەك يولىنى بويلاپ VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياپونىيىگىمۇ تارقىلىپ كىرگەن، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ توغرۇلۇق «ياپونىيە خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتىن دەلىل تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇ دەسلەپتە ئاكىۋا (جاۋخې) 52 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى «كۈندىلىك خەۋەر» گېزىتىنىڭ مەخسۇس سانىدا «ئالېكساندر ياپونىيىگە كەلگەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. كېيىن يەنە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى كۆپ قېتىم ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرىنىڭ بىرى ساماۋى پادىشاھ تاكېنوكانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋردە دېڭىزدىن ئۆتۈپ دونخېغا كەلگەن رىنا① شاھزادىسىنىڭ ئىسمى زۇلقەرنەيىن② بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئالېكساندرنىڭ رىۋايەتلىرى زادى شۇ ۋاقىتتا ياپونىيىگە تارقالغانمۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە يەنە نۇرغۇن

---

①رىنا — مىلادى III — VI ئەسىرگىچە ئۆتكەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۆلەت.

② «قۇرئان» دا ئالېكساندر زۇلقەرنەيىن دېيىلىدۇ. ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئادەم دېگەن مەنىدە.

مەسىلىلەرنى ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ياپونىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس لېۋى① بىلەن پورشىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئالېكساندرنىڭ رىۋايەتلىرى ھىندىغا VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تارقىلىپ كىرگەن. بانىڭ «خارشاۋاردخانا تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا ئارساچىدنىكىشى دەپ چىقىدىغان ئادەم ئالېكساندرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار يەنە خارشانىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنجۇاڭ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنغان غەربىي ئاياللار مەملىكىتىگە ئائىت ئەھۋاللارمۇ ئالېكساندرنىڭ رىۋايەتلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن، دەپ بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا راھىب شۈەنجۇاڭ ھېچ بولمىغاندا ئالېكساندر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ياپونىيىگە تارقاتقان. چۈنكى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتاب ياپونىيىگە ئاللىبۇرۇن تارقالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۈەنجۇاڭنى بىۋاسىتە ئۇستاز تۇتقان ياپونلۇقلار ئىچىدە داۋجاۋدىن باشقا، ئاز دېگەندە يەنە ئىككىلەننىڭ ئىسمى بىزگە مەلۇم.

شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە بۇ خىل رىۋايەتلەرنىڭ ياپونىيىگە تارقىلىپ كىرىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن،

① لېۋى Levi (1863 — 1935) — ھازىرقى زامان فرانسىيە شەرقشۇناسى ۋە بۇددىزم ئالىمى. جۇڭگو، ياپونىيە، چاۋشيەن قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم بارغان — ت.

## 85. ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئاياللار دۆلىتىنى ئىستىلا قىلغانمۇ

راھىب شۈەنجۇاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت
لىتلىرى»دە غەربتىكى ئاياللار دۆلىتىنى قانداق تەسۋىرلى
گەن؟ مەزكۇر كىتابنىڭ XI بابىدا پارس ئەھۋاللىرىنى خاتىرى
لەپ كېلىپ مۇنداق يازغان: «فولىن (佛懔国) دۆلىتىنىڭ
لايىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئاتالغۇ يەنە
دە كىچىك ئاسىيانىمۇ كۆرسىتىدۇ) غەربىي جەنۇبىدىكى
لىدا غەربىي ئاياللار دۆلىتى بار، دۆلەت ئاھالىسىنىڭ
ممىسى ئايال، ئەر كىشى يوق. بۇ يەردىن گۆھەر كۆپ
قىدۇ، بۇ دۆلەت فولىن(佛懔国) دۆلىتىگە يېقىن. شۇڭ
ڭلا ئۈچۈن فولىن شاھى ھەر يىلى ئۇ دۆلەتكە ئەر كىشى
ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئاياللار بىلەن جۈپلەشتۈرىدۇ. ئۇلار
ڭ ئۆرپ-ئادىتى ئوغۇل تۇغۇلسا باقمايدۇ».
غەربىي ئاياللار دۆلىتى شەرقىي ئاياللار دۆلىتىگە نىسب
ەتەن ئېيتىلغان. شۇڭلاشقا ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئاياللار
لىتى دېيىشلا كۇپايە. شەرقىي ئاياللار دۆلىتى توغرىسىدا
يۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ 4-جىلد
دا بايان قىلىنغان. ئۇ ھىمالايا تېغىنىڭ ئوتتۇرىسى،
لىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، يەنى شىزاڭنىڭ بىر قىسمى
ۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇن، جەنۇبتىن شىمالغا
كەلگەن دۆلەت. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى سۇۋارنا گوترا،
يەردىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئالتۇن كۆپ چىققانلىقى

ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ يەر غەربىي ئاياللار دۆلىتىگە ئوخشاش ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئاياللارلا ئەمەس، ئەر كىشىلەرمۇ خېلى بار، بىراق ئاياللارنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولغانلىقى، تارىختىن بۇيان ئاياللار پادىشاھ بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاياللار دۆلىتى دەپ ئاتالغان. بەزىدە ئايال پادىشاھنىڭ ئېرىنىمۇ پادىشاھ دەپ ئاتىلىدۇ، بىراق ھوقۇق تۇتمايدۇ. مۇنداقتا ئەر كىشىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەرلەر پەقەت ئۇرۇش قىلىش ۋە يەر تېرىش بىلەنلا شۇغۇللىنارمىش.

غەربىي ئاياللار دۆلىتى بولسا پەقەت رىۋايەتتىكىلا دۆلەت. بىراق شەرق ئاياللار دۆلىتى بولسا شۈەنجۇاڭ دەۋرىدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان دۆلەت دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاياللار دۆلىتىنى مۇنداق ئىككى خىلغا ئىنچىكىلەش مۇمكىن: بىرى، پۈتۈنلەي ئاياللار بار دۆلەت، يەنە بىرى، ئاياللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەت. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي ئاياللار دۆلىتى راھىب شۈەنجۇاڭ ھىندىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىدە ئاڭلىغان ئىمپېراتور ئالېكساندىر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمپېراتور ئالېكساندىر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلىرىنىڭ نۇرغۇن نۇسخىلىرى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە خېلى كۆپ پەرقلىرى بار. بۇ يەردە ئىندرىنىن بارزىنىڭ 1889-يىلى سۈرىيە تىلىدا ئېلان قىلغان ئەسلى ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز: ئىمپېراتور ئالېكساندىر پېرسىيىنى ئىستىلا قىلغاندىن

تىن ئىراقتا يۇرۇش قىلىپ ھىندىستانغا يېتىپ كېلىدۇ ھەمـ
ئايالللار دۆلىتى (ئامازون)① گە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى
بىلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى پۈ
لەي ئايال بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆكسىنىڭ يېرىمى ئايالللار
لىكىگە، يېرىمى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
للار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى جاۋاب خەت قايتۇرىدۇ، جا
ب خەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن مۇنداق:
«بىزگە ھۇجۇم قىلغىنىڭلارغا چۈشلۈق پايدا كۆرەلمەيـ
ەر، شۇنگا چېكىنگىنىڭلار ياخشىراق. بىز ھەممىمىز ئايال
ىنىمىز بىلەن، بىراق جاسارىتىمىز ئەرلەرنى بېسىپ
ۈشىدۇ. بىزنىڭ 280 مىڭ ئادىمىمىز بار. (بەزى كىتابلاردا
مىليون 400 مىڭ دېيىلىدۇ) دېگىنى ئارىلىدا ياشايمىز،
ىتىمىزدە بىرمۇ ئەر كىشى يوق. ھەر يىلى ئات سويۇپ
س ۋە قاستو (ئوت ئىلاھى ۋە مىتال تاۋلاش ئىلاھى)
ارلىقلار ئۈچۈن نەزىر ــ چىراغ قىلىمىز. نەزىر ــ چىراغ
كۆزگەندە بىز دېگىزدىن ئۆتۈپ ئۇياقتىكى ئەركىشىلەر
ن تويى قىلىپ 30 كۈن بىللە بولىمىز. بويىدا قالغانلار
بانغىچە شۇ يەردە بولىدۇ. ئەگەر قىز تۇغسا باقۇچىغا
الله قىلىپ قويۇپ ئۆزى ئارالغا قايتىپ كېلىدۇ، يەتتە
دىن كېيىن بالىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ.
ئەگەر دۈشمەن بىزنىڭ ئارالغا ھۇجۇم قىلماقچى بولـ
بىز 130 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى جەڭگە سالىمىز. قالـ
لار زېمىنىمىزنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بىزنىڭ

① ئامازون ــ گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئايال جەڭچىلەردىن تەركىب
تاپقان قەبىلە ــ ت.

ئۇدۇل قىرغاقتا تۇرۇۋاتقان ئەرلىرىمىزمۇ ئارقا تەرەپتىن بىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئارىمىزدا كىمكى ئۇرۇشتا ئۆلسە جەسىتىنى ئارالغا قايتۇرۇپ ئەكىلىمىز. ئەگەر دۈشمەن بىز تەرەپتىن مەغلۇپ قىلىنسا، مانامەن دېگەن ئەركەكلەرنىڭ ئاياللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى نېمىدېگەن شەرمەندىلىك؟ دۈشمەن غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ ماختىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى مەغلۇپ قىلىنغانلار ئاياللاردىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇڭلاشقا، پادىشاھ ئالىپلىرىنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىرى ئەۋزەلمىكىن. ئەگەر ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ ئۇرۇش قىلمىسىلا، بىز ھەر يىلى سىلىگە سوۋغا يوللايمىز».

ئالېكساندىر خەتنى ئوقۇپ، كۈلۈپ تاشلىغان ۋە مۇنداق جاۋاب خەت يازغان:

«تەكلىپلىرىڭىزگە يول قويمايمىز، ئارالدىن چىقىپ تەسلىم بولۇڭ ۋە قوشۇنىمىزغا بىر تۈركۈم ئايال ئەسكەر ئەۋەتىڭ. شۇنداق قىلساڭلار، ئادەم بېشىغا ئايدا بەش ئالتۇن تەڭگە تۇرمۇش پۇلى بېرىپ قوشۇنىمىزدا بىر يىل تۇرغۇزۇپ قايتۇرىمىز، شۇ چاغدا قايتۇرغانلارنىڭ ئورنىغا باشقا ئايال ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ئالماشتۇرۇپ كېتىسىلەر».

ئاياللار دۆلىتى كېڭىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى پارچە جاۋاب خېتىنى يوللىدى. بىراق بۇ خەت ئالېكساندىرنى رازى قىلالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئاخىر ئاياللار دۆلىتىگە ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرگۈزۈش قارارىغا كېلىدۇ. بىراق يۈرۈش جەريانىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئات ئەسكەرلەر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يامغۇر توختى-

غاندىن كېيىن، دەھشەت ئىسسىق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا قورقۇنچلۇق گۈلدۈرماما جاھاننى بىر ئالىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھ ئاياللار دۆلىتىنى شۇنچىلىك كۆرەلىگەن. ئۇ جايدا سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇ پەرسىيىگە قايتىپ كەتكەن.

## 86. رىۋايەتتىكى ئاياللار دۆلىتى قەيەردە

ھىندى ئوكياننىڭ ئەرەبىستانغا يېقىن جايىدا پۈتۈنلەي ئاياللار ياشايدىغان بىر ئارال بار. بۇ رىۋايەت خېلى ئۇزۇنغىچە تارقىلىپ كەلدى. دېڭىزچىلارمۇ بۇ رىۋايەتكە ئىشىنەتتى.

يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان ماركوپولو، مۇشۇ رىۋايەتنىڭ گۇۋاھچىسى. ئۇ دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلەيخاننىڭ قول ئاستىدا ئون نەچچە يىل ياشىغان. ئۇلار تۇساتتىن ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، دېڭىز يولى بىلەن سەپەر قىلغان.

ئۇلار ھىندى دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلىپ قىز ماكدان پادىشاھلىقىنىڭ دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ ماڭىدۇ. ماركوپولو مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: قىز ماكدان ئۆزىنىڭ پادىشاھى ۋە تىلى بار بىر دۆلەت. خەلقى مەبۇتقا چوقۇنىدۇ. قول سانائەت ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ماللارنى ھەرقايسى

جايلارغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار گۆش، گورۇچ ۋە سۈت ئىستېمال
قىلىدۇ» ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر قىز ماكداندىن يولغا
چىقسىپ، دېڭىز يولى بىلەن جەنۇب تەرەپكە تەخمىنەن 500
مىل يول يۈرگەندىن كېيىن ئىككى ئارالغا كېلىمىز، بۇنىڭ
بىرى، ئەرلەر ئارىلى، بىرى، ئاياللار ئارىلى، ئىككى ئارال-
نىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 30 مىل كېلىدۇ. بۇ ئارالنىڭ
ئادەملىرى خرىستىئان دىنىغا چوقۇنىدۇ. بىراق ئۇلار كونا
ئىنجىلنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان؛ خوتۇنى
ھامىلدار بولۇپ قالغاندا، ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا
بولمايدۇ، خوتۇنى قىز تۇغۇپ قالسا، تۇغۇتتىن كېيىن
40 كۈنگىچە بىرگە بولۇشقا بولمايدۇ؛ ئەرلەر ئارىلى دەپ
ئاتالغان ئارالدا پۈتۈنلەي ئەرلەر ياشايدۇ. ھەر يىلى 3 -
ئايدا ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئارىلىغا بېرىپ ئۈچ ئاي
تۇرىدۇ. بۇ ھەر يىلى 3 -، 4 -، 5 - ئايلاردا بولىدۇ. بۇ
ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاياللار بىلەن ھاۋايى - ھەۋەس قىلىشىدۇ.
ئۈچ ئايدىن كېيىن ئەرلەر ئۆز ئارىلىغا قايتىپ كېتىدۇ؛
قالغان توققۇز ئايدا تېرىقچىلىق، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ» (ئوتتۇرىسى قىسقارتىلدى). ئەرلەر ئارىلىدىن
ئاياللار ئارىلىغا تەخمىنەن 30 مىل كېلىدۇ. ئەر - ئاياللار-
نىڭ يىل بويى بىللە تۇرماسلىقىدىكى سەۋەب، ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئاياللار ئارىلىدا ئاشلىقنىڭ يېتەرلىك بولماسلى-
قىدىنمىش. ئانىلار ئۆز ئارىلىدا بالىلىرىنى بېقىشىدۇ. ئەگەر
قىز پەرزەنت كۆرسە ئانىنىڭ يېنىدا قالىدۇ. قۇرامىغا يېتىپ،
توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە ئۇنى ئەرلەر ئارىلىدىكى بىر
ئەرگە جۈپلەپ قويىدۇ. ئەگەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە 14

ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئانىسى ئۇنى ئەرلەر ئارىلىدىكى دادىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى راستىكەن. (ئوتتۇرىسى قىسقارتىلدى).

ماركوپولو يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاياللار پەرزەنت بېقىش، ئۆز ئارىلىدىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ؛ لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ئەرلەر تەمىنلەپ تۇرىدۇ».

قىز ماكداق دۆلىتى ھازىرقى ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان. ھىندىستاننىڭ مېكران دېگەن جايىغا يېقىن. بۇ جايدىكى شەھەر كېچ ۋە يەر ئىسمى مېكراننى بىرلەشتۈرسە كېچ مېكران دەپ ئوقۇلىدۇ. كېچ مېكران — قىز ماكداننىڭ يەرلىك شىۋىدە ئېيتىلىشى. بىراق يەنە بىر خىل قاراش بار. ئۇ بولسىمۇ دېڭىزدىكى ئەرلەر ئارىلى بىلەن ئاياللار ئارىلىنىڭ ئورنى مېكران بىلەن سوكوترا تاقىم ئارىلىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي دېڭىزىدىكى كۇرىيەمۇرىيا تاقىم ئارىلى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئەرلەر ئارىلى ۋە ئاياللار ئارىلى دەپ يۈرگەندىن كۆرە، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئارال دېگەن مۇۋاپىقراق بولسا كېرەك. ھالبۇكى شۈەنجۇاڭنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلغان غەربىي ئاياللار دۆلىتى ۋە ئالېكساندىرنىڭ رىۋايىتىدىكى ئامازون ئارىلى ئوخشاشلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئاراللاردۇر، خالاس.

XV- ئەسىردىن كېيىن، پورتۇگالىيىلىك ۋاسكودې

گاما باشچىلىقىدىكى پاراخوت ئەترىتى ھىندى ئوكيانغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەرلەر ئارىلى، ئاياللار ئارىلى دېگەن رىۋايەتلەر ئاللىبۇرۇن يوقىغانىكەن.

ھەقىقىي ئەھۋال تەدرىجىي ئايدىڭ بولغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەت بۇ خىل ئاراللارنىڭ مەۋجۇت ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

جۇغراپىيەۋى بىلىملەرنىڭ ئېشىشى بىلەن كىشىلەر مېھرىنى ئۈزەلمەي كەلگەن نۇرغۇن خىياللارمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا ھەتتا ئەرلەر ئارىلى بىلەن ئاياللار ئارىلىنى ياپونىيىنىڭ خاچىجوجىما ئارىلى بىلەن ئاۋشىما ئارىلى دېگەن گەپلەرمۇ بولغان.

مىلادى 751 - يىلى يازدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرگە ئەسىرگە چۈشكەن تاڭ سۇلالىسىدىن بولغان دۇ خۇەن ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە: «غەربتە يەنە ئاياللار دۆلىتى بار دەپ ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرۇۋالسا پەرزەنت كۆرەرمىش» دەپ يازىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ئاياللار سۇغا يولۇقسىلا پەرزەنت كۆرەرمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرلەر ھاجەتسىز ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەبلەردىمۇ ئافرىقا قۇملۇقىدىكى بوستانلىقلاردا پۈتۈنلەي ئاياللار ياشايدىغان دۆلەت بار ئىكەن. ئۇلار بۇلاق سۈيىگە يولۇقسىلا پەرزەنت كۆرەلەيدىكەن دېگەن رىۋايەت بار.

## 87. شەيتان بازار — سۈكۈت سۈدىكى ماللار يېپەك يولىنى گۈللەندۈردىمۇ (1)

دۇخۇەننىڭ سەپەر خاتىرىسىدىن يەنە بىر مىسال ئالايلى. ئۇنىڭ «سەپەرنانە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«غەربىي دېڭىزدا بىر بازار بار. مېھمان بىلەن ساھىبخان ئۆزئارا يۈز كۆرۈشمەيدۇ. مەن بارغاندا قارشى تەرەپ كېتىپ قالىدۇ. قارشى تەرەپ كەلسە مەن كېتىپ قالىمەن. ساتقۇچى مالنى ئالدى بىلەن ئەكىلىدۇ. سېتىۋالغۇچى كېيىن ئارقىدىن ھەق بېرىدۇ. ئومۇمەن ھەقنى مالنىڭ يېنىدا قويۇپ قويىدۇ. ھەق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن مالنى ئەكېتىشكە بولىدۇ. بۇ بازار شەيتان بازار دەپ ئاتىلىدۇ».

بۇنداق سودىلاشقۇچىلار ئۆزئارا كۆرۈشمىسىمۇ مالنى تىزىپ قويۇش ئارقىلىق سودىلىشىۋېرىدۇ. تىل ئۇخشايدىغان جايلاردا بۇنداق سودىلىشىش ئېھتىمال قولايلىق بولسا كېرەك.

غەربلىكلەر بۇنداق سودىلىشىشنى سۈكۈت سودا دەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ خىل سودا ناھايىتى ئومۇملاشقانىمىش.

سەھرايىكەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى نىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىمىنىڭ غەربىدىكى سۇدان قەدىمدىن ئالتۇن چىقىدىغان مەشھۇر جاي ئىدى. ئالتۇن ۋە پىل

چىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ زور كۆلەملىك كارۋ-
ۋانلىرى مىلادى VII — VIII ئەسىردىن باشلاپلا سەھرايىكە-
بىرنى كېسىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەن.

ئۇ يەردىن ئالتۇن چىقىدىغان بولغاچقا يەرلىك نېگىرلار ئالتۇن قېزىش ئۇسۇلىنى مەخپىي تۇتۇپ، چەتتىن كەلگەن-لەرگە ھەرگىز ئاشكارىلىمايتتى. ھەتتا ئالتۇن خۇددى مېھرى-گىياغا ئوخشاش يەردە ئۆسىدىكەن. ئۇنى يەردىن يۇلۇۋالسىلا بولىدىكەن دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەرمۇ بولغانىكەن.

لېكىن نېگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىمىدا ئاشتۇزى كەمچىل بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا كارۋانلار ئەگەر سەھرايىكەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشتۇز چىقىدىغان يەرگە بېرىپ، ئاشتۇزنى تۆگىگە ئارتىپ ئۇ يەرگە ئاپى-رالىسا، قارشى تەرەپ ئالتۇن بىلەن ئالماشتۇرۇشقا رازى ئىدى. بۇرۇن ھەتتا تۇز بىلەن ئالتۇن تەڭگە - تەڭ تېگى-شىلىدۇ دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار ئىدى.

بىراق، سودىلىشىش ئۇسۇلى تامامەن سۈكۈت سودا بولاتتى. يەنى شەيتان بازار دېگەن شۇ. ئەرەب سودىگەر-لىرى تۇزنى بەلگىلەنگەن جايغا قويۇپ كېتىپ قالاتتى. ئەتىسى ئۇ يەرگە بارغاندا نېگىرلارنىڭ تۇزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويۇپ قويغىنىنى كۆرەتتى. ئەگەر بۇ ئالتۇنلار تۇزنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۇزنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويسىلا بولاتتى. ئەگەر ساتقۇچى ئالتۇننى كەم كۆرسە ئىككى خىل نەرسە ئۆز پېتى قويۇلاتتى. يەنە بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەندە ئادەتتە ئالتۇن ئاۋۋال-قىدىن كۆپىيىپ قالاتتى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىككىلى

تەرەپ يۈز كۆرۈشمەي تۇرۇپ سودىنى پۈتتۈرەتتى.

نېگىرلار مەخپىي تۇتقان ئالتۇن چىقىدىغان جاي، ئەرەبلەرنىڭ خاتىرىسىدە ۋانكارا دەپ يېزىلغان. ئافرىقىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بۇ ئالتۇنلار شۇ زاماندىكى پايتەخت باغداتنىڭ گۈللىنىشىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئابباسىلار سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋردە ھەرقايسى خەلىپىلەر بۇزۇپ چاچقان ئالتۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى دەل مۇشۇنداق ئاشتۇزغا تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سەھرايىكەبىردىن تۆگىگە ئارتىپ كېلىنگەن.

بۇ خىل سەھرايىكەبىردىن چىقىدىغان تاشتۇزغا غەربىي سۇداننىڭ ئالتۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇش سودىسى، ھېچ بولمىغاندا XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە داۋام قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سانى 20 مىڭ تۇياق تۆگىگە يېتىدىغان زور كۆلەملىك كارۋان قوشۇنى ئەينى ۋاقىتتا بۇ چۆل - جەزىرىدە ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان. بىراق، بۇرۇنقى سۈكۈت سودا ئېلىپ بارىدىغان ئادەت قاچانلاردىندۇ ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتكەن.

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن دۇخۇەن ئىراقنىڭ كوخا دېگەن يېرىدە قاماقتا ئىدى. ئۇ يەردە بۇ خىل ئاجايىپ سودىلىشىش ئۇسۇلىنى ئاڭلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە»سىگە خاتىرىلەپ قويغان.

ئەمەلىيەتتە، مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردىلا، ھېرودوت كارتاگولىقلاردىن سەھرايىكەبىرنىڭ ئىچكىرىسىدە ئالتۇنغا مۇناسىۋەتلىك سۈكۈت سودا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر

تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «تارىخنامە» سىنىڭ 4 - جىلدىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرە قالدۇرۇلغان. شۇنىڭ-دىن بۇ خىل سودىنىڭ خېلى بۇرۇندىنلا بارلىقىنى كۆرۈۋ-ۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن 2000 يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ XV ئەسىرگە كەلگەندە ۋېنىتسىيىلىك دېڭىز كەزگۈچىسى گاتامې-شىد (1432 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىدىن 1477 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىگىچە) مۇ ئەرەب ۋە پارس سودىگەرلىرىنىڭ بۇ خىل سودىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋالنى ئاڭلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ «نېگىرلار دۆلى-تىگە دەسلەپكى ساياھەت» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. XIII ئەسىردە ئۆتكەن گېئوگراف ياقۇتنىڭ قەيت قىلىشىچە، غەربىي سۇدانىنىڭ ئالتۇن چىقىدىغان يېرىدىكى ئاھالىلەر قىپ - يالىڭاچ ھالەتتە، غار ئىچىدە ياشايدىكەن. سىرتقا ناھايىتى ئاز چىقىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرەب سودىگەرلىرى دۇمباق چېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگەن-لىكىنى بىلدۈرەرمىش، بىراق قارشى تەرەپ ئۆزىنى كۆرسەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئالتۇننىڭ قەيەردە چىقىدىغانلىقىنى ئۇلار زادىلا بىلەلمىگەن.

## 88. شەيتان بازار — سۈكۈت سودىدىكى ماللار يىپەك يولىنى گۈللەندۈردىمۇ (2)

يىپەك يولىدىمۇ شەيتان بازار (سۈكۈت سودا) بولۇپ ئۆتكەندەك قىلىدۇ. سۈكتىيەن شۇنەنىڭ ئېيتىشىچە، مۇنداق مە-

مۇمات بولغان: «مىلادىدىن بۇرۇن I ئەسىردە رىملىق-
لار بىلەن جۇڭگولۇقلار پارتاۋا (ئارساك) دېگىلى مەلۇم بىر
دەريا بويىدا سۈكۈت سودا ئۇسۇلىدا يىپەك سودىسى قىلغان.
بەتتە VI ئەسىردە ئېفئوپىيىدىمۇ ئالتۇن سۈكۈت سودىسى
بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تا يېقىنقى دەۋرگىچە ئافرىقىنىڭ
كونگودا ئولتۇرۇشلۇق پىگمىي مىللىتىدە بۇ خىل ئادەت
ساقلىنىپ كەلگەن.
جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان بۇ خىلدىكى ھېكايە،
يەنى يىپەك يولى بىلەن چېتىشلىق بولغان، ئۇ بولسىمۇ
شەرقىي جىن دەۋرىدىكى فا شيەننىڭ خاتىرىلىرى. فا شيەن
يىپەك يولىنى بويلاپ ھىندىستانغا بېرىپ سەيلۇن (سىرلانكا)
دېن دېڭىز يولى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. ئۇ سەيلۇننى
شىرلار دۆلىتى دەپ ئاتىغان. ئۇ يەردە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى
توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «بۇددا ئېلى خاتىرىسى» دېگەن كىتابى
بىدا مۇنداق قەيت قىلغان: «ئۇ دۆلەتتە ئەسلى ئادىمىزات
يوق بولۇپ، جىن ـ شەيتان ۋە ئەجدىھا ياشايدۇ. ھەرقايسى
ئەل سودىگەرلىرى بۇ يەرنى ئورتاق سودا بازىرى قىلغان،
سودا بولغاندا جىن ـ شەيتانلار ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ، لېكىن
قىممەتلىك بۇيۇملارنى چىقىرىپ باھاسىنى بېكىتىپ قويىدۇ.
سودىگەرلەر شۇ باھا بىلەن مال سېتىۋالىدۇ. سودىگەرلەر
ئۆزلۇكسىز قاتناپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى ئەل خەلقى
بۇ يەرنى ياخشى دەپ ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان.
شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان». سەيلون
دۇنيا بويىچە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان گۆھەر چىقىدىغان
يەر. ئەلۋەتتە، سودىگەرلەر بۇ يەرگە بەك ھەۋەس قىلىدۇ. دە.

ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى رىۋايەتتە، بۇ جايدا ئەسلى ئادەمىزات يوق ئىدى، پەقەت جىن ـ شەيتان ۋە ئەجدىھالار پاشايتتى. سۆكۈت سودا ئېلىپ بېرىلاتتى دەپ ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەنگەن. قارىغاندا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەقەت جىن ـ شەيتانلا ئوخشايدۇ. ئەجدىھا قاتناشمىغان بولسا كېرەك. يىراق ئەپسانىلەردە ئەجدىھا ئاغزىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت چىقىرالايدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ خىل سۆكۈت سودىغا قاتناشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇلار پەقەت ئەڭ قەدىمىي دەۋردىكى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. فا شيەن V ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە بۇ ئارالغا كېلىپ ساياھەت قىلىپ، ئاندىن رىۋايەتنى تارقاتقان. ئەمەلىيەتتە سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب خىسلىتى بولمىسا كېرەك.

فا شيەندىن كېيىنكى تەخمىنەن ئىككى يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن دۇخۇەنمۇ ئىراقنىڭ كوخا دېگەن يېرىدىن ۋەتىنىگە قايتىش يولىدا شىرلار دۆلىتى (سەيلون) غا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ دۆلەتنىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي خۇلارغا ئوخشايدۇ. جەنۇبتىكىلەرنىڭ چىرايى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەپ يازغان. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق كۆرۈنۈش. چىرايى خۇلارغا ئوخشايدۇ دېگىنى ئورا كۆز، قاڭشالىق ئارىيانلار تىپىدىكى ئادەملەر؛ چىرايى قورقۇنچلۇق دېگىنى، بۇرۇنقى دالوپىسالار بىلەن ھازىرقى تايەرلاردا ئورتاق بولغان قارائۆڭلۈك ۋە قىسقا ـ قابىل تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كېيىنكىسى

بۇ جايىنىڭ ئىپتىدائىي خەلقلىرى، چىرايى خولارغا ئوخشايـ
دىغانلار بولسا، كېيىنچە بۇ ئارالنىڭ شىمالىي قىسمىغا
كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ۋا شيەن دېگەن جىن - شەيـ
تانلار مېنىڭچە ئاشۇ چىرايى قورقۇنچلۇق ئادەملەرنى
كۆرسەتسە كېرەك.

سەيلۇتدىكى شەيتان بازار دېگەن بىر قەدىمىي رىۋايەت
ئەلۋەتتە. بىراق، تا 1330 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىلىرى
دىمۇ سىبىرىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا شەيتان بازىرى
ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ يەنىلا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭ
لىغانلار بولغان. بۇ كىشى يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسى
ۋەتتى بار ماراكەش سەيياھى ئىبنى باتتۇتا. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئەينى زاماندا ئۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا
ئېقىمىدىكى قىپچاق خانلىقىنىڭ پايتەختى سارايىنى ساياھەت
قىلغان، ھەمدە ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئون
كۈنلۈك مۇساپە يىراقلىقتىكى جايغا بارغان. ئۇ جايدا بولغار
دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغار بار ئىكەن. بولغاردىن چانا
بىلەن شىمالغا سەپەر قىلسا قاراڭغۇلۇق دۆلىتىگە بارغىلى
بولىدىكەن. بىراق بېرىشقىلا 40 كۈن كېتىدىكەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە يول ناھايىتى جاپالىق ئىكەن. ئۇ يەرگە باردى
دېگەندىمۇ ھېچبىر ھاسىلاتى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ
يەرگە بارمىغان.

بۇ پەردە دېيىلگەن قاراڭغۇلۇق دۆلىتى قارىغاندا
شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگە يېقىن جايلارنىڭ قىش پەس
لىدىكى قاراڭغۇلۇق كۆرسىتىلگەن ئەلۋەتتە. ئۇ يەرگە پەقەت

ئېسىل ئىت قوشقان بىرەر يۈز چانىسى بار باي سودىگەرلەرلا بېرىپ سودا قىلالايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سودىگەرلەر قاراڭغۇلۇق دۆمتىگە بارغانىمىش، ئۇلار ئاپارغان تاۋارلىرىنى مەلۇم بىر جايغا قويۇپ ئۆز لاگىرىغا قايتىپ كەلگەن. 2 ـ كۈنى ئۇ يەرگە بېرىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى يېنىدا قارا بۇلغۇن، سىبىرىيە چاشقىنى، ئاق بۇلغۇن قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر سودىگەرلەر بۇ سودىنى باب كۆرسە ئۇنداقتا بۇ تېرىلەرنى ئەكەتسە بولىدۇ. ئەگەر مالىنىڭ يېنىدىكى تېرىلەرنى ئاز كۆرسە ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا چېقىلمىسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپتىن، تېرىنى قوشۇپ قويىدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئەكسىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بىراق، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، سودىگەرلەر قويغان ماللار ئۆز جايىدا تۇرۇۋېرىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى مانا شۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما سودىگەرلەر بىلەن سودىلاشقۇچىلار زادى جىن ـ شەيتانمۇ ياكى ئادەممۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇلار زادى كۆرۈشۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمىگەن. ئەلۋەتتە، ئاق بۇلغۇن تېرىسىگە ئوخشاش تېرىلەر دۇنيادا ئەڭ ئېسىل تېرە ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تىكىلگەن پەلتو 1000 ھىندى ئالتۇن تەڭگىسى ياكى 250 ماراكەش ئالتۇن تەڭگىسىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلەرمىش. مەيلى ئالتۇن بولسۇن ياكى بۇلغۇن تېرىسى بولسۇن، ئىككىلىسى قىممەت بۇيۇملار. بىراق سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ سودا ئەخلاقىغا رىئايە قىلغان. گەرچە ئۇلار

ئۆزئارا يۈز كۆرۈشمىسمۇ، بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقمىسىمۇ، بىراق ئىككىلا تەرەپ ئوبدان مۇئامىلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن سودا ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## 89. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (1)

سەددىچىن سېپىلى، ئەلۋەتتە، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ، يايلاقتىكى چارۋىچى خەلقنىڭ، يەنى ئاتلىق كۆچمەنچىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن ياسىغان. بىراق، ئاسىيادا يەنە بىر سەددىچىن سېپىلى بار. ئۇنى پىرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەقسەتتە كاۋكاز تېغىنىڭ جەنۇبىدا ياسىغان.

سەددىچىن سېپىلىمۇ نەتىجىدە پۈتۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى سەددىچىن سېپىلى دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئالېكساندىر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە، ئىمپېراتور خەلقنى شىمالدىن كېلىدىغان بەدۋىيلەر — يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن سەددىچىن سېپىلى ياساتقان دېيىلگەن.

سۈرىيە تىلىدا تارقالغان ئالېكساندىر توغرىسىدىكى ھېكايىلەردە يەجۇج - مەجۇج ھونلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا رىۋايەتتىكى ئالېكساندىر ياساتقان سەددىچىن سېپىلى ئېھتىمال جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسەتسە كېرەك. بىراق دائىم پارسلار ياسىغان سەددىچىن سېپىلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. ماركو

پولو كاۋكازدىكى ئۆزۈن سېپىلنى ئالېكساندر ياساتقان ئۆزۈن سېپىل دېگەن.

ئالېكساندر نېمە ئۈچۈن سەددىچىن سېپىلى ياساتتى؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پېرسىيە ۋە ھىندىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئۆز كۆزى بىلەن پۈتۈن جاھاننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆرمەكچى بولغان. ئەينى زاماندا، ئۇ غەربتىكى كۈنپېتىش تەرەپتىن شەرقتىكى كۈنچىقىش تەرەپكىچە بولغان جايلارنى كېزىپ بولغان. ئۇ شىمالنىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىشقا بەلباغلىغان. شىمالنىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدە، قىيالىرى تىك كەلگەن، ئادەمزات چىقالمايدىغان ئىككى تاغ بار. بۇ ئىلاھى تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئادەملەرنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ياسىغان تەبىئىي توساقمىش. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرگە ھونلار، يەجۈج ـ مەجۈجلەر ۋە ناۋارلار قاتارلىق جەمئىي 22 پادىشاھ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن.

بەزەن ھونلارنىڭ كۆزلىرى كۆپكۆك بولارمىش. ئاياللارنىڭ بىرلا ئەمچىكى بولىدىكەن. ئۇلار ئەرلەردىنمۇ باتۇر ۋە ئۇرۇشقاق كېلەرمىش. ھونلارنىڭ ئىككى يوتىسىدا، ئىككى بېغىشىدا ۋە بېشىدا پىچاق بولىدىكەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۈشمىنىگە پىچاق سالالايدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىيمىش، ھەربىر ئادەمنىڭ بىر نەچچىدىن ئېتى بولۇپ، نەمۇنە قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ يۈرەرمىش. ئۇلار جاھاندا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەملەرمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالېكساندر مىسكەر ۋە تۆمۈرچىلەردىن ھەرقايسىسىدىن 3000 ئادەم يىغىپ، مىس ۋە تۆمۈرنى ئېرىتىپ، ئىككى تاغ ئارى

لىقىنى توسۇۋېتىكەنمىش. دەل ئوتتۇرىسىغا تۆمۈر دەرۋازا ياساپ، بەدۆي مىللەتلەرنىڭ كىرىش يولىنى توسۇۋېتىكەنمىش.

يۇقىرىقىلار ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياساش توغرىسىدىكى رىۋايەت. مىلادىيە VII ئەسىرگە كەلگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەبىستاندا ئىسلام دىنىنى تارقاتقاندىمۇ يۇقىرىقى رىۋايەتكە چېتىشقان. «قۇرئان» نىڭ سۇرەكەھف 82 - ئايىتىدىن 97 - ئايىتىگىچە بۇ جەھەتتە بايانلار بار:

«قۇرئان» دا ئىمپىراتور ئالېكساندىر زۇلقارنەيىن (ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئادەم) دېيىلىدۇ.

«كېيىن ئۇ بىر يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئالدىدا بىر خىل ئادەملەرنى ئۇچراتتى. ئۇلار دېگۇدەك (ئۇنىڭ) گەپ ئۇقمايتتى. ئۇلار — دېدى: (ئەي زۇلقارنەيىن! يەجۇج - مەجۇج زېمىندا يامان ئىش قىلىۋاتىدۇ. بىز سىزگە تارتۇق سۇنساق، سىز بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توساق ياساپ بەرسىڭىز، قانداق؟) ئۇ دېدىكى:

(ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن قۇدرىتى ئۇلۇغ. سىلەر ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار. مەن سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم بىر توساق سالاي. سىلەر ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئەكېلىپ بېرىڭلار). ئۇ ئىككى تاغ ئارىلىقىنى توشقۇزۇپ بولۇپ:

«سىلەر كۆرەك بېسىڭلار» دېدى. ئۇ تۆمۈرنى چوغدەك قىزىتىۋېلىپ دېدى: «سىلەر مىس ئېرىتمىسىنى ماڭا بېرىڭلار!

مەن ئۇنى توساققا قويىمەن. كېيىن ئۇلار چىقالمايدۇ ھەم تېشەلمەيدۇ» (ئاخىرى قىسقارتىلدى).

«قۇرئان» دا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇ دېدى: «بۇ ئاللاھنىڭ شەپقىتى، ئاللانىڭ ۋەدىسى چۈشكەندە، ئۇ بۇ توساقنى تۈزلىۋېتىدۇ، ئاللانىڭ ۋەدىسى راست»». (سۈرە كەھف 98 - ئايەت ــ ت).

## 90. ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (2)

ئىمپېراتور ئالېكساندىر يەجۇج ۋە مەجۇج قاتارلىق بەدۆي قوۋمىنى قامال قىلىش ئۈچۈن ياسىغان سەددىچىن سېپىلى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىيامەت كۈنى غۇلاپ چۈشەرمىش. قەدىمكى زامانلاردا بۇ گەپنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. خۇددى «قۇرئان» نىڭ سۈرە ئەنبىيا 95 ـ ۋە 96 - ئايەتلىرىدە دېيىلگەندەك: «مەن گۇمران قىلىۋەتكەن شەھەرلەرنى، بۇ دۇنياغا قايتا بەرپا قىلىنىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. يەجۇج ۋە مەجۇجلەر قويۇپ بېرىلىپ ھەرقايسى ئېگىزلىكلەردىن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كەتكۈچە قەدەر».

ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بەدۆي قوۋمىنى توسۇپ تۇرىدىغان سەددىچىن سېپىلى ئىنسانىيەتنىڭ جان تومۇرى، روھىنىڭ تىرىكى ھېسابلىناتتى.

لېكىن، مۇنداق بىر ئادەم چىقىپ قالدى. ئۇ چۈشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ ئادەم سالاسۇنلار ئىمپېرىيىسى

نىڭ ئەڭ ئالىي باشلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ چۈشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. قەدىمكى زاماندا كىشىلەر چۈشنى تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر خىل مۇھىم ۋەقەنىڭ بىشارىسى دەپ قارايتتى. مىلادىي IX ئەسىردىمۇ چۈش يەنىلا ئوبدان ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئەينى چاغلاردا، چۈش ئۆرۈش بىر خىل ئىلىم دەپ قارىلاتتى. گىرېكلارنىڭ چۈش ئۆرۈش ئىلمى بولسا نوپۇزلۇق ئىدى. تارقىلىپ كەلگەن چۈش ئۆرۈش ھۆججەتلىرى گىرېك تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ خىل تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئەينى زامانىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمپېراتور ئالېكساندىر شەرققە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا نوپۇزلۇق چۈش ئۆرىگۈچىلەرنى بىللە ئېلىپ ماڭغانىكەن.

ھازىر، چۈشىدە ئالېكساندىر سالدۇرغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ غۇلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەم توغرۇلۇق سۆز ئاچايلى. ئۇ ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ 9 - خەلىپىسى ۋاسىك. (842 — 847 - يىللىرىچە تاشكەنتتە ئولتۇرغان)، يەنى «مىڭ بىر كېچە» دىكى مەشھۇر شەخس خارۇن راشىدنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ.

بۇ خەلىپە زامانىدا ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى باغدات بولماستىن، شىمالدىكى ساماراغا يۆتكەلگەنىدى. گەرچە ۋاسىك تەختتە ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرمىغان بولسىمۇ، خاراكتېرى جەھەتتىنمۇ ھېچ ئالاھىدىلىكى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆرگەن غەلىتە چۈشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

شۇ زاماننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىرنەچچە ئالىملىرى بۇ ئىشتىن خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىش راست بولسا كېرەك.

بۇ ئىشنى يېزىپ قالدۇرغان ئالىملارنىڭ بىرى، ۋاھىك دەۋرىدە پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئاخبارات ئەمەلدارى بولغان ئىبىن قۇدادىبە ئۆزىنىڭ «قاتناش يوللىرى ۋە مەملىكەتلەر» دېگەن ئەسىرىدە ۋەقەلىكنىڭ ئۆتمۈشىنى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: خەلىپە ۋاھىك چۈشىدە زۇلقارنەيىن (ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئادەم) ياساتقان سەددىچىن سېپىلىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئادەم ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، نەتىجىدە تىلماچ بەگ سالام بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. چۈنكى ئۇ 30 دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس ئىدى. خەلىپە 50 نەپەر جاسارەتلىك يىگىتنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەردى. ئۇنىڭغا 50 مىڭ ئالتۇن تەڭگە، 10 مىڭ كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلدى. يەنە 50 ئەزىمەتنىڭ ھەر بىرىگە 1000 ئالتۇن تەڭگە، بىر يىللىق ئاشلىق بەردى. بۇ سەپەر قىلغۇچىلار كىيىم - كېچەك ۋە باشقا سەپەر جابدۇقلىرى بىلەن جابدۇندى. ئۇلار 200 قېچىرغا ئاشلىق، سۇ ۋە باشقا لاقا - لۇقىلارنى ئارتىپ پايتەخت سامارا بىلەن خوشلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇددىتى ئىككى يېرىم يىللىق ئۇزۇن سەپەرنى باشلىۋەتتى. ئىبىن بۇرۇراتىبىنىڭ خاتىرى-

ستگە ئاساسەن خەزىنىدە ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىنى تەخمىنەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇلار سامارادىن شەرقىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، كاسپىي دېڭىز ساھىلىغا كېلىدۇ. كاۋكاز تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى بىلەن كاسپىي دېڭىز ئارىلىقىدا كاسپىي دېڭىزنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىدۇ. يول ئۈستىدە ھازىرقى گروزىيىنىڭ پايتەختى تېبلىستا توختايدۇ. كېيىن ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا بارغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەنزىلى بولغان ئىمپېراتور ئالېكساندىر سەددىچىن سېپىلى، ئۇنىڭ ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ تېبلىسنىڭ شىمالىنى، كاۋكاز تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى پارسلىقلار ياسىغان سەددىچىن سېپىل ئەمەس، كاۋكاز تېغىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان جايدا ئەينى ۋاقىتتا خارازلار ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ پايتەختى ۋولگا دەريا ئېغىزىدىكى ئېتىل ئىدى. خارازلار تارىختا يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن مەشھۇر.

ئۇلارنىڭ كېيىنكى سەپىرى ئېنىق ئەمەس. بىراق ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار يەنە ئۇدا 20 نەچچە كۈن سەپەر قىلغاندىن كېيىن قاراڭغۇ ھەم سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان بىر جايغا كېلىپ قالغان. ئۇلار سىركە بىلەن سېسىق پۇراق ھەيدەپ، ئون كۈن جاپالىق سەپەر قىلىش ئارقىلىق ئاندىن بۇ جايدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر خارابىلىرى قاپلاپ كەتكەن يەردە 20 كۈن سەپەر قىلغان. كېيىنچە ئۇلار تاغلىق رايونغا كىرگەن. بۇ جاي سەددىچىن سېپىلغا يېقىنلىشىپ قالغان. بۇ ئەتراپتا

گەرچە ئاھالىلەر بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خەلىپە ئىراق ۋە پايتەخت سامارا قاتارلىق جايلاردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. بىراق ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار يەجۇج - مەجۇجلەرنى ئوبدانلا بىلەتتى. ئۇلار يەجۇجلەرنىڭ بويى مەجۇجلەردىن ئېگىز، بىراق ئۇلارنىڭ بويى پەقەت بىر تايىردىن 1.5 تايىرغىچە كېلىدۇ (ئىراقنىڭ بىر تايىراسى =0.563 مېترغا تەڭ) دېگەن.

### 91. ئېمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىلى ياسىتىشى (3)

سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاخىرى كۆزلىگەن نىشانى سەددىچىن سېپىلىغا يېتىپ باردۇ. سەددىچىن سېپىل ئىككى تاغ ئارىلىقىغا ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 مېتىر كېلىدۇ. زۇلقارنەيىن (ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئادەم) سەددىچىن سېپىلى ياساتقاندا، سېپىل ئۇلىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن، ئاۋۋال تەخمىنەن 18 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئازگال قېزىپ، مىس ۋە تۆمۈرلەر بىلەن ئازگالنى تىندۇرۇپ، يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلغان. ئاندىن مىستا ئۇرالغان تۆمۈر كېسەك بىلەن جىلغىنىڭ ئىككى چېتىدە كەڭلىكى تەخمىنەن 15 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈك قوپۇرۇپ چىققان. بۇ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 72 مېتىر كېلىدىغان لىم تارتىپ ئارىلىقىنى مىسكە ئۇرالغان تۆمۈر كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ چىققان.

ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 72 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ ھەمدە 37 ئورۇنغا ھىنمات تام قوپۇرۇلغان. سېپىل دەرۋازىسى ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ھەربىر قانىتى تەخمىنەن 36 مېتىر كەڭلىكتە كېلىدۇ. ئېگىزلىكى كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش. قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوڭ سول تەرەپكە ئورنىتىلغان. دەرۋازا تاقىقى يەردىن 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يەرگە ئورنىتىلغان.

سېپىل دەرۋازىسىغا يېقىن يەردە ئىككى قورغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقى مىراس قالدۇرۇلىدۇ. سالام مۇھاپىزەتچىلەردىن: «سېپىل دەرۋازىسى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىر يېرىدە دەز بولغاندىن سىرت باشقا ئەھۋال يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار بىرىپ قارىغاندا، دەزنىڭ يىپتەك ناھايىتى ئىنچىكە ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ.

سالام ئېھتىيات بىلەن دەز كەتكەن يەرنى پىچىقى بىلەن قىرىپ، قىرىندىنى قول ياغلىقىغا ئوراپ، ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن خەلىپىگە سوۋغا قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ مۇھاپىزەتچىلەردىن يەنە يەجۇج - مەجۇجلەرنى كۆرگەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئۇلارنىڭ تاغ چوققىسىدا تۇرغانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن، ئارىلىق يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بويى ئاران 1.5 شىبىر (تەخمىنەن 3.81 مىللىمېتىر) كۆرۈندى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتى ئوت - گىياسىز، بىپايان قاقاسلىق ئىدى.

قايتىشىدا ئۇلار لوپ دەيدىغان بىر پادىشاھلىقتىن ئۆتىدۇ. تەخمىنەن سەككىز ئاي ئەتراپىدا سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. كېيىن يەنە بۇخارا، تاملۇق، نىشاپوردىن ئۆتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن سەپەرگە چىققانلاردىن 14 كىشىلا قالىدۇ. ئاتلاردىنمۇ پەقەت ئىككى، ئۈچىلا بىاق قالىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار لائىيىدىن (ھازىرقى تېھراننىڭ ئەتراپى) ئۆتۈپ، پايتەخت ساماراغا قايتىپ كېلىپ، سېپىل دەرۋازىسىدىن قىرقىۋېلىنغان قىرىندىنى خەلىپە ۋاھىتنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشكە سۇنىدۇ ۋە تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ. خەلىپە ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ ۋە سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرىگە 1000 تىللا ئىنئام قىلىدۇ. ئۇلار سەددىچىن سېپىلىغا بېرىش ئۈچۈن 16 ئاي سەرپ قىلىدۇ. قايتىقىنچە 12 ئاي بىرنەچچە كۈنلا سەپەر قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ھېكايىلەر ئىبىن بۇردادبېھنىڭ بىۋاستە سالامدىن ئاڭلىغان ساياھەت دوكلاتىدۇر. ئۇ سالامنىڭ خەلىپىگە سۇنغان يازما دوكلاتىنىمۇ كۆرگەن.

يەنە بەزىلەر ئۇلار قايتىش يولىدا ئۆتكەن لوپ دۆلىتى لوپنۇر دېگەن جايدا ئەمەس دەپ قارايدۇ. بىراق ئۇلار سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە تاملۇق قاتارلىق داڭلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولنىڭ يىپەك يولى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

سالام كۆرگەن سەددىچىن سېپىلى زادى قەيەردە؟

گوللاندىيە خەنزۇشۇناسى، لېيدېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى D. فېيۇ دوكتور سالام بەلكىم دۇڭخۇاڭ ئەتراپىغا بارغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆرگىنى جۇڭگونىڭ يۈمېن قوۋۇقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيىلىك E.C. ۋېلسون 1923 - يىلى ئېلان قىلغان «ئالېكساندىرنىڭ گېگۇلار ۋە ماگۇلارغا تاقابىل تۇرىدىغان قورغانى» دېگەن سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىدە، سالام سەددىچىن سېپىلىدىن ئېخىمۇ شىمالدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي جايلىرىغىچە بارغان دەپ قارىغان.

يەنە ئاجايىپ بىر خىل سۆز - چۆچەكلەر بار. ئۇنىڭدا يەجۇج - مەجۇج دەپ ئاتالغان ئادەملەر ناھايىتى قەدىمىي دەۋردە ۋ ئەتراپتا بولۇپ ئۆتكەن ياۋۇنلۇقلار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى مەتبەئە نۇسخىلىرىدىكى رەسىملەردە چاچلىرى چوۋۇق ئادەملەر بارمىش، بۇ ئادەملەر ئاينۇلار بولۇشى مۇمكىن.

مەرھۇم دوكتور سەيد ۋالت دېگەن (ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى) سالامنىڭ كۆرگىنى شىنجاڭدىكى غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى، تۆمۈر قوۋۇق دەپ قارايدۇ. گېرمانىيىلىك ماك ۋارت 1903 - يىلى: سالامنىڭ كۆرگىنى جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ۋېنگرىيىلىك مەلۇم بىر ئالىم ئۇلار ئۇرال تېغىنىڭ بىر چوققىسىغا بارغان دەپ قارايدۇ.

سالام زادى قەيەردىكى سېپىل دەرۋازىسىنى كۆرگەن

ياكى ئۇنىڭ خەلىپىگە قىلغان دوكلاتىنى يالغانمىدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە خىلمۇ خىل يېشىپ بەرگۈسىز مەسىلىلەر بار. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ جەلىپىنى قوزغايدىغان قەدىمىي رىۋايەتلەردۇر.

## 29. غار ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقان يىگىتلەر كىملەر

«قۇرئان» 18 ـ پارىسىدا ئالېكساندىرنىڭ سەددىچىن سېپىل ياسىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ پارە «كەھف» (غار) دېيىلىدۇ. بۇ پارىنىڭ غار دېيىلىشى بۇ پارىنىڭ 9 ـ ئايىتىدىن 26 ـ ئايىتىگىچە ئۇخلاپ ياتقان ئېفسۇسلۇق يەتتە يىگىتنىڭ رىۋايىتى بايان قىلىنغانلىقىدىن بولغان.

ئېفسۇس قەدىمكى بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ھازىرقى ئىزمىر پورتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر بۇ جايدا سالچوت (ياكى ئاياسوق) دەيدىغان كىچىك بىر شەھەر بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەريەم ئانا مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغانىكەن.

ئۇخلاپ ياتقان يەتتە يىگىت دېگەن مىلادى III ئەسىردە بۇ جايغا يوشۇرۇنۇۋالغان ياش خرىستىئانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى زاماندا، رىم پادىشاھى داسىئۇس (249—251 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خرىستىئانلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، ئۇلار مۇشۇ شەھەر ئەتراپىدىكى غارغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇلار ئويغانماي 100 نەچچە يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، رىم پادىشاھى دىئودوسىئوس (379 — 395 ـ يىللىرى

تەختتە ئولتۇرغان)، 380 - يىلى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 392 - يىلى خرىستىئان دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن) دەۋرگە كەلگەندە بايقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۇخلاۋەرگەنمىش. تا ھازىرغىچە، ئەفسۇسنىڭ خارابىسىدە، مەلۇم شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئېتىكىدە، بۇ يەتتە يىگىت ئۇخلاپ ياتقان غار ھېلىمۇ مەۋجۇت.

يەھۇدىي دىندىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەتتەيلەن ئۇدا 700 يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يېنىدىكى بەش تىللانى ئېلىپ يېمەك - ئىچمەك سېتىۋالغىلى شەھەرگە كىرىدۇ. ئۇ بازارغا كېلىپ، بىر ئايالدىن بولكا ئېلىپ، تىللانى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ھېلىقى ئايال، تىللانى ئېلىپ، تەلۋىلەردەك ۋارقىراپ تاشلايدۇ. ھەددىدىن زىيادە چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن، بويىدىكى تونجى بالىسىنى تۇغۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، كىشىلەر: «قاراڭلار بۇ ناتونۇش يولۇچىنىڭ ئىشلەتكىنى پادىشاھلىقىمىزدا قويۇلغان تىللا ئەمەس ئىكەن» دېيىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇدىن ئويغانغان بۇ ئادەم شۇ شەھەردىكى پوپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلىپ سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇيقۇدا ياتقان يىگىتلەر ئۆزلىرىنى غار ئىچىدە بىر كېچىلا ئۇخلىدۇق دەپ ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ بۇنداق ھەيران قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان. كېيىن بۇ ئادەم پادىشاھ داسىئۇسنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ غار ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پوپ تىللانى

تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پادىشاھ داستىنىنىڭ دەۋرىدىكى تىللا ئېكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئادەمگە يول باشلىتىپ، غارغا كېلىدۇ ۋە: «سىلەر ئەندىشە قىلماي سىرتقا چىقىڭلار، جاھان ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرگەردى، ھازىر قورققۇدەك ئىش قالمىدى» دەپ تۇۋلايدۇ. بىراق ئۇيىقۇدا ياتقان يىگىتلەر غاردىن يورۇقلۇققا چىقىشى بىلەنلا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغانىمىش. بولكا ئالغىلى بارغان ھېلىقى يىگىتنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكى نامەلۇم.

بۇ رىۋايەت «قۇرئان»نىڭ 18 ـ پارىسىدا تىلغا ئېلىنىپ، مۇنداق يېزىلغان: «سىلەرچە بۇ غار ۋە رەقىم ئىگىلىرى مەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەردىكى ئاجايىپ نەرسىلەرمۇ؟» بۇ يەردە ئېيتىلغان «رەقىم» توغرۇلۇق، ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر بار. بەزىلەر بۇ ئۇيقۇدا ياتقان يەتتە يىگىت خاتىرىلەنگەن ئابىدە دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بۇ يەتتە يىگىت بىلەن غارغا بىللە كىرىپ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلغان ئىتنىڭ ئىسمى دەپ قارىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىت يەنە جەدمىر دەپ ئاتىلارمىش. «قۇرئانىنىڭ» 18 ـ پارە 18 ـ ئايىتىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىت ئىككى پۇتىنى كېرىپ غار ئېغىزىدا ئولتۇرارمىش. شۇڭلاشقا، گەرچە يەتتە يىگىت ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئىت بولغانلىقى ئۈچۈن، يات ئادەملەر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ، قېچىپ كېتەرمىش.

گېرمانىيە شەرقشۇناسى زودا بالېد مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن، ئىسلام دۇنياسىدا ئىت سادىق

مەخلۇق دەپ قارىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا، تا يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە مۇھىم خەت — چەكلەر ئۈستىگە «زاكاز خەت» دەپ يازمايى، يەلكى «جەدىمىز» دەپ يېزىش ئادىتى بار ئىدى.»

## 93. غار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان يىگىتلەر تەگۈرى تاغ ئېتىكىگە قانداق كېلىپ قالغان

يىگىتلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان غارنىڭ شىمالغا قاراپ ئېغان بىر ئېغىزى باردەك قىلىدۇ. «قۇرئان» نىڭ 18 – پارە 17 – ئايىتىدە مۇنداق يېزىلغان: «قاراڭلار، كۈنچىقىقاندا، كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چۈشىدۇ، كۈنپاتقاندا كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ سول تەرىپىدىن چۈشىدۇ، ئۇلار غارنىڭ بوش يېرىدە تۇرىدۇ» بۇ يەردە، «قۇرئان» كىشىلەرگە ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىۋېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلارنى ئاللا ئۆز پاناھىغا ئالغان. ئۇلارنى نەچچە يۈز يىل قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن ساقلىغان ۋە ئۇلارنى قوغداشقا ئىت قويغان. بىراق ئۇخلاپ ياتقان يىگىتلەرنىڭ سانى توغرىسىدا، ئادەتتە يەتتە ئادەم دېيىلىدۇ، لېكىن، «قۇرئان» دا بولسا نەچچە خىل ئېيتىلغان. 18 – پارىنىڭ 22 – ئايىتىدە مۇنداق يېزىلغان. «بىرى دەيدۇكى «ئۇلار ئۈچ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتى». بىرى دەيدۇكى: «ئۇلار بەش، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئىت» بۇلار غايىبانى گۇمانلاردۇر». يەنە بەزىلەر دەيدۇكى: «ئۇلار يەتتە، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتى»، دېسەڭكى: «رەببىڭ ئۇلارنىڭ سانىنى ياخشى

بىلدۇ». «قۇرئان» دا ئۇخلاپ ياتقان يىگىتلەرنىڭ سانى
يەتتە بولۇپ، ئىت ئايرىم ھېسابلانسا كېرەك، «قۇرئان»
دا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يىگىتلەر غاردا 309 يىل ئۇخلاـ
شان. ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرى: «بۇ
جايدا قانچە ئۇزۇن ئۇخلىغاندىمىز؟» دەپ سورىغان. يەنە
بىرەيلەن: «بىر كۈن، بەلكىم بىر كۈنمۇ بولمىغاندۇ» دەپ
جاۋاب بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 309 يىل غەپلەت ئۇيـ
قۇدا ياتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى
پۇل بازاردىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى.
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان غار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان
يىگىتلەر توغرىسىدىكى رىۋايەت، كېيىن خرىستىيان، يەھۇدىي،
ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغانلىقىدىن كەڭ
كۆلەمدە تارىلىپ كەلدى. ئالدىدا ئىمپېراتور ئالېكساندىر-
نىڭ سەددىچىن سېپىل ياساتقانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتتە
تىلغا ئېلىنغان. ئاباسلار سۇلالىسىنىڭ 9 - ئەۋلاد خەلىـ
پىسى ۋاھىت، يەتتە يىگىت ئۇخلاپ ياتقان غارنى تەكشۈـ
رۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ،
ئەينى زاماندىكى بايزانىت ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى
ئېفىسۇسقا ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا ئەۋەتىلگەن ئادەملەر
ئىچىدە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا خۋارىزمى ئىسىملىك بىر
ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك بارمىش. ئۇ، ئۇلۇغ بىر ئالىم، ئېيـ
تىشلارغا قارىغاندا، ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئەرەبچە رەقەم
شۇنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغانمىش. بۇ قېـ
تىمقى تەكشۈرۈشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى بىزگە نامەلۇم.

«قۇرئان» دا يەتتە يىگىتنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ رىۋايەت ئىسلامىيەتنىڭ بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. «قۇرئان» غا تەپسىر بەرگۈچىلەر بۇ رىۋايەت ئۈستىدە زېرىكمەي مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئەدەبىياتچىلار بولسا، بۇ ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ئەسەر يېزىپ چىقتى. مىسىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچىسى تەۋفىق ھاكىم (1903 - يىلى ئالېكساندىردە تۇغۇلغان) 1933 - يىلى نەشر قىلغان «غاردىكى ئادەملەر» دېگەن سەھنە ئەسىرى، ئىئوردانىيە پادىشاھىسى ھۆسەيىننىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ بۇنى «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە» دېگەن. مەزكۇر كىتاب بىرنەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ھەمدە فرانسۇز تىلى ۋە ئىتالىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ رىۋايەتتىن كېيىن جاي - جايلاردا يىگىتلەر ئۇخلىغان غار بىزنىڭ بۇ يەردە دەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدى. توساتتىن كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى گاباتجىيە دېگەن يەردىكىلەر: «يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان ھەقىقىي غار بۇ يەردە» دېگەن. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىئوردانىيە: «ياق، يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان ھەقىقىي غار بىزنىڭ بۇ يەردە» دېگەن. ھەتتا تېخىمۇ يىراقتىكى ئىسپانىيىمۇ: «غار بىزنىڭ بۇ يەردە» دېگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، يىپەك يولىدا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپاننىڭ شەرقىي، يەنى قەدىمىي ئىدىقۇتقا يېقىن جايدىمۇ مۇشۇنداق بىر غار بارمىش. ھازىر بۇ جاي مەشھۇر يادىكارلىق بولۇپ قالغان.

قەدىمكى ئىدىقۇت، ھازىر قاراغوجا دېيىلىدۇ. راھىب شۈەنـ

جۇاڭ ئەينى ۋاقىتتا چۈشۈپ ئۆتكەن شەھەر ئىزى ھازىرمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاببىاس دەيدىغان يەنە بىر جاي بار. ئېتىشلارغا قارىغاندا، ئاببىاس دېگەن سۆز ئېفسوس دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشىمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان ھەقىقىي غار مۇشۇ يەردە.

ئىدىقۇتنىڭ شەرقىدە قىزىلتاغ دەيدىغان بىر تاغ بار. ئۇنىڭ غەربىي ئېتىكىدە تۇيۇق دەيدىغان بىر جاي بار. يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان غار مۇشۇ تاغنىڭ سەل ئېگىزرەك يېرىگە جايلاشقان. ئۇ جايدا ئەسھابىل كەھىف دەپ بىر مەسچىت بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ھەج قىلغۇچىلارنى جەلىپ قىلماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ كوك شۇ جايغا ساياھەت قىلغىنىدا ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردىن كىشىلەر بۇ جايغا ھەجگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان.

يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان غار ئۈستىگە مەسچىت سېلىش ئىشىغا كەلسەك، بۇ ئېھتىمال «قۇرئان» دىكى خاتىرىگە ئاساسەن بولسا كېرەك. «قۇرئان» سۈرە كەھىف 21 - ئايىتىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئىش باشقۇرغۇچى دېدىكى: (بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر مەسچىت سالىمىز)».

شۇنداق قىلىپ، غار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان يىگىتلەر توغرىسىدىكى رىۋايەت تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنكى، يەنى XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئىشلار.

## 9. يىپەك يولىدىكى ئەڭ — ياۋروپا — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى گىگانت ئادەملەر، گۈزەللەر ۋە شائىرلار

### 94. يىپەك يولىدىكى كىشنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان شەھەر قايسى؟

يىپەك يولىدا قانچىلىغان شەھەر گۈللىنىش ۋە يوقى
ىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى
ئاتلىقىدىن ھازىر دېرەك يوق. ئۇلار قۇمنىڭ ئاستىدا
لدى. بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلمەس قۇشتەك نەچچە
ڭ يىللىق ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى
ىگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەنلىرىمۇ بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ
قدىرىمۇ خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش مىڭ
ر ئۆزگىرىشكە يولۇققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە زادى قايسى
ەھەر كىشىنى بەك جەلپ قىلىدۇ. بۇ مەسىلىگە جاۋاب
ردىش قىلىمىز.

— كۈچار بولسا كېرەك. كۈچار ئۆز ئالدىغا جەلپ قىلىش كۈچىنگە ئىگە بىر جاي. دەمەشق نازلىرىنى ياقتۇرىدىغانلار ئۈچۈن، دەمەشق جەننەت ھېسابلانسا كېرەك. بەزىلەر ئاللىبۇرۇن يوقاپ كەتكەن رورەن خارابىلىقىدا بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئايلىنىپ يۈرسە كېرەك، ئەلۋەتتە، يەنە بەزىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئاۋات جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىش كويىدا بولسا كېرەك.

سالاسۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە، باغدات شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ھارۇن راشىد (786 - يىلى 1 - ئايدىن 809 - يىلى 3 - ئايغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئىدى. ئۇ «مىڭ بىر كېچە» دىكى 50 پارچە ھېكايىدە ئادىل شاھ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىر تارىخىي شەخس دېگەندىن كۆرە «مىڭ بىر كېچە» دىكى بىر پېرسوناژ دېسە، كىشىگە تېخىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇ دائىم مۇنداق دەرمىش: «بۇ جاھاندا ھەممىدىن ئېسىل باغدات، راجا، لائىبىي ۋە سەمەرقەنتتىن ئىبارەت تۆت شەھەردۇر. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئۈچىدە مەن تۇرغانىدىم».

دەمەشق ھازىر سۈرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى سۈپىتىدە ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئەمما راجا بىلەن لائىبىي بولسا ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. راجا ئېفرات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر سۈرىيە تەۋەلىكىدە. ھارۇن بۇ شەھەرنى باغداتقا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ جايدا ئوردا سالدۇر-

ن. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى، بولۇپمۇ ياز كۈنلىرىنى بۇ
ايدا ئۆتكۈزگەن. بەزىلەر ئۇ باغداتنىڭ ياز كۈنلىرىدىكى
تتىق ئىسسىقتىن بىزار بولغان دېيىشىدۇ. لېكىن باشقا
ۋەبلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

لائىيى تېهراننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، يىپەك يول
نكى بىرىنچى دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ، بۇ يەردىن
ختىساسلىق كىشىلەر خېلى چىققان. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە
ەلگەندە، ئۇنىڭ نەق ئورنى توغرىسىدا خىلمۇ خىل
راشلار بولماقتا.

هارۇن خېلى قۇدرەتلىك پادىشاھ بولسىمۇ، لېكىن
ەشهۇر شەھەر سوغدىيانەدىكى سەمەرقەنتنى كۆرۈشكە
ېسىپ بولمىدى. سەمەرقەنت مۇندىن 2500
ەچچە يىل بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن دۇنيادىكى
ەڭ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى. X ئەسىردە ئۆتكەن
ەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئىبنى ھەۋجەر ھەيران قالغان
الدا مۇنداق دېگەن: «بۇ شەھەر ئىنسانىيەت پەيزى قىلـ
ان بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل
ەنزىرە، ئۇنىڭ دەل ــ دەرەخلىرى بۈك ــ باراقسان، ئورـ
ىلىرى ھەيۋەتلىك. ئۆستەڭلىرى بىر ــ بىرىگە تۇتىشىپ
ەتكەن، سۇلىرى راۋان ئېقىپ تۇرغان». بۇ تەسۋىر ھەقـ
ەتەن توغرا. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن بۇ يەرگە بىر
ەلدىم، ئۇ باھار پەسلىنىڭ تازىمۇ ئېسىل بىر چۈشلۈكى
ىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئېسىل مەنزىرىلىرى ھەقىقەتەن مېنى
ەيدا قىلدى. شۈبھىسىزكى، سەمەرقەنت يىپەك يولىدىكى
ەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ زور شەھەرلەرنىڭ بىرى.

ھارۇن راشىد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەنت شەھەردىن سوغدىيانانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان ئاسىي راخۇئىي ئىبنوررائىسنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى قوشۇن تارتىپ باغداتتىن سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىغا ئاستىرتىن ئۆزىنىڭ ھايات قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئىرانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تېئۇس (ھازىرقى مەشھەدىنىڭ ئەتراپى) قا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئاخىرى ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن يىراقتىكى توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا شۇنچە بېرىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ سەركەردىلەر ئىچىدىن ياكى ئۆز جەمەتىدىن بىرەيلەننى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنت شەھىرىنى شۇنچىكىلا بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالغۇسى بارلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قازا بولۇشى بىلەن كېيىنكىلەر بۇ سوئالدىن مەڭگۈ جاۋابسىز قالدى.

بىراق تېمۇرنىڭ بۇ شەھەرنى — ھارۇن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن شەھەرنى قايتىدىن ياساپ چىقىش بىلەن، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرلەردىن قېپقالدى. ھازىرقى سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن دالا ئافراشىد دەل ھارۇن دەۋردىكى سەمەرقەنت. مانا بۇ، ھارۇندىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۇەنجۇاڭنىڭ قەدىمى يەتكەن، شۇنداقلا ھارۇندىن كېيىن ئىبنى ھەۋجەر مەدھىيىلىگەن جاي. ئەپسۇسكى،

چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق قوشۇنى بۇ قەدىمىي سەمەرقەنت شەھىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

## 95. يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمان كىم

بۇ يەردە قەھرىمان دېگەن بۇ سۆز ئەگەر مۇۋاپىق بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۇلۇغ شاھ دېسەكمۇ بولىدۇ.

يىپەك يولىدىكى تەبىئەتلەر تولىمۇ ھەيۋەتلىك، 6000 — 7000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاتمۇ قات تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا نەچچە ئەسىرلەر بولغان قار - مۇزلار دۆۋىلىشىپ كەتكەن. مانا مۇشۇنداق تەبىئەت ئىچىدە سان - ساناقسىز مەشھۇر زاتلار يارىلىپ كەلدى.

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يايلاقلارنى بازا قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو ئۇلۇغلار، تۈبۈق دۆلىتىدىكى تىبەتلەر ۋە ئۇمايىيە سۇلالىسىدىكى ئەرەبلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كۈچ ئوتتۇرىسىدا ئورۇپ - سوقۇپ يۈرگەن تۈرگەشلەر (تۈركىي مىللەتلىرىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى) نىڭ خاقانى (پادىشاھى) سۇلۇنىڭ تارىختىكى نامى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ لېكىن، ئۇنى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر شەخس دېيىشكە بولىدۇ. مىلادى 720 - يىلىدىن باشلانغان تەخمىنەن 18 يىل ئۇنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ سوغدىيانىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەرەب قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ تۇرغان، بىر مەھەل

ئۇلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئەرەپ قوشۇنلىرىنى سۈرگۈن قىلىپ، بابولغا تەھدىت سالغان. ھەتتا مەرۋى شەھىرىگىمۇ قىستاپ بارغان.

تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر ئامال قىلالماي، يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ مەلىكە جىياۋخېنى (جىنخې مەلىكىمۇ دېيىلىدۇ) ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب تارىخچىلىرى ئۇنىڭغا «جوھۇت خاقان» دەپ نام بەرگەن. ئۇ جۇڭگو مەلىكىسىنىڭ ئېرىنىشىپلا قالماي، بەلكى تۈبۈت ۋە تۈركىي دۆلەتلىرىدىنمۇ خوتۇن ئالغان. شۇڭلاشقا ئۇ كۆپ پەرزەنت كۆرگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بىر پۇتى باسماس بولۇپ قالغان. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بەك پەخەسسىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە قارشى بىر ۋەزىر تەرىپىدىن كېچىسى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنمىش.

مەن تېمۇرنى يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى قەھرىمان سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، ئۇ سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق شەھەر كېش (قەشقەر) دە تۇغۇلغان بولۇپ، يىپەك يولىغا ھەقىقىي يەرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن جەنۇبتا ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، دېھلىنى ئىشغال قىلىۋالغان، غەربتە ئىران، ئىراقتىن كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىدۇ. شىمالدا ئۇدۇل جەنۇبىي روسىيىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. ئۇ بارغانلا يەردە سەنئەتكار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى توپلاپ سەمەر-

قەنت شەھىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ جاينى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدەك يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىدا گۈزەل بىر شەھەر تەسىس قىلىشتەك بۇ خىل غايىنى تىكلىگەن كىشى ھەقىقەتەن يىپەك يولىدىكى قەھرىمان دېگەن نامغا ئېرىشىشكە ھەقلىقتۇر.

بۇلاردىن سىرت، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق كىشىلەر چىقتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغ بەگدەك ئالىملار چىقتى. ھىندىستاندا موغول سۇلالىسىنى قۇرغان بابۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىلىرى مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە شائىر، سىياسەتچى ۋە ئەسكەرلەردىن تارتىپ ھەممىسى بار.

بابۇرنىڭ ئۆزى ئاجايىپ گۈزەل تەرجىمىھال قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ دۇنيادا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاجايىپ نۇر چاقناتماقتا. ئۇنىڭ ئەۋلادى شاھ جاھان خانىشى ئۈچۈن ئاگرادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھەشەمەتلىك تاجى ماخال قەبرىستانلىقىنى ياساتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىمپېراتور ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تالانتى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بىلەن ھىندىستان تارىخىدا تەڭداشسىز ئەرباب ئىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا تارىخچىلارنىڭ كۆچىنىڭ بارىچە تېمورنىڭ ئەۋلادلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك ئائىلە دەپ مەدھىيىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مېنىڭ تېمورنى يىپەك يولىدا تۇغۇلغان بىرىنچى قاتاردىكى شاھ دېيىشىم، ئۇنىڭ

ھاياتىغا نۇرغۇن سىر يوشۇرۇنغان. ئەلۋەتتە، تېمۇرلار شۇن-
داق بولۇپ قالماستىن، بەلكى بارلىق كىشىلەر دائىم ھەر
خىل يېشىلمەس سىرلارنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.
تېمۇرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى ئۇلۇغ ھەرىكىتى — جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىش.
1404 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇ مىڭچېڭزۇ
يۇڭلې پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جۇڭگوغا ئاشكارا ئۇرۇش
ئېلان قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى 70 كە بېرىپ قالغان.
تەن سالامەتلىكىمۇ ناھايىتى ناچارلىشىپ قالغانىدى. شۇ
ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىسپانىيە
كاستىللا دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى كىرابىخونىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ
قېرىپ، ئۆزى بىلەن سۆزلەشكۈچىنى يېقىن كەلمىسە كۆرەل-
مىگۈدەك، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، كۆزىنى ئاچقۇدەك مادارىدىن-
مۇ كەتكەندەك قىلارمىش.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شەرققە يۈرۈش قىلغان.
چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت
تەرەددۇت قىلغان. ئۇ دەھشەت سوغۇققا قارىماي، سىر دەر-
ياسىدىن مۇز كېچىپ ئۆتىدۇ. ئوترارغا كەلگەندە ئۇنىڭ
كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدۇ - دە، ئىككىنچى يىلى 1 -
ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

ئۇنىڭ جەسىتى قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان تاۋۇتقا
سېلىنىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن سەمەرقەنتكە ئەكېلىنىدۇ.
تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ئۇنىڭ قەبرىسى گۆرئەمىر دۇن-
يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرماقتا. مەن خېلى كۆپ ئۇلۇغ

ئەرباپلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان، لېكىن گۆرئەفرىنى زىيارەت قىلىنىشىدىكى ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدىم. نېمە ئۈچۈن ئۇ قېرىپ ھالى قالمىغان چاغدا يەنە بۇ خىل يۈرۈش ئېلىپ باردۇ؟ نېمە ئۈچۈن 600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى، ئۇنىڭ قەبرىسى يەنىلا كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ؟ بۇمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر سىر.

## 96. يىپەك يولىدىكى ساھىبجامال كىم

يىپەك يولىدا، تارىختىن بۇيان تۇغۇلغان ساھىبجامالار بولۇپ ئۆتكەن. ئالدى بىلەن يىپەك يولىنىڭ شەرقتىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولغان چاڭئەندە ئۆتكەن ئېسىل خانىش ياڭ تەيجىننى (ياڭ گۇيفېي) سانايمىز. يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان مىسىردىكى ئالېكساندىردا ئۆتكەن كلېئوپاترا مانا بۇلارنىڭ يەنە بىرى. خانىش ياڭتەيجىن بىلەن كلېئوپاترالار شەرق ۋە غەربنىڭ تەڭداشسىز ساھىبجامالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەتتا بىر جۈپ ھەرۋايىت دەپ نام ئالغان. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش شەرق - غەرب ساھىبجامالىرىنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان ھۆسنى - جامالىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ھەقىقەتەنمۇ تەس.

ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ قايسىسى بۇ شۆھرەتكە ئېرىشەلەيدۇ؟ بارچە گۈللەر ھۆسن تالىشىۋاتقان بۇنداق ھالدا مېنىڭچە پالمىرانىڭ ئايال پادىشاھى زېنوبىيا ئەڭ گۈزەل ساھىبجامال دېگەن نامغا مۇناسىپ.

پالمىرا — سۇرىيە چۆلىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان بوستانلىق شەھەر. بۇ شەھەر سودا كارۋانلىرىنىڭ ئىراق ۋە سۇرىيە ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ يۈرگەنلىكىدىن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. ئۇ ھەم شەرق — غەرب سودا يولىدىكى مۇھىم شەھەر بولغانلىقىدىن گۈللىنىپ كەتكەن.

گرېكلەر ياكى رىملىقلار ياسىغان يۇمىلاق تاش تۈۋرۈكلەر قاتار تىزىلغان كوچىلار شەھەرنىڭ غەرب ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇتخانا ۋە ئوردىلارنىڭ ئىزلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئاۋاتلىقىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. زېنوبىيانىڭ ئېرى ئودېناتوس ئەرەب ئىدى. ئۇ پارس ساسانىلار سۇلالىسى بىلەن رىملارنىڭ قارشىلىشىشىدىن پايدىلىنىپ مىلادى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پالمىرانى ئاساسىي جەھەتتىن مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئۆزى مىلادى 267 — يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن زېنوبىيا ھاكىمىيەت بېشىدا بولىدۇ. ئۇ ياشقىنا تۇل خوتۇن ئىدى. تارىخچىلار مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «ئۇ جاسارەت جەھەتتە ئېرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىغا ھېچبىر شەرق ئايالى تەڭ كېلەلمەيتتى ھەمدە ئۇ ئىنتايىن گۈزەل ئىدى».

ئۇ مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھسى كلېئوپاترانى ئىززەتلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز ئىقتىدارىنىڭ بۇ ئايال پادىشاھدىن قېلىشمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ تەخمىنەن 7000 كىشىلىك قوشۇننى مىسىرغا ئەۋەتىپ ئۇ يەرنى ساقلاپ تۇرغان رىم قوشۇنىنى تارمار قىل-

دۇ ۋە دەرھال كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆردى.

رىم پادىشاھسى ئاۋرېلىيا (270 — 275 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ماھارەتلىك ھەربىي ئەرباب ئىدى. ئۇ زور قوشۇن تارتىپ، پالمىرا قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ، زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئايال پادىشاھ شەھەردە بەش ئاي قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۆزى يالغۇز شەرققە سەپەر قىلىپ، چۆللۈكنى كېسىپ پارس ساسانىلار سۇلالىسىدىن ياردەم سوراپ باردى. ئۇ ئېفرات دەرياسىغا يېتىپ كېلىپ، پارس قوشۇنلىرى تۇرغان جايغا ئاز قالغاندا، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن رىم ئاتلىق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە رىم پادىشاھى ئاۋرېلىيا نوسىنىڭ بايانى بۇ مەسىلىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «زېنوبىيانىڭ قانداق بىر شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار شۇنى چوقۇم بىلىدۇكى، مەن مۇشۇنداق بىر ئايالنى رىقابەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشىم، ھەقىقەتەن مانامەن دېگەن ئەرلەر، ھەتتاكى قابىلىيەتلىك سەركەردىلەر بىلەن ئېلىشقىنىمدىن تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە».

غورۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان زېنوبىيا ئەسىر سۈپىتىدە رىمغا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇنىڭ بويىنى ۋە پۇت قوللىرىغا ئالتۇن كىشەن سېلىنىدۇ. ئۇ گويا تاۋار - دۇردۇن ۋە ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەندەك تۇراتتى. ئۇ خەلقى ئالەم ئالدىدا جەڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ، رىم قوشۇنىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تارىخچى مۇنداق دېگەن: «ئايال پادىشاھنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى كىشىنى مەس قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نازاكەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى مەرۋايىتتەك، ئاۋازى بەئەينى ئالتۇن قوڭغۇراق. لېكىن گەپلىرى شۇنچە تەمكىن».

بىراق بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ رىمغا بېرىش يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەنمىش. زېنوبىيا ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ پالمىرانىڭ ۋە يىپەك يولىدىكى بۇ ئايال پادىشاھ، يەنى تەڭدىشى يوق ساھىبجامال زېنوبىيانىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىز مەڭگۈ بىلەلمەيمىز.

## 97. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ ئالىم كىم

يىپەك يولىدا ئۆتكەن ئالىملارنى تونۇشتۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن ئىش، چۈنكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى بېيىتقان چوڭ ئالىملار يىپەك يولىدا، گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ. ئەگەر يىپەك يولى بويلىرىدا تۇغۇلغان ئالىملار ھېساب قىلىنمىسا ئۇ ھالدا دۇنيانىڭ ئىلىم تارىخى غازاڭ بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پارلاقلىقىنى يوقىتىپ، خىرەلىشىدۇ.

يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئالىملار ئۆز ساھەلىرىدە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىش تەس. بەزىلەر خارازىمدا تۇغۇلغان چوڭ ئالىم بېرۇنىنى (1048 - يىلى ۋاپات بولغان) مەدھىيىلەيدۇ. بەزىلەر سىر

دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئوترار دېگەن يەردە تۇغۇلغان پەيلاسوپ فارابى (950 - يىلى ۋاپات بولغان) غا ئېھتىرام بىلدۈردۇ.

مېنىڭچە بۇخارا ئەتراپىدا تۇغۇلغان ئابۇ شىنارى بىلەن بۇخارا شەھىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە ئوقۇغان ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن ئىبىن سىنا (ئادەتتە ئىبىن سىنا دېيىلىدۇ، ياۋروپالىقلار ئاۋىسىنا دەيدۇ. 1037 — 980 - يىللىرى) يىپەك يولىدا تۇغۇلغان ئەڭ چوڭ ئالىم دېگەن نامغا مۇناسىپ. بىراق بىر شەخسكە باھا بېرىش، بولۇپمۇ ئىلىم جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇنى دەپ ئۆتەيكى، مېنىڭ قارىشىم ئابستراكت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

باشقا ئالىملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىبىن سىنانىڭ ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى، ھەتتاكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىك ئىشلارمۇ ناھايىتى ئېنىق. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە ئۇ 30 يېشىدىن كېيىن تەرجىمىھال يېزىشنى توختاتغان. 30 يېشىدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇنىڭ تالىپى ئاچياۋچىنى تەپسىلىي يېزىپ چىققان.

ئىبىن سىنا بالىلىق دەۋرىدىلا ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئىدى، ھەتتا ئۇنى ئەۋلىيا بالا دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئون يېشىدا قۇرئاننى يادقا بىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پىششىق بىلگىنىگە كىشىلەر ھەيران قالاركەنمىش. كېيىن ئۇ گرېك پەلسەپىسى، لوگىكا ۋە گېئومېترىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. ئېۋكلىد گېئومېتر-

ۋېنىستىنى، پەقەت ئەسلەپكى ساۋات دەرسلىكىدىكى بەش ــ ئالتە
گېئومېترىك شەكىلنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇستەقىل
ھالدا مەسىلىلەرنى يېشەلەيدىغان بولغان.

ئۇ تىبابەتچىلىكنى ئۆزى ئۆگەنگەن ۋە بۇ ئىلىمنى
ئىگىلەش تەس ئىش ئەمەس دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ
ئۇ كېسەللەرنى داۋالاپ ئاتاقلىق دوختۇرلارنى ھەيران قال-
دۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە قانۇن ئۆگەن-
گەن ۋە قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قى-
لىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تىبا-
بەتچىلىك ۋە قانۇن قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەندە
ئۇ ئەمدى تېخى 16 ياشقا كىرگەن ئىكەنمىش. ئۇ شۇن-
داق تىرىشىپ ئۆگىنىدىكەنكى، كېچىلىرىمۇ بىرەر قېتىم تو-
زۇكىرەك ئۇخلاپ باقمىغان. ئۇ ئۆگىنىشتە بىرەر قىيىن مە-
سىلىگە دۇچ كېلىپ قالغىنىدا مەسچىتكە كىرىپ ئاللاغا دۇئا
قىلىدۇ. كەچلىرى شام يورۇتۇپ قويۇپ ئۆگىنىدۇ. چارچاپ
كەتكىنىدە، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر قەدەھ
مەي ئىچىۋالىدۇ. ھەتتا ئۇ ئۇخلاپ قالغان چاغلىرىدىمۇ،
چۈشىدە پىكىر يۈرگۈزەرمىش. شۇڭلاشقا بەزەن قىيىن مە-
سىلىلەر چۈشىدە ھەل قىلىنغانىكەن. ئۇ ئارستوتېلنىڭ
«مېتافىزىكا» دېگەن كىتابىنى 40 قېتىم ئوقۇپ چىققان.
پۈتۈن كىتاب ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كىتابنى
چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەن. بىر كۈنى ئۇ سەيلە قىلىپ
يۈرگىنىدە، بىر كىتابپۇرۇشنىڭ كونا كىتابلارنى ئەرزان
باھادا سېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۈچ كۈمۈش تەڭگى-
گە فارابىنىڭ مېتافىزىكىغا شەرھى بەرگەن بىر كىتابىنى

سېتىۋالىدۇ، بۇ كىتابنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇرۇن چۈشىنەلمىگەن قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋالغان.

بۇخارا پادىشاھى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغىنىدا ئوردا دوختۇرلىرى ھېچبىر ئامال قىلالمايدۇ. ئۇلار ئىبىن سىنانىڭ كېسەل داۋالىيالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ پادىشاھنىڭ كېسىلىنى پۈتۈنلەي ساقايتقانىمىش.

ئۇ 18 يېشىدا زامانىمىزدىكى كەڭ تارقالغان بارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ بولغان.

22 يېشىدا ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات بولىدۇ. ئۇ بولسا بۇخارا پادىشاھىنىڭ مۇھىم خىزمىتىدە بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىغا ئۇچراپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنىمىش. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئىسفاخان پادىشاھىغا ۋەزىر بولغان. ئاخىرىدا ئاشقازان راكىدەك بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ 50 نەچچە يېشىدا ھەمەداندا قازا بولغان. ئاخىر بۇخاراغا ھايات قايتالمىدى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرى ئىچىدە بولۇپمۇ مېدىتسىنا بىلەن پەلسەپە دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە دەپ قارالغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تىببىيەت ئاساسلىرى» XII ئەسىردىن كېيىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن. تا XVI ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپا مېدىتسىنا ساھەسى ئىبىن سىنانىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان. ئىبىن سىنانىڭ ياۋروپا

مېدىنىسىنا ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان.

ئىبىن سىنانىڭ تومۇر تۇتۇش كاراممىتى ئۇنىڭ تىبابەتچىلىكتىكى بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تومۇر ئىلمى جۇڭگودا ئالىلىبۇرۇنلا تەرەققىي تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئىبىن سىنا جۇڭگونىڭ تومۇر ئىلمىدىن پايدىلانغان بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. ئىبىن سىنا جۇڭگونىڭ تومۇر ئىلمىنى ئۆگەنگەنمۇ ـ يوق؟ ئۆگەنگەن بولسا قانداق يوللار بىلەن ئۆگەنگەن؟ بۇمۇ يىپەك يولىدىكى يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە.

## 98. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ شائىر كىم (1)

يىپەك يولىدا تۇغۇلغان ئەڭ چوڭ شائىر كىم؟ كىم بۇ سوئالغا ئويلانماستىنلا جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ئالدى بىلەن شەرقتىكى جۇڭگودا كۆپلىگەن شائىرلار بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە.

تاڭ سۇلالىسى تازا گۈللەنگەن دەۋردە «شېئىرىيەت پىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان لى بەيىنى مىسالغا ئالساق: ئۇ چاڭئەندىكى شۈەنزۇڭ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن مەشھۇر شەخس، شۇنىڭ ئۈچۈن يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. شائىرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يىپەك يولى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە. سۈييانگدىنىڭ دايې يىللىرىدا (605 — 617) لى بەيىنىڭ بوۋىسى غەربىي رايونغا سۈرگۈن قىلىنىپ، تەگرى تېغىنىڭ

شىمالى، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا رايونىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر سۇيابتا (ھازىرقى سو-ۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان فرونزى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى چۇ دەريا ۋادىسىدا) ئولتۇراقلاشقانمىش. بۇ قەلئەسى بار بىر شەھەر ئىدى. بىراق تاڭ سۇلالىسى سۇياب شەھى-رىنى پەقەت 20 نەچچە يىللا سوراپ تۇرالىدى. 703 - يىلى چېكىنىپ چىقتى. بۇ چاغدا لى بەينىڭ دادىسى ئۆز يۇرتى سىچۇەن ئۆلكىسىگە قايتىپ كېلىپ بولغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لى بەي تەكرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى سۇياب شەھىرىدە تۇغۇلغان بولسا كېرەك. بىراق سىچۇەنگە يېتىش يولىدا تۇغۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ پىكىرنى ئەنگلىيىلىك ۋالىي ئاسپ («گېنجى قىسسىسى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى) ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىش زادى شۇنداقمۇ يوق، ھازىرچە مۇقىم جاۋاب يوق. لېكىن لى بەي جەمەتىنىڭ غەربىي رايوندىن قايتىپ كەلگەنلىكىدە گەپ يوق.

ئەگەر يېقىنقى يىللاردا ئەڭ غەربىي زېمىن دېسەك، ئۇ يەردە ئەلۋەتتە نۇرغۇن شائىرلار بولۇپ ئۆتكەن. سۇرىيە، ئىراق قاتارلىق ئەرەب رايونلىرىمۇ ئەزەلدىن شائىر چىقىدىغان جاي. بولۇپمۇ باغدات قاتارلىق جايلار ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدا نۇر چاقنىتىپ تۇرغان شائىرلار جەم بولغان جايلار ئىدى. دەجلە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قاتناش يولىدا ئابۇنۇۋاس كوچىسى دەپ ئاتالغان بىر كوچا بار. بۇ كوچىغا شائىر ئابۇنۇۋاسنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. ئابۇنۇۋاس IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خەلىپە

ئوردىسىدا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن مۇھىم شەخس بولۇپ، ئۇ ھاراق - شاراب ۋە ساھىبجاماللارنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى لى بەينىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

تارىختىكى سوغدىلار يېرىگە، يەنى ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستانغا بېرىپ قالساق، مەيلى بۇخارادا بولسۇن، مەيلى سەمەرقەنت ياكى تاشكەنتتە بولسۇن ئۇلۇغ تۈرك شائىرى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ (1441 — 1501 - يىللىرى) ئىسمىنى ئاڭلايمىز ياكى كۆرىمىز. تاشكەنت مېھمانخانىسى ئالدىدىكى مەيداندا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان چوڭ تىياتىرخانا سېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەردە داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن.

بۇخارادا، يەنى رۇداكىي دەقىقى قاتارلىق پارسچە يازىدىغان شائىرلارمۇ ئۆتكەن. «تۆت نۇتۇق» دېگەن قىزىقارلىق كىتابنى يازغان شائىر نىزامى گەنجەۋىي بولسا سەمەرقەنتلىك شائىر.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يىپەك يولىدىن شائىر تاللاش ناھايىتى تەس ئىش. بىراق شۇنچىۋالا ئۇستىكارلار ئىچىدىن تۆۋەندىكى شەخسنى يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ شائىر بولۇشقا مۇناسىپ دەپ كۆرسەتسەم قارشى پىكىر چىقماس. ئۇ بولسىمۇ 60 مىڭ مىسرالىق داستان «شاھنامە»نى يازغان پىردەۋسىي. ئىرانلىقلار ئۆز ۋەتىنىدە شۇنداق بىر شائىر چىققىنىدىن پەخىرلىنىدۇ.

پىردەۋسىي مىلادى 940 - يىلى ياكى 941 - يىلى

ئىراننىڭ شەرقىدىكى فىردائۇس ئەتراپىغا جايلاشقان باز كەنتىدە بىر مۆتىۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئىران VII ئەسىردىن كېيىن ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ بىر مەھەل ئىسلام دىنىي ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسىگە ئۇچرىغان. بىراق قانداق بولمىسۇن ئۇلار يۈكسەك قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت - دە. X ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ مىللىي روھى روشەن ھالدا قايتا گۈللىنىشكە باشلىدى، ئۇلار يېقىنقى زامان پارس تىلىنى قوللىنىشتەك ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىراننىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە رىۋايەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

پىردەۋسىي مىللىي روھنىڭ قايتا گۈللىنىۋاتقان ۋەزىيەتتىن خۇرسەن بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش شائىر دەقىقىي شۇ ۋاقىتتا ئىران مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تارىخىنى داستان قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. بىراق 980 - يىلى دەقىقى ئۆز قۇلى تەرىپىدىن توساتتىن قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىردەۋسىي دەقىقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ئىشنى ئورۇنلاش جاسارىتىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ 40 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى.

«شاھنامە» نىڭ ئىجادىيىتى مانا شۇنداق باشلانغان.

پىردەۋسىنىڭ بەختىگە يارىشا ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كەتكۈدەك مۈلكى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىجادىيەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بولدى.

ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەسرەت ئىچىدە مۇنداق دېگەن:
«30 نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ، 70 ياشقىمۇ كىرىپ قاپتىمەن، بىراق تالاچىمۇ ھەق ئېلىپ باققىنىم يوق».
1010 - يىلى ئەتراپىدا 60 مىڭ مىسرالىق داستان پۈتۈپ چىقتى.
شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. 1012 - يىلى ئۇ 80 يېشىدا فىردا ئۇس شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**99. يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ شائىر كىم (2)**

ئۇ ھازىر پۈتۈن ئىران خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر مىللەت سىمۋولى بولۇپ قالدى. تېھراندا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كوچا بار، كىشىلەر بۇ يەردە ئۇنىڭ مىسى ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتى ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكەن.
ئۇ ۋاپات بولۇپ 130 نەچچە يىلدىن كېيىن سەمەرقەنتتە دۇنياغا كەلگەن شائىر نىزامى گەنجەۋىي «تۆت نۇتۇق»نى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن ماقالىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن پىردەۋسىينىڭ ئىش ئىزلىرى تەپسىلات قىلىنغان ئەڭ بالدۇرقى يازما خاتىرىلەر دەپ قارالماقتا.
ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب مەزمۇن جەھەتتە بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەمەلىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا نىزامى گەنجەۋىي 1116 - يىلى دىئوسقا كېلىپ پىردەۋسىي قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر گۇمان بار: پىردەۋسى زادى نېمە مەقسەتتە ئۆز ئىشى ئۈچۈن نەچچە ئون يىل قان تەر سىڭدۈرۈپ ئىشلىگەن؟ نىزامىتىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بۇ داستاننى مەلۇم بىر پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، ئىنئام ئېلىپ، قىزىغا مىراس قالدۇرماقچىكەن.

چۈنكى ئۇ چاغلاردا تېخى قەلەم ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەۋر بولمىغاچقا، شائىرلار ئادەتتە ئۆزلىرىگە ماددىي يۆلەنچۈك تېپىش ئۈچۈن ئەسەر يازاتتى ۋە ئىنئام ئالغان پۇلغا تايىنىپ جان باقاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇخارانى پايتەخت قىلىپ، ئەدەبىيات سەنئەتنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سامانىلار سۇلالىسى يىمىرىلىپ، ئافغانىستانغا قوشنا بولغان كاشىنلار، يەنى تۈركلەر تەسىس قىلغان كاشىنلار سۇلالىسى گۈللەنگەندى. شۇ چاغدىكى پادىشاھ مۇھەممەد (998 — 1030 - يىللىرى تەختتە بولغان) دائىم ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن بايلىق ئولجا ئالغان، شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. گەرچە ئۆزى قاراقورساق ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئوردىسىغا نۇرغۇن ئالىملارنى يىغىۋالغان. ئۇ شائىرلارنىڭ ئۆزىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى يېزىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىگە يېقىپ قالغان ئەسەرلەرگە كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە پۇل ئىنئام قىلاتتى. ھەربىر مىسرا شېئىرغا بىرنەچچە ئالتۇن تەڭگە ئىنئام قىلىدىغان ئىش دائىم ئۇچراپ تۇراتتى.

پىردەۋسىنىڭ مۇھەممەد شاھقا دەسلەپكى قارىشى قانداق بولغان، بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن مۇھەممەد شاھنىڭ

باش ۋەزىرى ئىسفارايىنى پىردەۋسىنىڭ تالانتىنى قەدىر-
لەپ، پادىشاھقا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ تونۇشتۇرغاندىن
كېيىن، ئۇ مىسكىن جاپادا يېزىپ چىققان «شاھنامە» نىڭ
قول يازمىسىنى ئېلىپ كاسىنغا كېلىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇ داستانىنى پادىشاھقا سۇنغان چاغدا، باش
ۋەزىر ئىسفارايىنى سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ قەستىشى بىلەن
ئۆز مەرتىۋىسىدىن ئايرىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ
ئۆمۈر بويى قىلغان ئەجرىمۇ بېسىلىپ قالدى. پىردەۋسى
ئۆزى مۇنداق دېگەن: «پادىشاھ داستانىمغا قاراپمۇ قوي-
مىدى. بەتنام ۋەجىدىن بېشىمغا بالا تەگدى». نىزامىنىڭ
ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئەسلىدە بىر مىسرا شېئىرغا بىر ئالتۇن
تەڭگە بەرمەكچى بولغان. لېكىن كېيىنچە بىر مىسرا شېئىرغا
بىر كۈمۈش تەڭگە بېرىشكىمۇ قىيىمىغان.

ئۇنىڭغا قانچىلىك ھەق بېرىش توغرىسىدا پادىشاھ
سابىق باش ۋەزىرنىڭ سىياسىي رەقىبلىرى بىلەن كېڭەشكەن:
«50 مىڭ كۈمۈش تەڭگە بەرسەك بولدى»، «بۇمۇ ئارتۇق
كېتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ غەيرىي ئەقىدە ئىكەنلىكىگە تولۇق
ئىسپات بار». نەتىجىدە پادىشاھ ئۇنىڭغا ئاران 20 مىڭ
كۈمۈش تەڭگە بەرگەن.

«30 يىللىق مېھنەتنىڭ بەدىلى مۇشۇ بولدىمۇ؟»
پىردەۋسىنىڭ دەھشەت غەزىپى كەلدى، ئۇ سەداپقا كىردى.
يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قەدەھ پىۋە ئىچتى — دە،
پادىشاھ بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى دۇمبىسىنى سۈرتۈپ
قويغۇچى مالاي بىلەن پىۋا ئەكىلىپ بەرگۈچى ما-
لايغا بۆلۈپ بېرىپ، شۇ ئاخشىمى كاسىندىن قېچىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كەتمىدى. چۈنكى ئۇ مۇھەممەدنىڭ ۋەھشىيلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ھىراتتا ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ ياتتى. دېگەندەك پادىشاھنىڭ پايلاقچىلىرى ئۇنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن دەرھال فىردائوسقا يېتىپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇلار قۇرۇق قول قايتتى.

نەچچە يىلدىن كېيىن، مۇھەممەد ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ يېنىش يولىدا، ئۇ كىشىلەردىن پىردەۋسىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ 60 مىڭ ئالتۇن تەڭگە قىممىتىدە ھىندى نىل بوياقىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈردى. ھىندى نىل بوياقى ئارتىلغان تۆگە كارۋىنى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، فىردائوسقا كېلىپ فىردەۋسىي ئولتۇراقلاشقان تابارات رايونىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىشىگە جىنازا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلارغا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. جىنازا ئىچىدە ياتقان كىشى دەل قىلغان ئەجرىگە ھەق ئالالمىغان پىردەۋسىي ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە پىردەۋسىي غەيرىي دىنىي ئېتىقادتا چىڭ تۇرغانلىقىدىن، ئۇنى بۇ شەھەردىكى ئىسلام مازارلىقىدا دەپنە قىلىشقا يول قويمىغان. ئاخىر ئۇنى ئۆزىنىڭ بېغىغا دەپىن قىلىشقا توغرا كەلگەن.

ھىندى نىل بوياقى ئاپارغۇچىلار ھىندى نىل بوياقىنى پىردەۋسىينىڭ ئارزۇ قىزىغا سوۋغا قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىنغان. نىزامىنىڭ ئېيتىشىچە، نەتىجىدە بۇ نەرسىلەر فىردائوستىكى مەلۇم بىر

كارۋان سارىيىنىڭ ئوق خىراجىتى بولۇپ كەتكەن.

يۇقىرىقى ۋەقەنى گەرچە بەزىلەر پۈتۈنلەي راست بولۇشى ناتايىن دېيىشمۇ، لېكىن پىردەۋسىي ئۆزىنىڭ ئۈچمەس داستانىنى كاسىنىڭ ئۆكتەم پادىشاھىغا سۇنغىنى ۋە ھېچبىر نەپ ئالالمىغانلىقى پۈتۈنلەي راست.

پىردەۋسىيدەك ئالەمشۇمۇل بىر تالانت ئىگىسى مۇھەممەتتەك بىر رەزىل ئادەمنى تونۇپ يېتەلمەسمۇ؟ بۇ بەلكىم تالانتلىقلارنىڭ بىپەرۋالىقى بولسا كېرەك! مانا بۇلارمۇ يىپەك يولىدا يېشىلمەي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر.

# يىپەك يولىغا مۇناسىۋەتلىك يىلنامە

## مىلادىيىدىن بۇرۇن

3000 - يىل سومېر دەۋرى (— 2750 —) 2580 - يىل ئاكاد دەۋرى.

1600 - يىل گىد پادىشاھلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى

700 - يىل ئاسسورىيە دۇنياۋى ئىمپېرىيە بولدۇ (پايتەختى نىنەۋىيە).

660 - يىل زورو ئاستېر دىنى تەسىس قىلىندۇ (583).

556 - يىل بۇددا دىنى تەسىس قىلىندۇ (— 486 —).

525 - يىل پېرسىيە ئاخېمىنىد سۇلالىسى، ئىران ۋە ىسوپوتامىيە بىرلىككە كېلدۇ

334 - يىل ئىمپېراتور ئالېكساندر ئاسىياغا يۈرۈش قىلدۇ.

331 - يىل ئالېكساندرىيە شەھىرى تەسىس قىلىندۇ.

327 - يىل ئىمپېراتور ئالېكساندرنىڭ يىراققا يۈ- ۋش قىلغان قوشۇنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ىندى دەريا بويى) غا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىندۇ. (325 —).

323 - يىل ئىمپېراتور ئالېكساندر بابىلدا ۋاپات لدۇ.

209 - يىل ھون (موڭغۇل) مۇدو تەڭرىقۇت تەختكە ئولتۇردۇ (— 172 —).

139 - يىل خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى (ئۇلۇغ ياۋچىلار).

104 - يىل لى گۇاڭلى فەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولدى.

102 - يىل لى گۇاڭلى فەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

77 - يىلى خۇجېزى (خەن سۇلالىسى) روۋەن شاھىنى ئۆلتۈرۈپ، بىلىكخان تۇرغۇزۇپ روۋەننىڭ نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتتى.

2 - يىلى بۇددا دىنى جۇڭگوغا تارقىلىپ كىردى («قىسقىچە ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە).

## مىلادىدىن كېيىن

76 - يىلى كېيىنكى خەن سۇلالىسى، بەنچاۋ غەربىي رايوننى باشقۇردى (— 102 —). گاندارا سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى.

226 - پەرسىيە ساسانىلار سۇلالىسى قۇرۇلدى (پايتەختى ستەيشفىن).

366 - يىلى شامانالىغۇ دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيىنى يا-
ساشنى باشلايدۇ.

399 - يىلى فا شيەن ھىندىستانغا ساياھەت قىلىپ،
«بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» نى يازدۇ (— 414 —).

531 - يىلى پىرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەن-
گەن دەۋرى (قوسراۋ 1. نونارۋان شاھ).

610 - يىلى رۇسۇلۇللاغا ۋەھىي چۈشۈپ پەيغەمبەر
بولدۇ (ئىسلام دىنى تەسىس قىلىندۇ).

629 - يىلى شۈەنجۇاڭ ھىندىستانغا ساياھەت قىلىدۇ
(«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت») (— 645 —).

630 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قان تۆكمەس-
تىن مەككىنى بويسۇندۇردۇ.

642 - يىلى تالاس ئۇرۇشىدا، تاڭ سۇلالىسى ئىسلام
قوشۇنىغا يېڭىلىدۇ. ئىسلام كۈچلىرى غەربىي رايونغا
سىڭىپ كىردۇ. قەغەز ياساش تېخنىكىسى غەربكە تارقايدۇ.

781 - يىلى «روماجىڭجياۋ دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقال-
غان ئابىدىسى» تىكلىنىدۇ (نېستورى مەزھىپى).

1020 - يىلى سالجۇقلار كۆتۈرۈلىدۇ.

1099 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ
يۈرۈشى باشلىنىدۇ.

1155 - يىلى تېموچىن (چىڭگىزخان) دۇنياغا كېلىدۇ.

1169 - يىلى تېموچىن (چىڭگىزخان) موڭغۇل ئىمپې-
راتورى بولىدۇ.

1206 - يىلى تېموچىن موڭغۇللىيىنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، چىڭگىزخان دەپ نام ئالىدۇ.

1291 - يىلى ماركوپولو شەرققە سەپەر قىلىدۇ
(— 1295 —).

1369 - يىلى تېمور ئەربىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ، تېمور ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ (پايتەختى سەمەرقەنت).

1405 - يىلى تېمور شەرققە يۈرۈش قىلغىنىدا ئوت-
راردا قازا بولىدۇ.

**丝绸之路的99个谜**
（维吾尔文）
艾尔肯　译
责任编辑：艾克拜尔·艾力

新疆青少年出版社出版　（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　10印张
1986年4月第1版　1987年3月第3次印刷
印数：8.151—12.200
ISBN7-5371-0040-3/K-8

统一书号：M11124·18　定价：0.90元